

2012.4

* ئايېلىسىن يوپۇرمىقى
* بىر ئادەمنىڭ غېرىبلىقى
* شېئىر — مېنىڭ پەرۋازىم
* زاماندىن زامانغا ئاقىدۇ ئەركەك
* يېزا ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېزا بىروزچىلىقى

# كۇسەن مەدەنىيىتى

龟兹文化 KUSAN CUTURE

# «تارىم باھارى» ئەزىز نامان نامىدىكى ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تارقىتىش مۇراسىمى كۇچا ناھىيەسىدە ئۆتكۈزۈلدى















پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 18 - قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان، داڭلىق يازغۇچى مويەن ئەپەندى «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا نائىل بولۇپ، جۇڭگو ئەدىبلىرىنىڭ 100 يىللىق ئارزۇسى ۋە چۈشى رېئاللىققا ئايلىنىپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ يېڭى بىر گۈللىنىشتىن بېشارەت بەرگەن خاسىيەتلىك ئالتۇن كۈزدە ئاقسۇ ئەدەبىياتىنىڭ «تارىم باھارى» ئەزىز نامان نامىدىكى ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تارقىتىش مۇراسىمى 2012 - يىلى 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كۇچادا ئۆتكۈزۈلدى.

مۇراسىمغا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ بىر شەھەر، سەككىز ناھىيەسىدىن كەلگەن ئەدىب - سەنئەتكارلار، يازغۇچى - شائىرلار، تەرجىمانلار، مۇھەررىرلەردىن بولۇپ 100 گە يېقىن كىشى قاتناشتى. ئىككى نۆۋەتلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئاپتورلار: رۇقىيە ئابدۇللا، پاتىگۈل نىياز، ھەبىبۇللا مىجىت، ئابباس مۇنىياز، تۇرغۇن مىجىت قاتارلىق سەككىز نەپەر يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرى «تارىم باھارى» ئەزىز نامان نامىدىكى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى.

يىغىن ئاخىرىدا ياش شائىر «تارىم باھارى» ئەزىز نامان نامىدىكى ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تەسىس قىلغۇچى ئەزىز نامان ئەپەندىگە گۈل تەقدىم قىلىش ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى يازغۇچىلارنىڭ يېڭىدىن نەشر قىلىنغان كىتابلىرىنى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

— نىياز راخمان فوتۇسى



# كۇسەن مەدەنىيىتى

پەسىللىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

# 2012.4

(ئومۇمىي 31 ـ سان)



كۇچا ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى،
كۇچا ناھىيەلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى چىقاردى
«كۇسەن مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى






# كۇسەن مەدەنىيىتى

ئەسلىلىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

2012 ـ يىل 4 ـ سان (ئومۇمىي 31 ـ سان)


## بۇ ساندا


### كۇسەنشۇناسلىق تەتقىقاتى

گېرمانىيەلىكلەرنىڭ قىزىل مىڭئۆيىنى تەتقىق قىلىش ئەھۋالى ..........
.......... چاۋ خۇاسەن. تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن تەرجىمىسى 4
قەدىمكى كۇسەن بەگلىكى قۇيۇپ تارقاتقان مىس پۇللار ...... مۇھەممەد تۇراپ 64

### كۇسەن لۇغىتى

تارىخشۇناس، شائىر مەھتىمىن بائىزى ھەققىدە .............. قاھار نىياز 17
بېھىشباغ يېزىسىدىكى بىر قىسىم يەرناملىرى ..............قەيسەر كېبىر 19
كۇسەن قەدىمكى كېچىككەگە سىلىنغان بىر قانچە قېتىملىق كۆۋرۈكلەر توغرى-
سىدا .............................. تۇنىياز ئىمىن 95

### تارىختىن سۆز

تۈركىي خەلقلەر ئېپوسىدىكى قەھرىمانلارنىڭ سەپەرگە ئاتلىنىش موتىفى
ھەققىدە .............................. مېھرىبان نىياز چوغلۇق 22
ئۇيغۇرلاردا داستىخان مەدەنىيىتى .............. مەنسۇرجان تۇرسۇن 97
پالتاخۇن ھەققىدە ھېكايە .............. ئابدۇرەئۇپ نىياز داموللام 102

### پىروزا كۆزنىكى

ئاپىلسىن يوپۇرمىقى .............. (ھېكايە) .... تۇرسۇن ئابدۇللا بەگيار 27
مېھمانغا بېرىش .............. (ھېكايە) .............. ئابلىكىم سابىر 32
مۇھەببەت، جاۋابىڭ نېمە ....... (ھېكايە) ......... ئەزىز ئىمىر يانغىن 69

### گۈلدەستە

زاماندىن زامانغا ئاقىدۇ ئەركەك .......... ئەخمەتجان تۇرۇپ بەگتۇرك 34
ئىككى غەزەل .............................. مۇھەممەت قېيۇم 36
شۇ جىمجىت كوچىلار قالدى ئۆزۈمگە .............. ئېزىز نامان 36
كۆزلىرىمدە ئاقارسەن بەلكىم .............. ئالاھىدىن ئابدۇرېشىت 37
قەمەرنىڭ ئاۋازى .............................. ئاتىكەم سىدىق ئايقۇت 39
سەھەرنىڭ مەڭزىدە نۇر دەريا .............. ئەكرەم ئابدۇمىجىت 40
بىر ئادەمنىڭ غېرىبلىقى .............................. ئابابەكرى توختى 79
ئاي يورۇتقان گۈڭگا كېچىدە .......... ئارزۇگۈل مۇھەممەت (پىنھانە) 81
شېئىر ـــ مېنىڭ پەرۋازىم .............. ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرە 82
ئىچىمدىكى مىڭ يىللىق دەريا .............. ئالىمجان قاسىم 84



مەسلىھەتچىلەر:
قۇربان مامۇت
قاھار نىياز
تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن
ئەركىن نۇر
ئالىم خالىدىن

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى:
يۈسۈپجان مۇھەممەت

تەھرىر ھەيئەت مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:
ئادالەت ئابدۇرېشىت
جالڭ ۋېنيۈەن
نۇرئالىم مۇھەممەت

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئابلىكىم ئەبەيدۇللا، ئابدۇللا مۇھەممىدى ئەرتەن، ئەنۋەر ئابدۇرازاق، ئەخمەت كېبىر، ئەھەد داۋۇت، ئەخمەت مۇھەممەت، پاتىگۈل نىياز، تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن، رۇقىيە ئابدۇللا، قېيۇم قادىر، قۇربان داۋۇت شاھىدى، مۇھەممەت ئەخمەت، مۇھەممەت داۋۇت، نىياز ئىمىن، نەسردىن ھاپىز، ئوسمان ھوشۇر

باش مۇھەررىر:
ئادالەت ئابدۇرېشىت

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:
ئەنۋەر ئابدۇرازاق
قېيۇم قادىر
ئەخمەت كېبىر
ئەھەد داۋۇت

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىرى:
قېيۇم قادىر
ئەنۋەر ئابدۇرازاق

مەسئۇل مۇھەررىرلەر:
رۇقىيە ئابدۇللا
پاتىگۈل نىياز

مۇقاۋا ۋە ئىچ بەتلىرىنى لايىھەلىگۈچى:
نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

مەسئۇل كوررېكتورى:
ئالىيە رەقىپ

## ئەدىبلەر چايخانىسى

يېزا ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېزا پىروزىچىلىقى ..............................
.............................. نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن 42
ئۇيغۇر تور ئەدەبىياتىنىڭ ئوبيېكتى ۋە سۇبيېكتى ..............................
.............................. ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى 56

## يادنامە

ئەلۋىدا ئۇستاز، نامىڭىز مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ .............. رەيھانگۈل داگى 76

## روجەك

ئەدىبلەر ئەنجۇمەنىدىن گۈزەل خاتىرىلەر ..... ئانىقىز ئەزىز ئىلتەرىش 85

## سەلكىن

كوچىدىكى ئۈمىد .............................. ئابدۇغېنى سەيدىن 105
دۆملەنگەن ھېسلار .................... ئابدۇلئەھەت داۋۇت تۇركزات 107
نەسرلەر .............................. مېھرىبان مىجىت 108

## بىزنىڭ يۇلتۇزلىرىمىز

بىخەتەر يېمەكلىك تۇرىگە بارلىقىنى بېغىشلىغان پەرھات قېيۇم ھەققىدە ..... 94

## تېرەك تۈۋىدىكى پاراڭلار

نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا ئۆچلۈك قىلىمىز .................. ئامانگۈل ئېلى 110

## يىللار ۋە ۋەقەلەر

ئىجادكار دېھقان قىزى ......... پاشاگۈل ئىسمايىل تۇردى ھاجى قىزى 113

## كۆۋرۈك

نەسرلەر .................... ۋاڭ گوجىن. رېھىم يۈسۈپ تەرجىمىسى 117

---

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: خەلق سەنئەتكارى، ماھىر سازەندە كېبىر تۆمۈر ئاكا تۇغۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز.

ئۇستاز كېبىر تۆمۈرى،
ئۆزۈن بولغاي ئۆمۈرى.
پەرۋانىسى سەنئەتنىڭ،
لال قىلىدۇ ھۈنىرى.

قېيۇم قادىر فوتوسى

باشقۇرغۇچى ئورۇن: ج ك پ كۇچا ناھىيەلىك كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى
نەشر قىلغۇچى ئورۇن: كۇچا ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ـ ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى
كۇچا ناھىيەلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى ئورۇن: «كۇسەن مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
ئىجازەت نومۇرى: ش ئۇ ئا ر ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى ئىچكى ماتېرىيال ئىجازەت نومۇرى 0298/W
ئادرېسى: كۇچا ناھىيە ئازادلىق يولى ئىشچىلار ئۆيۈشما بىناسى 3 ـ قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 842000
تېلېفون نومۇرى: 0997 — 7151109
ئېلخەت ئادرېسى: asina44@sohu.com , zarina973@sohu.com



# گېرمانىيەلىكلەرنىڭ قىزىل مىڭئۆي

# تەتقىق قىلىش ئەھۋالى

چاۋ خۇاسەن
تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن تەرجىمىسى

گېرمانىيەلىكلەرنىڭ قىزىل مىڭئۆي ۋە شىنجاڭدىكى باشقا مىڭئۆيلەرنى تەتقىق قىلىش جەريانىنى ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە دائىرىسىگە قاراپ تۆۋەندىكى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى باسقۇچ: 1904 ـ يىلدىن تارتىپ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغىچە بولغان دەۋر. بېرلىن فولكلور مۇزېيى دەسلەپكى قەدەمدە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە يازما خاتىرىلەرنى رەتلەپ چىقتى ھەمدە ئالىملارنى بۇ ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىشقا تەشكىللىدى. بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى مۇھىم نۇقتا بار. ئۇنىڭ بىرى، تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىش، يەنە بىرى بولسا، ئاز ساندىكى قولياز-ملارغا قارىتا مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىش بولىدى. 1907 ـ يىلى ئالبىرت ۋون لىكوك گېرمانىيەگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شۇ يىلى «جۇڭگو شىنجاڭدىكى تەكشۈ-رۈش خاتىرىسى» دېگەن تېمىدا بىر پارچە تەكشۈرۈش دوكلاتى ئېلان قىلدى. بۇ دوكلاتتا ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى تەكشۈرۈش جەريانىنى بايان قىلدى. بۇ ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ شىنجاڭدىكى بۇددىزم خارابىلىرىگە قارىتا كۆ-ڭۈل بۆلۈشىنى قوزغىدى.[1] 1909 ـ يىلى 11 ـ ئايدا گرۈنۋېدېل بىر قېتىملىق ئىلمىي گۇرۇپپىلارنىڭ خاتىرد-لەش يىغىنىدا 3 ـ قېتىملىق تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ خىز-مەت نەتىجىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئاشكارىلىدى. بو-لۇپمۇ شىنجاڭ مىڭئۆي تام رەسىملىرىنى ئۇلارنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئوخشاش بولمىغان بەش خىل ئۇسلۇبنى ئوتتۇرىغا قويىدى ھەمدە ھەر بىر خىل ئۇسلۇبنىڭ ئالاھىدىلىكى، دەۋرى ۋە تارقالغان جايلىرىنى بايان قىلغان.[2] گېرمانىيە 3 ـ قې-تىملىق تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ دوكلاتى «جۇڭگو تۈر-كىستاندىكى قەدىمكى بۇتخانىلار»نى گرۈنۋېدېل يېزىپ چىقتى. بۇ ئەسەر 1912 ـ يىلى نەشر قىلىندى. بۇ دوكلاتتا شىنجاڭدىكى ئورغۇنلىغان مىڭئۆيلەر بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇ غارلارنىڭ شەكلى، تام رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنى، ساقلىنىش ئەھۋالى، تېپىلغان بۇيۇملار ھەمدە كۆپلىگەن غارلارنىڭ قۇرۇلۇش ئەمەلىي خەرىتىسى ۋە تام رەسىملىرىنىڭ سىدام سىزمىلىرىنى ئۆز ئى-چىگە ئالاتتى. قىزىل مىڭئۆي بۇ كىتابتا مۇھىم ئورۇننى ئى-گىلەيدۇ.[3] كېيىنچە كوروس. زاتوپانسكىي (zatupanskij chros) مەخسۇس ماقالە يېزىپ ئالدىنقى ئۈچ قېتىملىق تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئاساسلىق نەتىجىلىرىگە باھا بەر-دى.[4] لىكوك 4 ـ قېتىملىق تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاخىرلاش-قاندىن كېيىن مەخسۇس ماقالە يېزىپ تەكشۈرۈش ئەترىتى-نىڭ مۇھىم بايقاشلىرىنى تونۇشتۇردى.[5]

ئىككىنچى باسقۇچ: ئىككىنچى قېتىملىق دۇنيا ئۇ-رۇشى مەزگىلى ئىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا فولكلور مۇزېيىدىكىلەر تام رەسىملىرى ۋە لاي ھەيكەل-لەرنى رېمونت قىلدى. بۇ تام رەسىملىرىنى تەتقىق قىلىش بۇ باسقۇچتىكى ئاساسلىق خىزمەت ئىدى. گرۈنۋېدېلنىڭ رەسىملىك ئاتلىسى بولغان «قەدىمكى كۇچا» 1902 ـ يى-لى نەشر قىلىندى. بۇ ئەسەرگە قىزىل مىڭئۆيدىكى يەتتە غارنىڭ تام رەسىملىرىنىڭ فوتو سۈرەتلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ناھايىتى ياخشى سىزىلغان ئەسەر ھېسابلىناتتى. ئۇ تام رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنى، ئاساسلىق غارلارنىڭ قې-زىلغان يىل ـ دەۋرلىرىنى تەتقىق قىلىپ چىقتى.[6] لىكوك تۈزگەن «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى دەۋرلىرىنىڭ ئا-



خىرقى مەزگىللىرىدىكى بۇددىزم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» دېگەن ئەسەر 1922 - يىلىدىن تارتىپ ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىندى. بۇ ئەسەر يەتتە توملۇق بولۇپ، ھەر بىر تومدا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ رەسىملىرى ۋە يېزىق قىسمى بار ئىدى، 1933 - يىلىغا كەلگەندە ھەممىسى نەشردىن چىقىپ بولدى. بۇ بىر يۈرۈش كىتابنىڭ ئاخىرقى ئىككى تومىنى تۈزگۈچىلەر قاتارىغا ياش تەتقىقاتچى E. ۋالدشمىدت ( E. waldschmidt ) قوشۇلغان. كىتابنىڭ ئىككى تومدىن باشقا توملىرىغا قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرى ياكى ھەيكەللىرى ياكى مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەر كىرگۈزۈلگەنىدى. مۇشۇ دەۋرگە كەلگەندە قىزىل مىڭئۆيدىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى ئېلان قىلىندى. بۇ كىتابنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، تەكشۈرۈش جەريانى، تام رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنى، غارلارنىڭ قۇرۇلۇشى، دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى ۋە يىل دەۋرى، مەدەنىيەت تىپى، ئىرق ۋە مىللەت، جەمئىيەت، تارىخ ئارقا كۆرۈنۈشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.[7] بۇ ئەسەر بىلەن ئىلگىرى بايان قىلىنغان «جۇڭگو تۈركىستاندىكى قەدىمكى بۇتخانىلار» دېگەن ئەسەر شىنجاڭ مىڭئۆيلىرى توغرىسىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئەسەرلەر مىڭئۆيلەرنىڭ ئارخېئولوگىيەسى ۋە سەنئەت تارىخى توغرىسىدا بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولۇپ، كېيىنكى تەتقىقات خىزمىتىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى. لېكىن يەنە قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرىنىڭ غەربنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدا مەخسۇس ئەسەر ئېلان قىلدى.[8] شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋالدشمىدت ئۆزىنىڭ شىنجاڭ مىڭئۆي تام رەسىملىرىنىڭ دەۋرگە ئايرىلىشى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئېلان قىلدى. ئۇ شىنجاڭ مىڭئۆيلىرىدىكى تام رەسىملىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا ئىككى دەۋرگە ئايرىغان. ئالدىنقى دەۋر كۇچانى مەركەز قىلغان كۇسەن دەۋرى. كېيىنكى دەۋرى بولسا تۇرپانى مەركەز قىلغان ھەم جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدىكى ئۇيغۇر دەۋرىدىن ئىبارەت ئىدى.[9] بۇ باسقۇچتا قىزىلدىن تېپىلغان قولىيازمىلارغا ئاساسەن كۇسەننىڭ جەمئىيەت، تارىخ ۋە تىل - يېزىقىنى تەتقىق قىلغان ئەسەرلەرمۇ بىر قەدەر كۆپ ئىدى.[10] بۇنىڭدىن باشقا لېكوك يازغان ئىككى پارچە شىنجاڭ تەكشۈرۈش خاتىرىسى نەشر قىلىندى.[11]

ئۈچىنچى باسقۇچ: ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن تارتىپ تا بۈگۈنگىچە بولغان جەريانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ قىرىق نەچچە يىلدىن بېرى شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تەتقىقات دائىرىسى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ كېڭەيدى. قىزىل مىڭئۆي بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكى تۆت نۇقتا بار.

1. قەدىمكى قولىيازمىلار جەھەتتە: ئاساسلىق كۈچ قەدىمكى قول يازمىلارنى رەتلەش ۋە نەشر قىلىشقا قارىتىلدى. ھەر خىل قولىيازمىلار توپلىمىنىڭ مۇكەممەل ئۆلچىمى بولسا قولىيازمىلار شەكلىنىڭ بايانى، ئوقۇلۇشى، مەزمۇنى، قولىيازما ئەسلى نۇسخىسىنىڭ فوتو سۈرىتى، كۆچۈرمە نۇسخىسى، لاتىنچە ترانسكرىپسىيەسى ھەمدە نېمىسچە تەرجىمىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. نەشر قىلىنغانلىرى سەككىز يۈرۈشتىن كۆپرەك بولۇپ، ھەر بىر يۈرۈشى تەخمىنەن ئون قىسمدىن تەركىب تاپاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە قىزىل مىڭئۆي بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغىنى سانسكرىت يېزىقى ۋە كۇسەن يېزىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سانسكرىت يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر توغرىسىدا مەخسۇس توختالغان ياكى تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئەسەرلەرمۇ ناھايىتى كۆپ.

2. قەدىمكى تىل - يېزىق جەھەتتە: ئوخشاش تىللار گىراماتىكىسى، لۇغىتى، يېزىق شەكلى قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەر ۋە شۇ پەنلەر توغرىسىدىكى تەتقىقات ئەسەرلىرىنىڭ كاتولوگى نەشر قىلىندى.

3. مىڭئۆي سەنئىتى جەھەتتە: ئاساسەن غەربىي گېرمانىيە بېرلىن ھىندىستان سەنئەت مۇزېيى (berlin museum fur andische kusent)نىڭ مۇدىرى H. ھارتېل (H.hartel) نىڭ بىر قانچە خىل ئەسىرى بار بولۇپ، ئەسەرلىرىدە قىزىل مىڭئۆينىڭ بۇرۇنقى مەزگىللەردىكى تام رەسىملىرى بىلەن ھىندىستان ۋە قەندىھار بۇددىزم سەنئىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بايان قىلدى.[12]

4. ئۇنىۋېرسال تەتقىقات جەھەتتە: قىزىل مىڭئۆي ۋە ئۇ يەردىن تېپىلغان قولىيازمىلار ئارقىلىق كۇسەننىڭ جەمئىيىتى، تارىخى، دىنى ۋە سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ خىل تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغانلار شەرقىي ۋە غەربىي گېرمانىيە ئالىملىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ياۋروپادىكى باشقا ئەل ئالىملىرىمۇ بار ئىدى. ئىلمىي ئەسەرلەر بولۇپلا قالماي، ئاممىباب ئەسەرلەرمۇ بار ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى «يىپەك يولى» تەتقىقات قىزغىنلىقىدا قىزىل مىڭئۆي ھەمدە شىنجاڭدىكى بارلىق مىڭئۆيلەرنى تونۇشتۇرىدىغان ئەسەرلەرمۇ توختىماي بارلىققا كەلدى.[13] نۆۋەتتە گېرمانىيەلىكلەرنىڭ شىنجاڭ مىڭئۆيلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتى ئاساسەن شۇ يەرلەردىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر ئۈستىدە بولۇۋاتىدۇ. گوتتىڭگىن ئۇنىۋېرسىتېتى ھىندىشۇناسلىق فاكۇلتېتى مۇدىر ھېينز بېچېرت (Heinz Bechert)نىڭ رەھبەرلىكىدە ئاساسلىق سانسكرىت يېزىقى، كۇسەن يېزىقى، قارا شەھەر، ئىدىقۇت

يېزىقلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. بىر قانچە يىل ئىلگىرى گوتتىڭگېن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ۋالدىشمىت ياشىنىپ دەم ئېلىشقا چىققان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا بۇ خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلىدى.[14] ھىندىشۇناسلىق فاكۇلتېتى بۇ قەدىمكى قولىيازمىلارنى يىغىپ ساقلىمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى تەتقىقات خىزمىتىدىكى مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن بۇرۇنقى دېموكراتىك گېرمانىيە ئۆزلۈكسىز ھالدا ئۇ يەرنى قولىيازمىلارنىڭ فوتو سۈرىتى بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان. بېرلىن شەرقىي رايون ئەسلىدىكى دېموكراتىك گېرمانىيە قەدىمكى تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيە مەركىزى تەتقىقات ئىنستىتۇتى ھېرمانت (J·Hermann) نىڭ رەھبەرلىكىدە ئاساسلىق ھالدا خەنزۇ تىلى، سوغدى يېزىقى، تۈرك ـ رونىك يېزىقى، ئۇيغۇر يېزىقى، تىبەت يېزىقى، موڭغۇل يېزىقى ۋە ئىران يېزىقىنى تەتقىق قىلىدۇ. (ئۇنىڭ ئىچىدىكى تىبەت يېزىقى بىلەن ئىران يېزىقىدىكى بارلىق ماتېرىياللار ئېلان قىلىنىپ بولدى).[15]

غارلارنىڭ قېزىلغان يىل ـ دەۋرى ۋە دەۋرلەرگە ئايرىلىشى يىل دەۋرى ۋە دەۋرلەرگە ئايرىشنى مۇزاكىرە قىلىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن گېرمانىيە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ قىزىل مىڭئۆيدىكى قىسمەن غارلارغا بەرگەن نامى ۋە سالغان نومۇرلىرىنى ئېنىقلاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. گېرمانىيە 3 ـ قېتىملىق تەكشۈرۈش ئەترىتى قىزىل مىڭئۆيدە خىزمەت قىلغاندا مىڭئۆينى ئۈچ رايونغا بۆلگەن. بىرىنچى رايون، يەنى ھازىرقى ئېقىننىڭ غەربىي رايونى، ئېقىن ئىچى رايونى ۋە ئېقىننىڭ شەرقىي رايونىدىن ئىبارەت ئىدى. ئىككىنچى رايون، ھازىرقى قاتار ئۆينىڭ (ئارقا تاغ رايونى) ئالدىنقى قاتاردىكى ئۆيلەرنى كۆرسىتەتتى. ئۈچىنچى رايون، ھازىرقى قاتار ئۆي (ئارقا تاغ رايونى) نىڭ ئارقا قىسمىدىكى غارلارنى كۆرسىتەتتى. ئەينى چاغدا گېرمانىيە ئەترىتى ئاساسەن تام رەسىملىرى بار غارلارنى تەكشۈرگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ غارلار پۈتۈن غارلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى. بەزى غارلار يەنىلا قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان بولۇپ، ئازراق كولىسىلا سىرتقا چىقىپ قالاتتى. بۇ ئەينى چاغدا غارلارنىڭ سانىنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولمىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن گېرمانىيە تەكشۈرۈش ئەترىتى نام بېرىش ئارقىلىق غارلارنى ئاتىغان ئىدى. بۇ خىل ئۇسۇل گېرمانىيەلىكلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا قولاي ۋە راھەت ئىدى. چۈنكى ئۇلار غارلارنىڭ سانىنى تۇرغۇزۇشقا موھتاج ئەمەس ئىدى. مۇشۇنداق بولغاندا يېڭى غارلار بايقالغاندا قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقمايتتى. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى رايوندىكى غارلارغا نام بېرىش ۋە نومۇر سېلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇل تەڭ قوللىنىلغان. چۈنكى ئۇ يەردە غارلار ناھايىتى ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە سانىمۇ ئېنىق ئىدى. لېكىن ئاتاشتا يەنىلا نام بېرىش ئۇسۇلى ئاساس قىلىنغان، گېرمانىيەلىكلەر غارلارغا نام بەرگەندە ئاساسەن شۇ غارنىڭ تام رەسىمىدىكى مەلۇم مەزمۇن ياكى ئوبرازغا ئاساسەن نام بەرگەن. شۇڭا، بۇ ناملار پەقەت ئۆز ئارا پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئوينىغان بولۇپ، غارلارنىڭ خاراكتېرى ياكى مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھازىرقى نومۇر بىلەن گېرمانىيەلىك ئەينى چاغدا غارلارغا بەرگەن نامنى چۈشىنىۋېلىشى ئۈچۈن قىزىل مىڭئۆينىڭ ھازىرقى نومۇرى بىلەن ئەينى چاغدا گېرمانىيەلىكلەر بەرگەن ناملارنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلىنى بەردۇق:

| ھازىرقى غار نومۇرى | ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى | گېرمانىيەلىكلەر بەرگەن نام |
|---|---|---|
| 2 | تام ئوچاقلىق غار | Hohlengruppe mit dem kamin c.d.e |
| 3 | تام ئوچاقلىق غار B | Hohlengruppe mit dem kamin b |
| 4 | تام ئوچاقلىق غار A | Hohlengruppe mit dem kamin a |
| 7 | يەر ئۈستى رەڭلىك غار | Hohle mit dem freskoboden |
| 8 | ئون ئالتە شەمشەرلىكلەر غارى | Hohle der "sechzehn schwerttager" |
| 17 | بودساتۋا تورۇسلۇق غار | Hohle mit dem boddhisattvagewolbe |
| 27 | كۆپ ئويۇقلۇق غار | Nischen hohle |
| 34 | ئويغا پاتقان كۈنتەڭرىسى غارى | Hohle mit dem "meditierenden sonnegott" |
| 36 | دىيانا غارى B | Bas sogenante kloster.b |
| 37 | دىيانا غارى A | Bas sogenante kloster.a |
| 38 | مۇزىكانتلار غارى | Hohle mit dem musiderchor |

| | | |
|---|---|---|
| Hohle der behelmten | دۇبۇلغۇلۇق غار | 58 |
| "grosste hohle" | ئەڭ چوڭ غار | 60 |
| Kasyapa ـ hohle | ماھاكاسياپا غارى | 63 |
| Rotkoppel hohle B | قىزىل تورۇسلۇق غار B | 66 |
| Rotkoppel hohle a | قىزىل تورۇسلۇق غار A | 67 |
| Psauen hohle | توز غارى | 76 |
| Hohle der statuen | ھەيكەللەر توپى غارى | 77 |
| Hohlentops hohle | دوزاختىكى ماي قازان غارى | 80 |
| Schatzhohle d.e | بايلىق غارى E.D | 82 |
| Schatzhohle c | بايلىق غارىC | 83 |
| Schatzhohle b | بايلىق غارى B | 84 |
| Schatzhohle a | بايلىق غارى A | 85 |
| Hohle mit der asfin | چىشى مايمۇن غارى | 92 |
| "treppen hohle | پەشتاقلىق غار | 110 |
| Hohle mit der gebetmuhle | چاكرا (نوم نوملاش) غارى | 114 |
| Kleine hohle neben der ubermalten hohle | تام رەسىمى قايتا سىزىلغان غارنىڭ يېنىدىكى كىچىك غار | 116 |
| "ubermalte" hohle | تام رەسىمى قايتا سىزىلغان غار | 117 |
| Hippokam pen Hohle | بېلىق قۇيرۇقىسىمان دۇلدۇل غارى | 118 |
| Hohle mitdem ringtragenden tauben | ھالقا ئىچىگە ئورالغان كەپتەر غارى | 123 |
| Kleine kuppelhohle | كىچىك گۇمبەز تورۇسلۇق غار | 129 |
| Halle "mit dem zebuwagen" | ھىندىستان توپۇقلۇق كالا غارى | 149a |
| "gasetten ـ hohlen 5" | دۇم كۆمتۈرۈلگەن كۇرە شەكلىدىكى غار 5 | 165 |
| Cosetten ـ hohlen3" | دۇم كۆمتۈرۈلگەن كۇرەسىمان تورۇسلۇق غار | 167 |
| Versuchungs hohle | ئازدۇرۇش غارى | 175 |
| Zweitletzte hohle | كەينىدىن سانىغاندىكى 2 ـ غار | 176 |
| 4. hohle | 4 ـ غار | |
| 3. hohle=schlueht hohle | 3 ـ غار يەنى كىچىك ئېقىن غارى | 178 |
| 2. hohle = japanner hohle | 2 ـ غار يەنى ياپونىيەلىكلەر غارى | 179 |
| Hochliegende hohle devz.schlucht | ئېگىز غار | 181 |
| Drittletzte hohle | ئارقىدىن سانىغاندا 3 ـ غار | 184 |
| Mittlere hohle | مەركىزىي غار | 186 |
| 3. hohlevon vorn= 12buddhahohle | 3 ـ غار 12 ئۆرە تۇرغان بۇددا غارى | 188 |
| 2. hohle von vorn | 2 ـ غار | 189 |
| Nagarajahohle | ئەجدەرشاھ غارى | 193 |
| Teufelshohle mit annexenc.b | ئالۋاستى غارى C.B | 198 |
| Teufelshohle mit annexen a | ئالۋاستى غارى A | 199 |
| Hohle 22 | 22 ـ غار | 203 |
| Hohle 20 | 20 ـ غار | 204 |
| Hohle 19=hohle mit devma/az.anlage | ئىككىنچى رايون مايا غارى | 205 |

| | | |
|---|---|---|
| 206 | 18 ـ غار يەنى پۇت يۇيۇش غارى | Hohle 18= hohle mit dev fusswaschug |
| 207 | 17 ـ غار يەنى رەسساملار غارى | Hohle 17= hohle der maler |
| 212 | 11 ـ غار يەنى دېڭىزچىلار غارى | Hohle 11= hohle der "seereise" |
| 219 | ئاجاتاشاترۇ غارى يەنى 1 ـ غار | Hohle= ajatasatru ـ hohle |
| 221 | 8 ـ غار | Hohle8. |
| 224 | 5 ـ غار يەنى 3 ـ رايون ماھامايا غارى | Hohle 5= mala hohle der3.anlage |
| 227 | 3 ـ غار يەنى ئالۋاستى غارى | Hohle3= pretahohle |

هازىرقى رايونلارغا ئايرىلىشى

1 ـ غاردىن 81 ـ غارغىچە ئېقىننىڭ غەربىي رايونى

82 ـ غاردىن 135 ـ غارغىچە ئېقىن ئىچى رايونى

136 ـ غاردىن 201 ـ غارغىچە ئېقىننىڭ شەرقىي رايونى

202 ـ غاردىن 231 ـ غارغىچە ئارقا تاغ (قاتار ئۆي) رايونى.

گېرمانىيەلىكلەرنىڭ رايونلارغا ئايرىشى

1 ـ غاردىن 200 ـ غارغىچە بىرىنچى رايون.

201 ـ غاردىن 219ـ غارغىچە ئىككىنچى رايون.

220 ـ غاردىن 229 ـ غارغىچە ئۈچىنچى رايون.

گېرمانىيەدە قىزىل مىڭئۆيىنى تەتقىق قىلىدىغان ئاساسلىق ئۈچ ئالىم بار. ئۇلار ئىچىدىكى گرۈنۋېدېل بىلەن لىكوك ئىلگىرى ئەترەت باشلاپ قىزىل مىڭئۆيىنى تەكشۈرگەن. ۋالدشمىدت شىنجاڭغا كېلىپ باقمىغان. ئۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن 30 ـ يىللىرىغىچە بېرلىن فولكلور مۇزېيىدا ئىشلىگەن ھەم مەخسۇس شىنجاڭ ساقلانما بۇيۇملىرىنى تەتقىق قىلغان.

قىزىل مىڭئۆينىڭ قېزىلغان دەۋرىنى بېكىتىش ئىنتايىن قىيىن. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، قىزىل مىڭئۆيدىكى غارلاردا غارلارنى ياسىغانلىق توغرىسىدىكى يىلنامە يېزىلغان بېغىشلىمىلار يوق، ھەم يىل دەۋرىنى بىۋاستە ئىسپاتلىغىلى بولىدىغان ماتېرىيال بايقالمىدى. گرۈنۋېدېل بىلەن لىكوك ئىلگىرى شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولغاچقا، تەتقىقات خىزمىتىنى پۈتۈن شىنجاڭنى ئاساس قىلىپ ئېلىپ بارغان. مەدەنىيەت تىپى ۋە ياسىلىش دەۋرلىرىنى قوشۇمچە قىلغان. ۋالدشمىدت ئەپەندى ئاساسلىق ھالدا شىنجاڭ تام رەسىملىرى ۋە تېپىلغان ۋەسىقىلەرگە ئاساسەن سەنئەت ئۇسلۇبىنى تەھلىل قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئەمدى بۇ ئۈچ مۇتەخەسسىسنىڭ كۆز قاراشلىرىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىپ ئۆتەيلى:

گرۈنۋېدېل شىنجاڭ مىڭئۆي تام رەسىملىرىنى بەش خىل ئۇسلۇبقا ئايرىغان يەنى قەندىھار ئۇسلۇبى، نۆكەرلەر ئۇسلۇبى، دەسلەپكى تۈرك ئۇسلۇبى، كېيىنكى مەزگىلدىكى تۈرك ئۇسلۇبى ۋە لاما دىنى ئۇسلۇبىدىن ئىبارەت. بەش خىل ئۇسلۇب رىتى بويىچە بۇرۇنقى دەۋردىن كېيىنكى دەۋرگىچە بولغان ئوخشىمىغان دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ماكان جەھەتتىن غەرب بۇرۇن، شەرق كېيىن. قىزىل مىڭئۆيدە پەقەت بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىل ئۇسلۇبتىكى تام رەسىملىرى بار. بىرىنچى خىل ئۇسلۇبتىكى غاردىن جەمئىي توققۇزى بار بولۇپ، ھەممىسى قەندىھار ئۇسلۇبىدىكى تام رەسىملىرى ئىدى. ئۇنىڭدا يەنە ھىندىستان رەسىملىرىنىڭ تەسىرى بار ئىدى. بۇ خىل غارلارنىڭ كۆپ قىسمى چاسا شەكىلدىكى غارلار بولۇپ، ئاز ساندىكى مەركىزىي تۈۋرۈكلۈك چايتىيا غارىمۇ بار ئىدى. ئىككىنچى خىل ئۇسلۇبتىكى غارلارنىڭ سانى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، جەمئىي 17 غار ئەنە شۇ تىپقا تەۋە ئىدى. بۇ غارلارنىڭ كۆپ قىسمى مەركىزىي تۈۋرۈكلۈك چايتىيا غارى بولۇپ، پەقەت بىرسىلا چاسا شەكىللىك غار ئىدى. تام رەسىملەرنىڭ دەۋرى توغرىسىدا گرۈنۋېدېل ئەڭ بۇرۇنقى تام رەسىمى مىلادى 4 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سىزىلغان (76 ـ، 77 ـ غارلار) (83 ـ، 84 ـ غارلار)، مىلادى 5 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياسالغان. ئەڭ كېيىنكى غارلار مىلادى 7 ـ، 8 ـ ئەسىرلەردە سىزىلغان، دەپ قارايدۇ.[10]

لىكوك يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بەش خىل ئۇسلۇب بىلەن غەرب بۇرۇن، شەرق كېيىن دېگەن خۇلاسىنى توغرا دەپ قارايدۇ. لېكىن ئۇ يەنە 149 A چوقۇم بىرىنچى خىل ئۇسلۇبتىن بۇرۇن دەپ قارايدۇ. چۈنكى بۇ غاردىكى يۇنان تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. بىرىنچى خىل ئۇسلۇبتىكى غاردىن يەتتىسى بار بولۇپ، ئۇ كۆرسەتكەن غار بىلەن گرۈنۋېدېل كۆرسەتكەن غار ئوخشىمايدۇ. بۇ دەۋرنىڭ ۋاقتى مىلادى 6 ــ 7 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق ئىدى. ئىككىنچى خىل ئۇسلۇبقا تەۋە غارلاردىن 20 نەچچىسى بار بولۇپ، بۇمۇ گرۈنۋېدېل كۆرسەتكەن غار بىلەن ئوخشىمايدۇ. دەۋرى مىلادى 7 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينى ئىدى. ئۇ قىزىل مىڭئۆينىڭ خاراب بولغان يىل، دەۋرىنى مىلادى 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى دەپ قارايدۇ.[11]



ۋالدشمىدتنىڭ شىنجاڭ مىڭئۆيلىرىدىكى تام رەسىملىرىنىڭ يىل دەۋرى ۋە دەۋرگە ئايرىش توغرىسىدىكى خۇلاسىسى كېيىنچە غەربىي بېرلىن ھىندىستان سەنئەت مۇزېيىنىڭ رەسمىي كۆز قارىشى بولۇپ قالغان ھەم غەرب ئىلىم ساھەسىدە بىردەك قوللىنىلغان. ئۇنىڭ خۇلاسىسى 1934 - يىلى ئېلان قىلىنغان. ئۇ قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرى قەندىھار ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. شۇڭا، «ھىندى - ئىران ئۇسلۇبى» دەپ ئاتاش كېرەك دەپ قارايدۇ. بۇ خىل ئۇسلۇبنى ئىككى دەۋرگە ئايرىشقا بولىدۇ. يەنى بىرىنچى خىل ئۇسلۇب ۋە ئىككىنچى خىل ئۇسلۇبتىن ئىبارەت. بىرىنچى خىل ئۇسلۇبتىكى ئاساسلىق رەڭلەردىن، سۇس سېرىق، قىزىل ۋە سۇس قوڭۇردىن ئىبارەت ئۈچ خىل رەڭ بار. ھەر بىر خىل رەڭنىڭ قېنىق - سۇسلۇق ئۆزگىرىش دەرىجىسى ناھايىتى كەڭرى، رەڭلەرنىڭ بېرىكىشمۇ ناھايىتى ماس كەلگەن. سىزىقلارنىڭ توم - ئىنچىكىلىكى ۋە يۆنىلىشى ناھايىتى جايىدا ماسلاشقان. موي قەلەم بىلەن ئادەم ۋە بۇيۇملارنى ئىنچىكە سىزغان بولۇپ، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ سىزىقلىرىدىن ئادەم بەدىنىنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىنىڭ شەكلىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئادەم بەدىنىنىڭ يالىڭاچ قىسمىنى سىزغاندا رەڭ بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق موسكۇللارنىڭ يورۇق - قاراڭغۇلۇقى، ئوڭغۇل - دوڭغۇللۇقىنى ئىپادىلىگەن. بېرىلگەن رەڭلەرنىڭ قويۇق - سۇسلۇقىنىڭ ئۆزگىرىشى ناھايىتى تەكشى بولغان. ئىككىنچى خىل ئۇسلۇب خېلى ئومۇملاشقان، ئۇنىڭدا سېلىشتۇرۇش بىلەن پەرقلەندۈرۈش تەشەببۇس قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئىلگىرى بايان قىلىنغان ئۇسلۇبتىكى بېزەكلەر نەتىجىسىنىڭ شۇ خىل ئامىلدىن كېيىن پەيدا بولغان ئىدى. رەڭلەرنى ئىشلىتىش جەھەتتە ناھايىتى روشەن بولغان بىر خىل كۆك ياقۇت تېشى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئادەمگە كۆرۈنەرلىك تەسىرلەرنى بېرىدۇ. سىزىلغان تېرىلەرنى رەڭگى بىلەن ھەقىقىي تېرىلەرنىڭ رەڭگى زور دەرىجىدە پەرقلىنەتتى. بويالغان رەڭ بىلەن ئاستىغا بېرىلگەن رەڭنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ. كىيىم - كېچەكلەرنىڭ سىزىقلىرى بىلەن دائىرە سىزىقى بەكلا قوپال. كېيىنكى مەزگىلدە رەڭ بېرىش ئۇسۇلى بىلەن نۇر بېرىش ئۇسۇلى بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن. ئىككىنچى خىل ئۇسلۇبتا يەنە باشقا ئۇسلۇبمۇ بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. بۇنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا ئادەملەرنىڭ مۇسكۇلىدىكى سايە قىلىپ بويالغان رەڭلەر قېنىق، كەڭ ھەم قاراڭغۇ بولۇپ، بەدەننىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىنى ئايرىم - ئايرىم قىسىملارغا ئايرىۋەتكەن. ھەر بىر ئۇسلۇبنىڭ يىل دەۋرى بولسا تام رەسىملىرىدىكى ساخاۋەتچىلەرنىڭ ئىسمى ۋە خەت شەكلى بىلەن تېپىلغان ۋەسىقىلەردىكى ئىسىم ۋە خەتلەرنىڭ شەكلىنى سېلىشتۇرۇش ھەم خەنزۇ يېزىقىدىكى رەسمىي تارىختا كۆرۈلگەن كۇسەن خانلىرىنىڭ نامى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بېكىتىلگەن. بۇنىڭ نەتىجىسى تۆۋەندىكىدەك جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

| ياتقان غارلار نومۇرى | ئاساسلىق غارلار نومۇرى | يىل دەۋرى | ئۇسلۇبى |
|---|---|---|---|
| 83. 84 | 207. 118. 76. 117. 77. 212 | مىلادى 500 - يىلىنىڭ ئالدى كەينى | بىرىنچى خىل ئۇسلۇب |
| 129 | 67. 198. 199. 110 | مىلادى 600 - يىلىنىڭ ئالدى كەينى | ئىككىنچى خىل ئۇسلۇب |
| 13 | 114. 38. 205. 224. 7. 206 | مىلادى 600 - 650 - يىللار | |
| 175 | | | |
| 178. 181 | 8. 219. 34. 63. 58 123. 185. 184. 186 | مىلادى 650 - يىللاردىن كېيىن | ئۈچىنچى خىل ئۇسلۇب |

قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرىنىڭ ئۇسلۇبى ۋە يىل دەۋر جەدۋىلى

جەدۋەلدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىرىنچى خىل ئۇسلۇب مىلادى 500 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە بولۇپ، سەككىز غارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مىسال كەلتۈرگەن غارلار ئىلگىرىكى ئىككىلەن كۆرسەتكەن غارلاردىن پەرقلىنىدۇ. ئىككىنچى خىل ئۇسلۇب مىلادى 600 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدىن تارتىپ تاكى مىلادى 650 - يىلىدىن كېيىنكى بىر مەزگىللەرگىچە داۋام قىلىنغان بولۇپ، بۇ دەۋر يەنە ئۆز ئارا تۇتاشقان ئۈچ بۆلەككە ئايرىلىدۇ. بۇ خىل ئۇسلۇبقا تەۋە 25 غار بولۇپ، ئىلگىرىكى ئىككىلەن كۆرسەتكەن غارلاردىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ.[16]

يۇقىرىقى ئۈچەيلەننىڭ يىل دەۋرى بىلەن دەۋرگە ئايرىش خۇلاسىسى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

قىزىل مىڭئۆينىڭ سىزىلغان يىل دەۋرى توغرىسىدا گرۈنۋېدېل مىلادى 4 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن مىلادى 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە دەپ قارايدۇ. لېكوك بولسا مىلادى 6 -

ئۈچ خىل كۆز قاراشتىكى قىزىل مىڭئۆينىڭ ياسالغان يىل دەۋرىنى سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى





ئەسىردىن 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە دېسە، ۋالدشمدت مىلادى 5 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 8 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە دەپ قارايدۇ. قاراشتا لىكوك بىلەن گرۇنۋېدېلنىڭ پىكرى يېقىنلاپ قالاتتى. ئۇچەيلەننىڭ مىڭئۆينىڭ خاراب بولغان يىل دەۋرىگە بولغان تونۇشى بىردەك بولۇپ، ھەممەيلەن مىلادى 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى، دەپ قارايدۇ. بۇ خۇلاسىنى چىقىرىشتىكى ئاساسنى گرۇنۋېدېل بىلەن لىكوك تولۇق بايان قىلمىغان، ۋالدشمدتنىڭ يۇقىرى چېكى شىنجاڭ بىراھمى يېزىقىنىڭ دەسلەپكى شەكلىنى ئاساس قىلغان تۆۋەن چېكىنىڭ ئاساسى ئېنىق ئەمەس.

قىزىل مىڭئۆينىڭ يىل دەۋرى، تەتقىقاتىدا يېقىنقى يىللاردا يېڭى بۆسۈشلەر بولدى. قىزىل مىڭئۆيدىكى غارلارنىڭ تېمىغا سۇۋالغان سۇۋاقلارنىڭ ئىچىدە ئۆسۈملۈك سامانلىرى (ئاساسەن بۇغداي سامىنى)بار بولۇپ، بۇ سامان غوللىرىدىن نۇسخا ئېلىپ، C14 ئانالىز ئارقىلىق بۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشتىن توختىغان يىل دەۋرىنى ئېنىقلاپ چىققىلى بولاتتى. مانا مۇشۇنداق ئۇسۇللار ئارقىلىق غارلارنىڭ سىزىلغان ۋاقتى ۋە تام رەسىملىرىنىڭ سىزىلغان ۋاقتىنى ئېنىقلاپ چىققىلى بولاتتى. بۇ ئارقىلىق ئېرىشىلگەن يىل، دەۋرى مىلادى 3 - ئەسىردىن 8 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولۇپ چىقتى. تاللانغان غاردىن نۇسخا ئالغاندا ئەڭ بۇرۇنقى غار بىلەن ئەڭ كېيىنكى غار ئاللىقاچان مۇلاھىزە قىلىنغان بولغاچقا، بۇ يىل، دەۋر بوشلۇقى دەل قىزىل مىڭئۆينىڭ سىزىلغان دەۋرى ئىدى. بۇ يىل، دەۋر بوشلۇقى تام يۈزىنى تۈزگۈچى سۇۋاق قىسمىدىكى ماددىي ماتېرىيالدىن كەلگەن بولۇپ، تامدا تام رەسىمى بارمۇ - يوق؟ بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، تام رەسىمنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇسلۇبى بىلەن ئالاقىسى يوق ئىدى. ئۇ پەقەت C14 ئارقىلىق ئۆلچىگەن يىل نەزەرىيەسى ۋە تېخنىكا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇ بۇ يىل، دەۋرگە پەقەت تېخنىكا جەھەتتىنلا ئىشەنگىلى بولاتتى.[10]

بۇ يىل دەۋرى بىلەن يۇقىرىقى ئۇچەيلەننىڭ خۇلاسىسىنى سېلىشتۇرساق، غارلارنىڭ سىزىلىشتىن توختىغانلىق يىل دەۋرىنىڭ ئاساسەن ئوخشاشلىقىنى، لېكىن غارنىڭ ياسالغان دەۋرىنىڭ گرۇنۋېدېلنىڭ خۇلاسىسى بىلەن يېقىنلاپ قالىدىغانلىقى، باشقا ئىككىيلەننىڭ نەزەرىيەسى بۇنىڭدىن 200 يىل كېيىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

گرۇنۋېدېل قاتارلىق ئۇچەيلەن رەسىم ئۇسلۇبىغا ئاساسەن دەۋرگە ئايرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرىنى ئىككى خىل ئۇسلۇبقا ئايرىغان بولۇپ، ھەر بىر ئۇسلۇب بىر دەۋرگە ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇ خىل تەتقىقات ئۇسۇلى 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ سەنئەت تارىخچىلىرى تەرىپىدىن قوللىنىلغان. ئۇچەيلەننىڭ ئۇسلۇب جەھەتتە كۆرسەتكەن غارلىرى ئاساسىي جەھەتتىن بىردەك بولۇپ، پەقەت ئايرىم غارلارغا قارىتا ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر مەۋجۇت. بىراق بۇ ئىككى خىل ئۇسلۇبنىڭ يىل دەۋرى توغرىسىدا ئۇچەيلەننىڭ كۆز قارىشى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، گرۇنۋېدېلنىڭ كۆز قارىشى بىلەن لىكوك، ۋالدشمدتلارنىڭ قارىشى تامامەن ئوخشىمايدۇ. لىكوك ۋالدشمدت ئىككىيلەننىڭ يىل، دەۋر توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى يېقىنلاپ قالسىمۇ، لېكىن ئىككى خىل ئۇسلۇبنىڭ ئالماشقان دەۋرى پەرقى 100 يىلدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

تام رەسىملىرىنىڭ دەۋرگە ئايرىلىشى توغرىسىدا قىزىل مىڭئۆينىڭ ئۆزگەرتىپ ياسىلىشىدىنمۇ پايدىلىنىشقا بولىدۇ. كۆپ قىسىم غارلار پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىلگەن. مەسىلەن، بەزى ۋىھارا غارلىرى چايتىيا غارىغا ئۆزگەرتىلگەن. غارلارنىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشىمۇ ئۆزگەرتىلگەن. مەسىلەن، بىر قىسىم ئويۇقچىلار كۆپەيتىلگەن ياكى ھەيكەللەر بىلەن بېزەلگەن. ئۆزگەرتىلگەن غارلار ئۇندىن ئارتۇق بولۇپ، قۇرۇلۇش - ئىمارەتلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئىككى قېتىم ياسالغان دەۋرنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك مۇناسىۋىتىنى بېكىتكىلى بولمايدۇ. قىزىل مىڭئۆيدىكى قىسمەن غارلارنىڭ تام رەسىملىرىدە قايتىلاپ سىزىلغانلىق ئالامەتلىرى مەۋجۇت. يېڭىدىن سىزىلغان تام رەسىمى بىلەن ئەسلىدىكى تام رەسىملىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، مەزمۇنى، ئۇسلۇبى جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ. بۇنداق ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك مۇناسىۋىتىنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئۈچ خىل ئامىل (C14 ئانالىز، غارلارنىڭ ئۆزگەرتىلىشى، تام رەسىملىرىنىڭ قايتىلاپ سىزىلىشى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ) غا ئاساسەن غار تىپلىرى يېقىنلاپ كېتىدىغان غارلارنى ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇپ، ئاندىن ئۆزگىرىش باسقۇچىغا ئاساسەن غارلارنىڭ قېزىلغان يىل، دەۋرىنى ئۈچ دەۋرگە ئايرىغان. بۇ يىل دەۋرى ئاساسىي جەھەتتىن تۆۋەندىكىچە: بىرىنچى دەۋرى مىلادى 310 + 80 يىلدىن 350 +60 يىللار؛ ئىككىنچى دەۋرى مىلادى 395 + 65 يىلدىن 465 + 65 يىللار؛ ئۈچىنچى دەۋرى مىلادى 545 + 75 يىلدىن 685 +65 يىللار. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇسۇلغا ئاساسلانغاندا تېخنىكا جەھەتتە پەقەت بۇ خىل يۈزەكى يىل دەۋرىنى ئېنىقلاپ چىققىلى بولىدۇ. بىراق بۇ ھەقىقىي يىل دەۋرىدىنمۇ بەكرەك قىزىل مىڭئۆينىڭ يىل



دەۋرىگە بولغان تونۇشنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن.
يۇقىرىقى دەۋرلەرگە ئايرىش نەتىجىسى بىلەن
گرۇنۋېدېل قاتارلىق ئۇچەيلەننىڭ خۇلاسىسىنى سېلىشتۇ-
رۇش ئارقىلىق شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گرونۋېدېل
قاتارلىقلار كۆرسەتكەن غارلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇ قېتىمقى
دەۋرگە ئايرىش جەدۋىلىدىكى ئىككىنچى، ئۈچىنچى
دەۋرگە تەئەللۇق بولۇپ، ئىككى خىل ئۇسلۇب ھەر قايـ-
سى دەۋردە بىرلىكتە مەۋجۇت ئىدى. بۇ خىل پەرقنىڭ
كېلىپ چىقىشىدىكى تۈپ مەنبەنى ئىلگىرى بايان قىلىپ
ئۆتكەن ئىدۇق. ئەمدى ئۇسلۇبتىكى دەۋرگە ئايرىش
مەسىلىسى توغرىسىدا ئىزدىنىمىز. قىزىل مىڭئۆي ھەمدە
پۈتۈن كۇسەن رايونىنىڭ جەمئىيىتى ھەرگىزمۇ بېكىنمە
ھالەتتە ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ تەرەققىياتى دۆلەت ئىچـ-
دىكى ئامىلنىڭ ماسلىشىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپلا قالماس-
تىن، سىرتتىن كەلگەن ئامىللارنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىد-
ىغان. سىرتتىن كەلگەن بۇ خىل ئامىل بۇددىزم ئەۋج ئالـ-
غاندا ئىنتايىن كۈچەيگەن، شۇڭلاشقا كۇسەن جەمئىيىتىنىڭ
تەرەققىيات جەريانى ھەرگىزمۇ مەلۇم ئاددىيغىنە ئۆزگە-
رىشلەر جەريانى ئەمەس. مىڭئۆيدە رەسىمچىلىك ئۇسلۇ-
بىنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ چوقۇم مۇنداق بولۇشى كېرەك، يەنى
ئوخشاش بىر چاغدا بىر قانچە خىل ئۇسلۇبلارنىڭ مەۋ-
جۇت بولۇشى مۇقەررەر ئىدى. يەنە كېلىپ سەكرەش تە-
پىدىكى ئۆزگىرىشلەرمۇ مەۋجۇت ئىدى. دەل مۇشۇنداق
بولغاچقا گرۇنۋېدېل قاتارلىقلار بىر دەۋردە پەقەت بىر
خىل ئاساسلىق رەسىم ئۇسلۇبى بار دېگەن كۆز قاراشتا
بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئوخشاشلا ئۇلار رەسىم ئۇسلۇبى
ئوخشىمىسا ئۇنىڭ ۋاقتى ئوخشاش بولمايدۇ دەپ قاراي-
دۇ. بۇ خىل قاراش ئادەمنى تەستە قايىل قىلىدۇ.

**3. غارلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى جەھەتتىن تۈرلەر-
گە ئايرىلىشى، بىناكارلىق شەكلى ۋە غارلار گۇرۇپپىسى**

گرۇنۋېدېل قىزىل مىڭئۆينى بايان قىلغاندا، بىنا-
كارلىق جەھەتتە مۇئەييەن ئۆلچەمنى ئاساس قىلغان. مە-
سىلەن، غارلارنىڭ شەكلى، قۇرۇلمىسى ۋە قوشۇمچە ئەس-
لىھەلىرى قاتارلىقلارنىڭ بايان قىلىنىشى ئوخشىمايتتى. ئۇ
يەنە غارلارنىڭ ئۆلچەملىرى چۈشۈرۈلگەن تەكشىلىك خە-
رىتىسىنى سىزىپ چىققان. بىر قىسىم مۇرەككەپ غارلارنىڭ
تىك كۆرۈنۈشلۈك خەرىتىسى، كەسمە يۈزى خەرىتىسى
ياكى قىسمەن بۆلىكىنىڭ چوڭايتىلغان خەرىتىسىنى سىزىپ
چىققان. ⑨

ئۇ بىر قانچە خىل شەكلى ئوخشاش بولمىغان
غارلارغا دىققەت قىلغان. بىرىنچى خىلى بولسا مەركىزىي
تۈۋرۈكلۈك چاپتىيا غارى بولۇپ، غارنىڭ ئاساسىي خانى-
سى ئۇدۇل تامدا بۇت ئۇيۇقچىسى بار ئىدى. ئۇيۇقنىڭ
ئالدىدا سەدىقە بۇيۇملىرىنى تىزىدىغان شىرە دەسسىتىد-
ىغان دائىرىنىڭ خارابىسى بار ئىدى. ئۇدۇل تامنىڭ ئوڭ
سول تەرەپ ئاستىنقى بۇلۇڭىدا ئايلانما كارىدورغا كىرد-
ىدىغان ئېغىز بار ئىدى. كارىدور ئوراپ تۇرغان چاسا
تۈۋرۈك بۇددا مۇنارى (sarira stupa) غا سىمۋول قى-
لىنغان ئىدى. كارىدور بىلەن سىمۋول خاراكتېرىدىكى
بۇددا مۇنارى بۇتنى ئايلىنىپ ئىبادەت قىلىشتا بولمىسا
بولمايتتى. شۇڭلاشقا ئۇ بۇ غارلارنى بۇتقا تاۋاپ قىلىشقا
ئىشلىتىدىغان غار دەپ قارىغان. ئىككىنچى خىلى بولسا
چاسا غارلار بولۇپ، ئۇ بۇلارنىڭ ئىشلىتىش ئوبيېكتىنى
مۇقىملاشتۇرمىغان. بىراق ئۇ ئىلگىرى بۇ خىل غارلاردىن
قولىيازما بۇيۇملار ۋە پانۇس قاتارلىق بۇيۇملارنى قېزىپ
چىققان. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئىشلىتىش ئۇسۇلى چاپتىيا غارل-
ىرى بىلەن ئوخشايدۇ دەپ قارايدۇ. ئۈچىنچى خىلى ئىچ-
كەركى ئۆي ۋە تاشقارقى ئۆي بار، ئىچكىرىكى ئۆيدە
كارىۋات ۋە تام ئوچىقى بولغان غارلاردۇر. ئۇ بۇ خىل
غارلارنى دىھيانا (dhyana — ئىستىقامەت قىلىش دېگەن
مەنىدە) غارى، ئىستىقامەت قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن
دەپ قارايدۇ. بۇ ئۈچ خىل غاردىن باشقا يەنە بىر قىسىم
شەكلى ئالاھىدە غارلار بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا
نەرسە - كېرەكلەرنى ساقلاش، نوم - دەستۇرلارنى
ساقلاش، رەسىم سىزىشتا رەڭ تەڭشەش ئورنى قىلىپ
ئىشلىتىلگەن. ئۇ يەنە بەزى قوشنا غارلارنىڭ بىناكارلىق
قۇرۇلمىسى جەھەتتىن بىرلىشىپ كەتكەنلىكىگە دىققەت
قىلغان. مەسىلەن، 2 -، 3 -، 4 - غار ۋە 35 - 36 -
غار بار ئىدى. بىراق بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ زادى نېمىنى
بىلدۈرىدىغانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بايان قىل-
مىغان.

لىكوك غاردىكى تام رەسىملىرىنى بايان قىلغاندا
غارلارنىڭ بىناكارلىق شەكلىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن،
شۇنداقلا بىر قىسىم غارلارنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسىنى
سىزغان. ئۇ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدىكى
غارلارنى ئۇلارنىڭ تەكشى يۈزىگە قاراپ تۆت تىپقا ئاي-
رىغان. a. ئۇزۇنىسىغا تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدىكى غار.
ئاساسىي خانىسىنىڭ يۈزى ئۇزۇنىسىغا تىك تۆت بۇلۇڭ
شەكلىدە بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغىنى ئۇدۇل نام بىلەن
ئوڭ - سول تامدا نۇرغۇنلىغان كىچىك ئۆيلەر ئېچىلغان.
b. چاسا شەكىلدىكى يۇملاق تورۇسلۇق غار. ئۇنىڭ
ئىچىدىكى بىر قىسىم غارلارنىڭ ئاساسىي خانىسىنىڭ ئوت-
تۇرىسىنىڭ سەل ئارقىسىدىكى جايىغا بۇت مۇنبىرى چىق-
رىلغان. c. مەركىزىي تۈۋرۈكلۈك چاپتىيا غارى. ئاساسىي
خانىسى كۆپ يۆگىمە تورۇسلۇق بولۇپ، ئاز ساندىكىلىرى
يۇملاق (گۈمبەز) تورۇسلۇق، ئاز ساندىكىلەر يۇملاق

(گۇمبەز) تورۇسلۇق، دۈم كۆمتۈرۈلگەن كۇرەكسىمان ۋە تۈز تورۇسلۇق ئىدى. d. توغرىسىغا تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك غارلار. بۇ خىلدىكى غارلارنىڭ ئاساسىي خانىسىغا دېرىزە ئېچىلغان بولۇپ، ئايۋان قىسمىغا تۇتىشاتتى. ۋىھارا (vihara) غارىمۇ مۇشۇ تىپتىكى غارلارغا تەۋە دەپ قارىلىۋاتىدۇ.[14]

گرۇنۋېدېلنىڭ غارلارنى تىپقا ئايرىش توغرىسىدىكى كۆز قارىشىدىن قارىغاندا، ئۇ ئالدى بىلەن غارلارنىڭ شەكلى ۋە ئەسلىھەلىرىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن، ئاندىن قالسا غارلارنىڭ ئىشلىتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇ بىر قىسىم مۇھىم غارلارنىڭ رولىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. بىراق ئۇنىڭ تىپقا ئايرىشىدا تۆۋەندىكىدەك كەمچىلىكلەر بار ئىدى. a: غارلارنى تىپقا ئايرىش توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان تۈرلەر بويىچە ئىش كۆرۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن، ئىشلىتىلىشى، بىناكارلىق شەكلى، تام رەسىمى بار – يوقلۇقى، دائىرىسى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بىراق غارلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن غارلارنىڭ ئىشلىتىلىشىنى تىپقا ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىشىمىز كېرەك. بۇلاردىن غارلارنىڭ ئىبادەتخانىدىكى رولى، ئىقتىدارى ۋە ئورنىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. مانا بۇ غارلارنى تەتقىق قىلىشنىڭ تۇنجى نىشانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىبادەتخانىلاردىكى پائالىيەتلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ھەر خىل پائالىيەتلەرنىڭ قانداق غارلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى بىلىش كېرەك. يەنى چوقۇم بۇتخانا، نوم تىلاۋەت غارى، پەرھىز نەسىھەتخانا، ئىستىقامەتخانا ۋىھارا غارى ۋە ھەر خىل تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۆيلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تەلەپلەردىن قارىغاندا، گرۇنۋېدېلنىڭ دىققەت قىلغان نۇقتىلىرى يېتەرلىك بولمىغان ئىدى. b. چاسا غارلار توغرىسىدا ئۇ غارلارنىڭ تەكشى يۈزىنىڭ شەكلى، قوشۇمچە ئەسلىھەلەر ۋە تام رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنى جەھەتتىن ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋە ئىشلىتىلىشىنى تەتقىق قىلمىغان، چاسا غارنىڭ ئاساسىي خانىسىنىڭ يۈزى چاسا شەكىلدە بولسىمۇ، لېكىن قوشۇمچە ئەسلىھەلەردىن پەرقلىنىدىغان بولۇپ، تام رەسىملىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنىمۇ ئوخشىمايتتى. ئەڭ مۇھىمى غارلارنىڭ ئىچىدە بۇت ئويۇقچىسى ۋە بۇت ھەيكىلى يوق ئىدى. بۇ چاسا غارلارنىڭ خاراكتېرى بىلەن ئىشلىتىلىشىنى پەرقلەندۈرىدىغان مۇھىم شەرت ئىدى. ئەمەلىيەتتە، چاسا غارلارنىڭ بەزىلىرى دۇئا ـ تىلاۋەت ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن، بەزىلىرى نوم نوملاش ۋە نوم ئوقۇشقا ئىشلىتىلگەن. بەزىلىرى بولسا راھىبلارغا چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. يەنە بەزىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى ئېنىق ئەمەس ئىدى. c. گرۇنۋېدېلنىڭ ئىچكىرىكى ئۆيى ۋە ئايۋان قىسمى، كارىۋات ھەمدە تام ئوچاق بار غارلارنى دىھايانا غارى (dhyna) دەپ ئاتىشى تازا جايىدا بولماي قالغان. بۇددا نوملىرىدىكى خاتىرىلەرگە بۇ خىل غارلار دەل راھىبلار تۇرىدىغان ۋە ھايات كەچۈرىدىغان راھىبلار ياتاقخانىسى ئىدى. d. غارلارنىڭ بىناكارلىق مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلمىغان. چۈنكى ئۇ يەنىلا ئايرىم غارلارنى تەتقىق قىلىشتىلا توختاپ قالغان ئىدى. e. ئۇ غارلارنىڭ ئۆزگەرتىپ ياسىلىش ھادىسىسىنى ناھايىتى ئاز تىلغا ئالغان. f. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ غارلارنىڭ ئورنى، شەكلى، تام رەسىملىرىنىڭ تارقىلىشى قاتارلىق تۈرلەرنى بايان قىلغاندا خاتالىقلارغا يول قويغان، سىزغان خەتلىرىدىمۇ خاتا جايلىرى بار ئىدى.

لېكوك ئىلگىرى غارلارنى تەكشى يۈزىگە قاراپ تۈرگە ئايرىغان بولسىمۇ، بۇ خىل تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى، خاراكتېرى ۋە ئىشلىتىلىشى ئوخشاش بولغان غارلار ئوخشىمىغان تىپقا ئايرىلغان. لېكىن ئوخشاش تىپتىكى غارلار خاراكتېرى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى تامامەن ئوخشاش بولمىغان غارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ خىل تىپقا ئايرىش ئۇسۇلى غارلارنىڭ ئىبادەتخانىدىكى رولى ۋە ئورنىنى بايان قىلىشقا پايدىسىز ئىدى. لېكوكمۇ غارلار گۇرۇپپىسىغا دىققەت قىلمىغان بولۇپ، پەقەت ئايرىم غارلارنى تەتقىق قىلىشتىلا توختاپ قالغان.

### 4. تام رەسىملىرىنىڭ تېمىسى ۋە مەزمۇنى

گېرمانىيەلىكلەر 1912 ـ يىلدىن تارتىپ 1933 ـ يىلغىچە بولغان 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ نۇرغۇنلىغان شىنجاڭغا ئائىت تام رەسىم ماتېرىياللىرىنى ئېلان قىلدى. «جۇڭگو شىنجاڭدىكى قەدىمكى بۇتخانىلار» دېگەن كىتابتا، گرۇنۋېدېل قىزىل مىڭئۆيدىكى تام رەسىمى بار نۇرغۇن غارلارنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلغان بولۇپ، رەسىمنىڭ ئورنى ھەمدە تام رەسىملەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، شەخسلەرنىڭ ئوبرازى ۋە ھالىتى، تام رەسىملىرىنىڭ تېمىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ مۇھىم تام رەسىملىرىنىڭ ئىنتايىن توغرا ۋە ئىنتايىن ئېنىق بولغان سىدام سىزمىسىنى سىزىپ چىققان. بەزىلىرىدە ھەتتا رەڭلىك كۆچۈرمە رەسىمى بېرىلگەن. بىر قىسىم ئالاھىدە شەخسلەرنىڭ ئوبرازى، بۇيۇم ۋە سورۇنلار چوڭايتىلغان سىدام سىزما ئارقىلىق ئىپادىلەنگەندىن كېيىن «قەدىمكى كۇچا» ۋە «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ـ كېيىنكى مەزگىللىرىدىكى بۇددىزم يادىكارلىقلىرى» قاتارلىق ئىككى ئاتلاستا قىزىل مىڭئۆينىڭ نۇرغۇنلىغان تام رەسىملىرى ۋە ھەيكەللىرى رەڭلىك فوتو سۈرەت بىلەن ئېلان قىلىندى. يۇقىرىقى كىتابلاردا قىزىل مىڭئۆيگە تەۋە 800

پارچىدىن ئارتۇق تام رەسىمى ۋە ھەيكەللەر بار بولۇپ،
ئۇ فوتو سۈرەت، كۆچۈرۈپ سىزغان رەسىملەر ۋە سىدام
سىزما قاتارلىق رەسىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇلاردىن
باشقا غارلارنىڭ بىناكارلىق شەكلى خەرىتىسىدىن يۈز پار-
چىدىن ئارتۇق بار ئىدى. ئىككى تۈرنى قوشقاندا قىزىل
مىڭئۆينىڭ ماتېرىياللىرى 900 پارچىدىن ئاشاتتى. رەڭلىك
فوتو سۈرەتلەر ناھايىتى ئوچۇق بېسىلغان بولۇپ، رەڭ-
لىرى ئەسلىدىكى بويىۇم بىلەن بەكلا يېقىنلاپ كېتىدۇ. تام
رەسىملىرىنىڭ ئىنچىكە قىسىملىرىنى رەڭلىك سۈرەتتىن
ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كىتابتا ئېلان قىلىنغان كۆپلە-
گەن تام رەسىملىرىنىڭ سىدام سىزمىسى ئەينى چاغدا غار-
دىكى تام رەسىمنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ئۈستىگە قەغەزنى
قويۇش ئارقىلىق ئەينەن كۆچۈرۈپ سىزىلغان بولۇپ،
توغرىلىق دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى ئىدى. كۆچۈرمە
تام رەسىملىرى ناھايىتى نەپىس سىزىلغان بولۇپ، ئەسلە-
دىكى بۇيۇمنىڭ قىياپىتى ۋە ئۇسلۇبىنى ئىپادىلەپ بېرە-
لەيتتى. گۈل نۇسخىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى رەتلەنگەن ھەم
قايتىدىن رەتكە تۇرغۇزۇلۇپ تەھرىرلەنگەن. بۇلار ئا-
دەتتىكى ئوقۇرمەنلەر ۋە تەتقىقاتچىلار ئۈچۈن ئىشەنچلىك
ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 70 ـ
يىللىرى بۇ كىتابلار قايتىدىن بېسىلىپ چىقتى.

گرۈنۋېدېل، لىكوك ۋە ۋالدشمىدت قاتارلىقلار تام
رەسىملىرىگە قارىتا ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. بۇ
شەخسلەر ئوبرازىنىڭ تەھلىلى، مەزمۇنىنى تونۇش ھەمدە
بۇددىزم ئېتىقادى بىلەن ئىدىيەسىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق
قىلغان. ئۇلار قىزىل مىڭئۆينىڭ تام رەسىملىرى ئاساسەن
ساكيامۇنىنىڭ ھاياتىنى چۆرىدەپ قانات يايدۇرۇلغان.
راھىبلار ئىستىقامەت قىلىشقا دىققەت قىلغان بولۇپ، بۇ
يەردىكى ھىنايانا بۇددىزم ئېتىقادىنى چۈشەندۈرۈپ بې-
رەتتى. تام رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بو-
لۇپ، ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قەندىھار رايونىدىكى
مەزمۇنلاردىن كۆپ ئىدى. قىزىل مىڭئۆينىڭ تام رەسىم-
لىرى ئاساسلىق ھالدا، تىلاۋەت غارلىرى ۋە چاسا
غارلارغا سىزىلغان. تىلاۋەت غارلىرىغا قويۇلغان بۇت
ھەيكىلى ساكيامۇنىنىڭ ھەيكىلى بولۇپ، تام رەسىمنىڭ
مەزمۇنى يارالمىش قىسمى، بۇددا تەرجىمىھالى، نوم
نوملاش، تەمسىل، نىرۋانا قىسسىسى، بۇددىزم رىۋايەتلە-
رى، بۇتقا تاۋاپ قىلىش، نوم ئاڭلاش، راھىب كالانلار
نوم نوملاش، ئىستىقامەت قىلىش، گۈل نەقىشلەرنى ئۆز
ئىچىگە ئالاتتى.

يارالمىش، بۇددا تەرجىمىھالى، تەمسىل، نوم
نوملاش قاتارلىق تەرەپلەردە گرۈنۋېدېل قاتارلىقلار
بۇددا نوملىرىغا ئاساسەن نۇرغۇنلىغان تام رەسىملىرىنىڭ
مەزمۇنىنى سېلىشتۇرۇپ بېكىتكەن يارالمىش قىسسىلىرىنى
مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتسەك، قىزىل مىڭئۆيدىكى يارالمىش
قىسسىلىرى ئاساسەن چايتىيا غارى ئاساسىي خانىسىنىڭ
يۆگىمە تورۇسىغا جايلاشقان. ئۇرنى كۆزگە چېلىقىپ تۇ-
رىدىغان بولۇپ، دائىرىسىمۇ ناھايىتى كەڭ ئىدى. ئۇ-
نىڭدىكى ھېكايىلەر تۆتاش كەتكەن رومبسىمان كاتەكچە
ئىچىگە سىزىلغان بولغاچقا، بۇ خىل رەسىملەر رومبسىمان
يارالمىش قىسسىسى دەپ ئاتالغان. ئاز ساندىكى يارالمىش
قىسسىسى باشقا شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بولۇپ،
ئورنى مۇقىم ئەمەس ئىدى. يارالمىش قىسسىلىرىنىڭ
دەۋرگە ئايرىلىشى توغرىسىدا ۋالدشمىدت تۆت چاسا
شەكىلدىكى يارالمىش قىسسىسى بىر قەدەر بۇرۇنراق كۆ-
رۈلگەن بولۇپ، رەسىملەر توغرىسىغا تىزىلغان. رەسىم
ۋە جابدۇقلار مۇرەككەپ، شەخسلەر كۆپ، رەسىم بىر
قەدەر نەپىس، مەزمۇنى مال ـ مۈلۈك سەدىقە بېرىش ۋە
جاپا چېكىپ باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ئاساس قىلغان.
رومبسىمان يارالمىش رەسىملىرى بىر قەدەر كېيىن پەيدا
بولغان بولۇپ، رەسىملىرى كىچىك، سورۇن جابدۇقلىرى
ۋە شەخسلەر ناھايىتى ئاددىي، مەزمۇنى گۆش سەدىقە
بېرىشنى ئاساس قىلغان ھېكايىلەر بىر قەدەر كۆپ بو-
لۇپ، ھېكايە مەزمۇنىنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرۈپ بەر-
گەن. قىزىل مىڭئۆي يارالمىش قىسسىسى رەسىملىرى ئا-
ساس قىلغان نوملار سانسكرىت ياكى كۇسەن تىلىدىكى
نوملار بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنىڭ بىر قىسمى
رەتلەپ چىقىلدى. ئەمما ھازىرغىچە خەنزۇ يېزىقىدىكى
نوملار بايقالمىدى. سانى كۆپ بۇ خىل يارالمىش قىسسە-
لىرى مەلۇم بىر خىل نومدىن كېلىپ چىقمىغان. بۇنىڭ
سەۋەبىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا
توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردىكى يارالمىش رەسىملىرىنىڭ مەز-
مۇنى، خاراكتېرى ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا ھەمدە جە-
نۇبىي ئاسىيا بىلەن ئوخشىمايتتى. ئۇ يەردە گۆشنى كې-
سىش، كۆزىنى ئويۇپ قولىنى كېسىش، پۇتىنى كېسىشتەك
مەزمۇنلار يوق ئىدى. شۇڭا، قىزىل مىڭئۆينىڭ ئۇ يەر-
دىن مۇناسىۋەتلىك رەسىمچىلىك ئەندىزىلىرىگە ئىگە بو-
لۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ۋالدشمىدت پۈتۈن زېھنىنى
قىزىل مىڭئۆي يارالمىش رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنىنى تەتقىق
قىلىشقا قاراتقان. ئۇ كۆرگەن يارالمىش ھېكايىسىنىڭ ئەس-
لىي نۇسخىسى، فوتو سۈرىتى ۋە سىدام سىزمىلىرى جەم-
ئىي176 پارچە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 168 پارچە رە-
سىمنىڭ مەزمۇنىنى نوملارغا ئاساسەن سېلىشتۇرۇپ 69
خىل يارالمىش قىسسىسىنى بېكىتىپ چىقتى. تېخى بېكىتىپ
چىقالمىغان بىر قانچە پارچە رەسىم ئاساسەن 17 ـ ، 38 ـ ،
178 ـ غارغا مەركەزلەشكەن. بۇ تام رەسىمدە شەخسلەر.

نىڭ ئوبرازى قىسقارتىلغان بولۇپ، روشەن ئالاھىدىلىك
ئاز ئىدى.[4] قىزىل مىڭئۆيدە ھازىر ساقلىنىپ قالغان
يارالمىش رەسىملەرنىڭ بەزىلىرىنى گېرمانىيەلىك كۆرۈپ
باقمىغان، بەزىلىرىنىڭ گېرمانىيەدە فوتو سۈرەت قاتارلىق
ماتېرىيالى يوق بولغاچقا، گېرمانىيەلىكلەر بۇ يارالمىش
قىسسىلىرىنى تەتقىق قىلالمىغان.

چايتىيا غارلىرىدا ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغىنى
ئاساسىي خانىنىڭ ئىككى تېمىغا سىزىلغان بۇددا تەرجىمە-
ھالى توغرىسىدىكى رەسىملەر بولۇپ، ساكيامۇنىنىڭ بۇد-
دىھى (buddhi) دەرىخى ئاستىدا كامالەتكە يەتكەندىن
كېيىن گانگا دەريا ۋادىسىدىكى ھەر قايسى جايلارغا بې-
رىپ، نوم نوملىغانلىق توغرىسىدىكى ئىش ئىزلىرى بايان
قىلىنغان. بۇ خىل ھېكايىلەرنىڭ ھەجمى چوڭ، شەخسلەر
كۆپ، ئوبرازلار جانلىق، مەزمۇنى ھەر خىل ئىدى. رە-
سىم يۈزى ناھايىتى ئېنىق بولغان نوم نوملاش رەسىملە-
رىنىڭ كۆپ قىسمىنى گىرۈنۋېدېل نوملارغا ئاساسەن
مەزمۇنىنى ئېنىقلاپ چىققان.

چايتىيا غارلىرىنىڭ ئاساسىي خانىسى تورۇس قىسمى-
غا بەزى ۋاقىتلاردا رومبىسىمان ۋەج - سەۋەب ھېكايى-
سى سىزىلغان بولۇپ، گېرمانىيەلىك بۇ خىل ھېكايىلەرنى
avaadana دەپ ئاتىغان. ھەر بىر رومبا بۇتنىڭ نوم
نوملىشىنى مەركەز قىلغان. سۆزلەنگەن مەزمۇن بۇتنىڭ
ئىككى تەرىپىدىكى شەخسلەر ياكى نەرسىلەرنىڭ قىياپەت-
لىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. مەزمۇنى بولسا بۇتقا تېۋى-
نىش بىلەن بۇتنى ۋەيران قىلىش كەلتۈرۈپ چىقارغان سە-
ۋەب - ۋەج مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلغان. ئۇنىڭ بىر
قىسمى ھەر خىل Avadana نوملىرىدىن ئېلىنغان. گى-
رۈنۋېدېل بىلەن ۋالدشمىدت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قىس-
مەن سەۋەب - ۋەج قىسسىلىرىنى تەكشۈرۈپ دەلىللەپ
چىققان.

بۇددا تەرجىمىھالى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر چايتىيا
غارى ۋە نوم نوملاش غارى (چاسا غارلار) دا بولۇپ،
ئادەتتە بىر قەدەر تارقاق، ھەر بىر يۈرۈش رەسىمنىڭ
سانىمۇ ئاز ئىدى. بىراق 110 - غاردا ساكيامۇنىنىڭ تۇ-
غۇلغىنىدىن تارتىپ نىرۋاناغا يەتكۈچە بولغان 60 پارچە
رەسىمى سىزىلغان بولۇپ، ساكيامۇنىنىڭ بىر پۈتۈن ئۆ-
مۈر مۇساپىسى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇرۇنقى نۇر-
غۇنلىغان تەرجىمىھاللاردەك بىر - بىرىگە ئۇلاشقان بۇ
خىل بۇددا تەرجىمىھالى توغرىسىدىكى ھېكايە ھىندىستان،
ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جەنۇبىي ئاسىيادا كۆرۈلۈپ باقمىغان.
ۋالدشمىدت ھەر بىر پارچە رەسىمنىڭ مەزمۇنى ۋە
شەخسلەرنى تولۇق بېكىتىپ چىقتى.[5]

بۇددىزم تارىخىي رىۋايەتلىرى تەسۋىرلەنگەن تام
رەسىملىرى ساكيامۇنىنىڭ ھايات ۋاقتى ۋە ئۇنىڭدىن كې-
يىنكى ۋاقىتلاردىكى بۇددىزم تارىخىغا ئائىت رەسىملەرنى
كۆرسەتتى. ھېچبولمىغاندا ساكيامۇنىنىڭ تۇغۇلۇشتىن بۇ-
رۇنقى ساكيا قەبىلىسىنىڭ تارىخىي رەسىملىرىمۇ بۇ تىپقا
تەۋە ئىدى. قىزىل مىڭئۆيدىكى بۇددىزم تارىخى تەسۋىر-
لەنگەن رەسىملەر ئاساسلىق ھالدا 67 - ، 118 - ، 224 -
غارلارغا تارقالغان. ئېنىقلاپ بېكىتىلگەنلىرىدىن سۇدانا
(sudana) بىلەن كوليا، گىرتھى ئىككى خان جەمەتىنىڭ
ھېكايىسى بوتساتۋانىڭ ئەرشئەلاغا چىقىشى، بىرىنچى قې-
تىملىق يىغىلىش قاتارلىقلار بار. نىرۋانا(nirvana) رە-
سىمى ھەمىشە چايتىيا غارىنىڭ ئارقا كارىدورىنىڭ ئوتتۇ-
رىسىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇددانىڭ ئۆرۈش ئالدىدا
گاندارھارۋا (Gandharva) نى ئەل قىلىشى، سەككىز
دۆلەتنىڭ شارىرا (sarira) جەسەت كۈل قۇتىسى( تالى-
شىشى، ھەر قايسى دۆلەتنىڭ ستۇپا (stupa) (مۇنار دې-
گەن مەنىدە) قوپۇرۇپ سەدىقە بېرىشى قاتارلىق كۆپلى-
گەن سورۇننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. گېرمانىيەلىكلەر بۇ
تام رەسىملىرىنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلغان. ئۇلارنىڭ
ئىچىدىكى سەھنە جابدۇقلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسى-
دىمۇ تەپسىلىي توختالغان[3] ساخاۋەتچىلەر رەسىمى ناھايى-
تى ئالاھىدە بولغان سىزما بولۇپ، كۆپ قىسمى چايتىيا
(Caitya) غارلىرىنىڭ كارىدورىغا تارقالغان. گىرۈنۋېدېل
قاتارلىقلار ئىلگىرى بۇ ساخاۋەتچىلەرنىڭ ئىرقى، مىللى-
تى، سالاھىيىتى، دەرىجىسى، كىيىم - كېچەكلىرى، يېنىغا
ئېسىلىۋالغان قورال - ياراغلىرى ۋە زىبۇ زىننەت قاتار-
لىقلارنى تەتقىق قىلىپ بولغان.

---

ئىزاھلار:

① لىكوك: «جۇڭگو شىنجاڭدىكى تەكشۈرۈش خاتىرى-
سى»، «ئىنسانشۇناسلىق، ئىرقشۇناسلىق ۋە يىراق قەدىمكى تا-
رىخ ژۇرنىلى» 1907 - يىلى بېرلىن نەشرى.

② گىرۈنۋېدېلنىڭ 1909 - يىلى 11 - ئاينىڭ 20 - كۈ-
نى گېرمانىيەدە ئىرقشۇناسلىق جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ
40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق تېمىسى
«گېرمانىيە 3 - قېتىملىق تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارخېئولو-
گىيەلىك نەتىجىسى».

③ «جۇڭگو شىنجاڭدىكى قەدىمكى بۇتخانىلار» دېگەن
كىتابنىڭ قوشۇمچە تېمىسى «1906 - يىلى ۋە 1907 - يىلى
كۇچا، قارا شەھەر، تۇرپاندىكى ئارخېئولوگىيەلىك خىزمەت
دوكلاتى»دۇر. 1912 - يىلى بېرلىن نەشرى.

④ كوروس زاتوپانسكي تۈزگەن: «گېرمانىيە تۇرپان تەك-
شۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە جەريانى ۋە نەتىجىسى»،
«شەرقشۇناسلىق مۇججەتلىرى» 3 - تومغا بېسىلغان. 1913 -
يىلى لېيپزىگ نەشرى.

⑤ «گېرمانىيە تۇرپان 4 - قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە

ەترىتى» 1918 ـ يىلى بوداپىشت نەشرى.

⑥ «قەدىمكى كۇچا» (« AIT ـkutetha ») دېگەن ئەسەرنىڭ قوشۇمچە نامى بولسا «مىلادى 8 ـ ئەسىردىكى بۇددا مىڭئۆيلىرى تام رەسىملىرىنىڭ ئارخېئولوگىيەسى ۋە دىن تارىخشۇناسلىقى توغرىسىدا تەتقىقات» بولۇپ 1920 ـ يىلى بېرلىندا نەشر قىلىنغان. لىكوك 1926 ـ يىلى ئۆزىنىڭ شىنجاڭ ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى بولغان «جۇڭگو شىنجاڭدىكى ئېللىنىزىم ئۇسلۇبىدىكى خارابىلەرنى تەكشۈرۈش خاتىرىسى» دېگەن ئەسەرىدە : «بۇ كىتاب ‹قەدىمكى كۇچانى كۆرسىتىدۇ›»نى ئىشلەتكەندە قاتتىق دىققەت قىلىش كېرەك. كىتابتىكى سۈرەتلەر ناھايىتى نەپىس. قارىشىمچە كىتابتا نەقىل كەلتۈرۈلگەن تىبەت يېزىقىدىكى ھۆججەت ۋە خەرىتە مانى دىنىي رەسىملىرى ھەمدە باشقا كىچىك رەسىملەرنىڭ كۆچۈرمە رەسىمى پۈتۈنلەي ئىشەنچسىز. قەدىمكى مەدەنىيەت توغرىسىدىكى بايانلارمۇ بۇنىڭدىن قېلىشمايتتى» دەپ يازغان. مۇئەللىپ 1982 ـ يىلىدىن 1983 ـ يىلىغىچە ئەينى چاغدىكى غەربىي بېرلىن ھىندىستان سەنئەت مۇزېيى بىلەن ھەمكارلىشىپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان. مۇزېينىڭ بۇرۇنقىسى دەل گىرۇنۋېدېل بىلەن لىكوك خىزمەت قىلغان فولكلور مۇزېيى ئىدى. مۇئەللىپ ئىلگىرى مۇزېيدىكى تەتقىقاتچىلاردىن بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلغاندا شۇنىسى مەلۇم بولدىكى، گرۇنۋېدېل بىلەن لىكوك ئەينى چاغدا بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۆز ئارا غىجىرلىشىپ قالاتتى. بۇنىڭدىن باشقا گرۇنۋېدېل روھىي جەھەتتىنمۇ سەل نورمال ئەمەستەك قىلاتتى. مۇئەللىپ لىكوكنىڭ «قەدىمكى كۇچا» دېگەن ئەسىرىنىڭ بەزى جايلىرى ئىشەنچلىك ئەمەس دېگىنى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، تىبەتچىدىكى نەقىل كەلتۈرگەن ئېكسىت ھەمدە خەرىتىلەرنى يېقىنقى يىللاردىكى مىڭئۆي تەتقىقاتچىلىرى لىخاسادىكى شىزاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش كومىتېتىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان خەرىتىلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى ئۇچراتقان، مانى دىنى رەسىملىرىنى كۆچۈرۈپ سىزغان رەسىملەرگە كەلسەك، تورپاندا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان مانى دىنى مىڭئۆي بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىدىنمۇ ئەمەلىي ئىسپاتقا ئېرىشەلەيمىز.

⑦ «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋرلىرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدىكى بۇددىزم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» دېگەن ئەسەرنىڭ قوشۇمچە تېمىسى «پىروسسىيە خانلىق تورپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ خىزمەت نەتىجىسى» بولۇپ، 1922 ـ يىلىدىن 1933 ـ يىلىغىچە بېرلىندا نەشر قىلىنغان. 1973 ـ يىلىدىن 1975 ـ يىلىغىچە ئاۋستىرىيە گېرازدا مىكرو نۇسخىسى نەشر قىلىندى. بۇ كىتاب يەتتە تومدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ھەر بىر تومنىڭ نامى تۆۋەندىكىچە: 1) ھەيكەل؛ 2) مانى دىنى سىزمىلىرى؛ 3) تام رەسىمى؛ 4) تام رەسىملىرى ئاتلىسى؛ 5) يېڭىدىن بايقالغان تام رەسىملىرى( Ⅰ )؛ 6) يېڭىدىن بايقالغان تام رەسىملىرى( Ⅱ )؛ 7) يېڭىدىن بايقالغان تام رەسىملىرى( Ⅲ ).

⑧ لىكوك: «ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئىتى ۋە مەدەنىيەت تارىخ ئاتلىسى»، 1925 ـ يىلى بېرلىن نەشرى، 1977 ـ يىلى ئاۋستىرىيە گىرازدا كىچىكلىتىلگەن نۇسخىسى نەشر قىلىندى. بۇ كىتابتا قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرىنىڭ غەربنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدا بايان ۋە كۆپلىگەن قىستۇرما رەسىملەر بار.

⑨ ۋالدشمىدت: «قەندىھار كۇچا، تورپان»، 1925 ـ يىلى پىدگ نەشرى.

⑩ بۇ ھەقتىكى ئەسەرلەر ئىچىدە لودېرس (Luders، H)نىڭ ئەسىرى ئەڭ مۇھىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، «شىنجاڭنىڭ تارىخ ۋە جۇغراپىيەسى» ھەمدە «شىنجاڭنىڭ تارىخ ۋە جۇغراپىيەسى توغرىسىدا قايتا مۇلاھىزە»دىن ئىبارەت. بۇ ئىككى پارچە ماقالە ئۆزىنىڭ «ھىندىستان تىللىرى فىنولوگىيەسى» دېگەن ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن.

⑪ لىكوكنىڭ ئىككى تەكشۈرۈش خاتىرىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، 1926 ـ يىلى لېيىزگدا نەشر قىلىنغان «شىنجاڭنىڭ يۇنان ئۇسلۇبىدىكى خارابىلەرنى تەكشۈرۈش خاتىرىسى» بولۇپ، بۇ ئەسەردە گېرمانىيەنىڭ 2 ـ قېتىملىق ۋە 3 ـ قېتىملىق تەكشۈرۈش ئەترەتلىرىنىڭ خىزمىتى بايان قىلىنغان، يەنە بىرى بولسا، «شىنجاڭنىڭ ئاھالىسى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى» 1928 ـ يىلى لېيىزگ نەشرى. بۇ كىتابتا گېرمانىيە 4 ـ قېتىملىق تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ خىزمەت جەريانى بايان قىلىنغان.

⑫ پىروفېسسور. ھارتېل (H. Hartel) فېدېراتىپ گېرمانىيەدىكى مەشھۇر ھىندشۇناس بولۇپ، ئىلگىرى ۋالدشمىدتىدىن سانسكرىت تىلى ئۆگەنگەن. ئۇ غەربىي بېرلىن ھىندىستان سەنئەت مۇزېيىنىڭ قورغۇچىسى ۋە تۇنجى مۇدىرى، غەربىي گېرمانىيە ئەركىنلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى. ئۇ قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرى ۋە شۇ يەردىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر توغرىسىدا ئاز بولمىغان ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئاساسلىقلىرىدىن «تورپان ۋە قەندىھار» 1964 ـ يىلى بېرلىن نەشرى، «ھىندىستان ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا»، بېرلىن 1971 ـ يىلى نەشرى، 1985 ـ يىلى ھارتېل ئىچكى قىسمىدا چىققان.

⑬ يېڭىدىن نەشر قىلىنغان ئۇنىۋېرسال تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن بۇنىن ئۇنىۋېرسىتېتى دىن تەتقىقات ئورنىنىڭ مەخسۇس ئەسىرى «يىپەك يولى: شەرق ـ غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولى ۋە مەدەنىيەت كۆۋرۈكى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1988 ـ يىلى كىئولىن نەشرى. بۇ كىتابتا قىزىل مىڭئۆي تام رەسىمدىن قەدىمكى كۇسەندىكى مىللەت، دىن ھەمدە شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەت چەمبىرىكى تەسىرىدىكى كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ئىزلەنگەن.

⑭ ۋالدشمىدت شەرقىي ـ غەربىي گېرمانىيەنىڭ نۆۋەتتىكى مەشھۇر ھىندشۇناس ئالىملىرىدىن بىرى. مەملىكىتىمىزدىكى مەشھۇر سانسكرىت تىللىرى ئالىمى، پىروفېسسور جى شيەنلىن مۇشۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن 40 ـ يىللىرىغىچە گوتتېنگېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ۋالدشمىدتتىن سانسكرىت تىلى، كۇسەن تىلى، قارا شەھەر تىلى قاتارلىق تىللارنى ئۆگەنگەن. ۋالدشمىدت دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ گوتتىنگىندىكى بىر يۇرۇش ئون نەچچە ئېغىز ئۆي ۋە ئۆزى ساقلاپ كەلگەن كىتابلىرىنى ھىندشۇناسلىق خىزمەت ئورنى قىلىشقا تەقدىم قىلىدۇ. مۇئەللىپ 1981 ـ يىلى ۋالدشمىدت ئەپەندىنىڭ يېڭى تۇرالغۇسىدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۇشكە مۇيەسسەر بولغان ۋە ئۇنىڭ يۇقىرىقى چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلىغان، ۋالدشمىدت ئەپەندى 1985 ـ يىلى ۋاپات بولغان. 1987 ـ يىلى بېرلىن ھىندىستان سەنئەت مۇزېيى ۋالدشمىدت ئەپەندىنىڭ ھاياتى ۋە تەتقىقات كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلىگەن.

⑮ دېموكراتىك گېرمانىيەدىكى قولىيازمىلار توپلىمى، 20 خىلدىن ئارتۇق، قولىيازمىلارنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋاللىرى ئۈچۈن 1970 ـ يىلى شەرقىي بېرلىندا نەشر قىلىنغان. «شەرقشۇناسلىق بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان قولىيازمىلار ۋە ساقلا-

ما بۇيۇملار» ھەمدە 1971 ـ يىلىدىن بېرى نەشر قىلىنغان قوليازمىلارغا قاراڭ.

⑯ شىنجاڭ مىڭئۆي تام رەسىملىرىنىڭ بىر قانچە ئالاھىدىلىكى ھەمدە يىل، دەۋرى توغرىسىدا گرۈنۋېدېل بىر قانچە قېتىم توختالغان. ئەڭ دەسلەپ 1909 ـ يىلى سۆزلىگەن «گېرمانىيە 3 ـ قېتىملىق تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك نەتىجىلىرى»دە كۆرۈلىدۇ. يەنە 1920 ـ يىلىدىكى «شىنجاڭدىكى قەدىمكى بۇتخانىلار»دېگەن ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزىدە تەپسىلىي توختالغان ھەمدە كونكرېت غارلارنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. 1920 ـ يىلى يەنە «قەدىمكى كۇچا» دېگەن ئەسەرنىڭ كىرىش سۆزىدىمۇ دەسلەپكى باسقۇچتىكى رەسىملەر ئۇسلۇبىنىڭ يىل دەۋرىنى بايان قىلغان، ئۇنىڭ ئاساسى بولسا تام رەسىملىرىدە رىم ئىمپېرىيەسى (ئادەتتە سۇرىيەلىك رەسساملىرى كۆرسىتىدۇ دەپ قارىلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرچە تەرجىمان)دىن كەلگەن رەسسام نامىنىڭ كۆرۈلۈشى ئىدى. قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرى توغرىسىدا ئۇ بىرىنچى خىل ئۇسلۇبقا تەۋە بولغانلاردىن 76 ـ، 77 ـ، 83 ـ، 84 ـ، 92 ـ، 149 A ـ، 167 ـ، 207 ـ، 212 ـ نومۇرلۇقلاردىن 9 غار بار. ئىككىنچى خىل ئۇسلۇبقا تەۋە بولغانلاردىن 4 ـ، 7 ـ، 8 ـ، 17 ـ، 38 ـ، 58 ـ، 63 ـ، 67 ـ، 80 ـ، 114 ـ، 123 ـ، 192 ـ، 198 ـ، 205 ـ، 206 ـ، 224 ـ، نومۇرلۇق غارلاردىن ئىبارەت 17 غار ئىدى دەپ قارايدۇ.

⑰ لىكوك 1924 ـ يىلى تۇنجى بولۇپ شىنجاڭ مىڭئۆي تام رەسىملىرىنىڭ يىل دەۋرىنى ئومۇمىيۈزلۈك بايان قىلغان ماقالىسىنىڭ تېمىسى «تام رەسىملىرىنىڭ سەنئەت ئۇسلۇبى توغرىسىدا» بولۇپ، «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋرلىرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىكى بۇددىزم يادىكارلىقلىرى» دېگەن ئەسەرنىڭ 3 ـ تومىغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇ بىرىنچى خىل ئۇسلۇبقا 76 ـ، 83 ـ، 84 ـ ، 110 ـ ، 118 ـ ،207 ـ ، 212 ـ نومۇرلۇق غارلار تەۋە دەپ قارايدۇ.

⑱ ۋالدشمىدتنىڭ يىل، دەۋرى ۋە دەۋرلەرگە ئايرىش كۆز قارىشى بايان قىلىنغان ماقالە ئۈچۈن «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋرلىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى بۇددىزم يادىكارلىقلىرى» 7 ـ تومىغا قاراڭ. ئۇ ماقالىسىدە ساخاۋەتچىلەر ئىسمىنىڭ يېزىلىش شەكلى ھەمدە قىزىل مىڭئۆيدىن تېپىلغان قوليازمىلارنىڭ يىل، دەۋرى مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختالغان. 1906 ـ يىلى گېرمانىيەدە 3 ـ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى قىزىل مىڭئۆيدە بىر نوم ساقلاش غارىنى بايقىغان. بۇ غار ھازىرقى67 ـ نومۇرلۇق غارنى كۆرسىتەتتى. غاردىن نورغۇنلىغان قەدىمكى قوليازمىلار تېپىلغان. قوليازمىلار ئۈچ خىل يېزىق شەكلىدە يېزىلغان. 1 ـ خىلى، بىراھما يېزىقىنىڭ دەسلەپكى شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر قىسمى ھىندىستاندىن كىرگەن، باشقا بىر قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيا كۇشان يېزىقىغا ياكى دەسلەپكى دەۋردىكى كىدارا يېزىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، يىل، دەۋرى مىلادى 2 ـ ئەسىردىن 4 ـ ئەسىرگىچە ئىدى. 2 ـ خىلى بولسا، شەرقىي تۈرك بىراھما يېزىقىنىڭ دەسلەپكى شەكلى بولۇپ، قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە، 6 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن بۇرۇن ئەمەس ئىدى. 3 ـ خىلى بولسا، شەرقىي تۈرك بىراھما يېزىقىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى شەكلى بولۇپ، مىلادى 600 ـ يىلىدىن كېيىنلا شەكىللەنگەن. يېزىقنىڭ يىل، دەۋرى قىزىل مىڭئۆيدە مىلادى 7 ـ ئەسىردە يەنىلا ئىشلىتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يېزىقلار بىلەن غارلاردىكى بېغىشلىمىلارنى سېلىشتۇرغاندا بىرىنچى خىل رەسىم ئۇسلۇبىدىكى بېغىشلىمىلار بۇرۇنقى دەۋردىكى يېزىق شەكلىگە تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى207 ـ نومۇرلۇق غار مىلادى 5 ـ 6 ـ ئەسىرلەردە يەنى مىلادىيە 500 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە سىزىلغان. بۇ بىرىنچى خىل رەسىم ئۇسلۇبىنىڭ كېلىپ چىققان يىل دەۋرى 20 ـ خىل ئۇسلۇبتىكى بېغىشلىمىلار كېيىنكى دەۋرلەردىكى يېزىق شەكلى بولۇپ، مىلادىيە 600 ـ يىللار ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەرگە تەئەللۇقتۇر. مىلادىيە 600 ـ يىلىدىن 650 ـ يىلىغىچە راسا گۈللەنگەن دەۋر ئىدى دەيدۇ. تېپىلغان قوليازمىلار ئىچىدە بىرسى ئىبادەتخانىنىڭ ھېسابات دەپتىرى ئىدى. ئۇنىڭدىن كۆسەندىكى بىر قانچە پادىشاھنىڭ ناملىرىنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسى توتىكا (Totika) بولۇپ، مىلادى 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تەختتە ئولتۇرغان. ھېسابات دەپتىرىدە بۇ پادىشاھنىڭ خانىشى سىۋايام پىرابھانىڭ ئىسمىمۇ كۆرۈلگەن. قىزىل مىڭئۆينىڭ 205 ـ نومۇرلۇق غارىدىكى ساخاۋەتچىلەر دەل بۇ پادىشاھ بىلەن خانىشتۇر. بۇ غارنىڭ تام رەسىملىرى 2 ـ خىل رەسىم ئۇسلۇبىغا تەۋە بولۇپ، سىزىلغان دەۋرى 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا تەۋە ئىدى.

⑲ سۇبەي : «قىزىل مىڭئۆيدىكى قىسمەن غارلارنىڭ باسقۇچلارغا ئايرىلىشى ۋە يىل، دەۋرى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «قىزىل مىڭئۆينىڭ ئارخېئولوگىيەلىك دوكلاتى» غا بېسىلغان، 161 ـ بەتكە قاراڭ. مەدەنىيەت يادىكارلىقلار نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى بېيجىڭ .

⑳ گرۈنۋېدېل بايان قىلغان غارلارنىڭ تۈزۈلۈشى، قۇرۇلمىسى ھەمدە سىزغان قۇرۇلۇش ئىسكىلىتىنىڭ مىسالى «شىنجاڭدىكى قەدىمكى بۇتخانىلار» دېگەن ئەسەردە كۆرۈلىدۇ.

㉑ لىكوك تەتقىق قىلغان غارلارنىڭ قۇرۇلۇش شەكىللىرىنىڭ تىپلارغا ئايرىلىشى توغرىسىدىكى ماقالىسى «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋرلىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى بۇددىزم يادىكارلىقلىرى» دېگەن ئەسەرنىڭ 3 ـ تومىغا بېسىلغان.

㉒ ۋالدشمىدت تەتقىق قىلغان جاتاكا ( jataka) ـ ياراللىش تام رەسىم ھېكايىسى توغرىسىدىكى ماقالىسى «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى بۇددىزم يادىكارلىقلىرى»نىڭ 6 ـ تومىغا كىرگۈزۈلگەن.

㉓ 110 ـ نومۇرلۇق غاردىكى بۇددا تەرجىمىھالى توغرىسىدا رەسىملەرنى تونۇپ بېكىتىش توغرىسىدىكى ماقالە ئۈچۈن «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى بۇددىزىم يادىكارلىقلىرى» نىڭ 4 ـ تومىغا قاراڭ.

㉔ لىكوك تۈزگەن «ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئىتى ۋە مەدەنىيەت تارىخىي رەسىملىك چۈشەندۈرۈشى» ھەمدە گىرۈنۋېدېلنىڭ «شىنجاڭدىكى قەدىمكى بۇتخانىلار» دېگەن ئەسەرگە قاراڭ. بۇ ماقالە «قىزىل مىڭئۆينىڭ ئارخېئولوگىيەلىك دوكلاتى» دېگەن كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى. 1997 ـ يىلى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى. بېيجىڭ.

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۆسەن تەتقىقات يۇرتىدا

# تارىخشۇناس، شائىر
# مەمتىمىن بائىزى ھەققىدە

قاھار نىياز

تارىخشۇناس، شائىر مەمتىمىن بائىزى 1917 ـ يىلى كۇچا ناھىيەسىنىڭ قىغدۇك مەھەللىسىدە، مەشھۇر جامائەت ئەربابى، شائىر قارىي بائىزى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1925 ـ يىلدىن 1934 ـ يىلغىچە مەدرىسلەردە، 1934 ـ يىلدىن 1936 ـ يىلغىچە كۇچا دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. 1936 ـ يىلدىن 1948 ـ يىلغىچە كۇچا ۋە توقسۇ ناھىيەلىرىدە ئوقۇتقۇچى، مەكتەپ مۇدىرى، مائارىپ بۆلۈمى باشلىقى، قوشۇمچە سانائىنەفىسە ئارتىسى ۋە مۇددرى بولغان. 1948 ـ يىلى ئاقسۇغا يۆتكىلىپ بېرىپ، ۋالىي مەھكىمىسى مائارىپ بۆلۈمىدە 1950 ـ يىلغىچە ئىشلىگەن. مۇشۇ مەزگىلدە ئۇ يەنە «ئاقسۇ گېزىتى»دە مۇھەررىرلىك، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى مائارىپ بۆلۈمىدە باش كاتىپلىق خىزمىتىنىمۇ قوشۇمچە ئۆتىگەن. ئۇ كۇچا ۋە ئاقسۇدا خىزمەت قىلىۋاتقان مەزگىللىرىدە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تەشكىلاتقا قاتناشقان ۋە تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى بېسىپ تارقىتىپ، كىشىلەرنى ئىدىيە جەھەتتە ئويغىتىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان.

مەمتىمىن بائىزى 1950 ـ يىلى ئاقسۇدا ئېچىلغان كادىر تەربىيەلەش كۇرسىنى پۈتكۈزۈپ، 1950 ـ يىلدىن 1959 ـ يىلغىچە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى ۋە مەمۇرىي مەھكىمە مالىيە، باج بۆلۈمىدە خىزمەت قىلغان. 1959 ـ يىلى ئۇنىڭغا خاتا ھالدا «ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇر» دېگەن قالپاق كىيدۈرۈلۈپ، خىزمىتىدىن توختىتىلغان. 20 يىلدىن كېيىن، يەنى 1978 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاقلىنىپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك باج باشقارمىسىغا قايتا خىزمەتكە قويۇلغان. 1979 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىقىپ، 1986 ـ يىلى 8 ـ ئايدا 62 يېشىدا ئۇرۇمچىدە ۋاپات بولغان.

مەمتىمىن بائىزى دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، بىر ئۆمۈر تىرىشىپ ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىپ ۋە ئىزدىنىپ، كۆپلەگەن ئىجادىي ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى رويابقا چىقارغان. ئۇنىڭ شېئىر ۋە سەھنە ئەسەرلىرى 1936 ـ يىلدىن باشلاپ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە باشلىغان. 1938 ـ يىلى ئۇ «زايىت لوزۇڭ» ناملىق كومېدىيەنى يېزىپ، ئۆزى باش رول ئېلىپ، خەلق ئىچىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىر تۈركۈم غەزەل، مەسەل، رۇبائىي ۋە باشقا ژانىردىكى ئەسەرلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئاقسۇ گېزىتى»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان.

مەمتىمىن بائىزىنىڭ ئاساسلىق ئىلمىي ئەمگىكى تارىخشۇناسلىق، تەزكىرىشۇناسلىق ۋە قەدىمكى ئەسەرلەر تەتقىقاتىدا كۆرۈلىدۇ. ئۇ ھاياتىدا كۆپلىگەن فولكلور نەمۇنىلىرى، كلاسسىك ئەسەرلەرنى بىۋاسىتە خەلق ئاردسىدىن قېزىپ توپلىغان.

بولۇپمۇ ئۇ 1978 ـ يىلى خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئاقسۇ شەھەرلىك يەر ناملىرى ـ تەزكىرە ئىشخانىسى ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش ئىشخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىنىپ، چاغاتايچە، ئوردۇچە، پارسچە، ئەرەبچە يېزىلغان كۆپلىگەن ئەدەبىي ئەسەر، تارىخىي ۋەسىقە، رىۋايەتلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قە



لىپ، نەشرگە تەييارلاپ بۇ ساھەدە جىق تۆھپە قوشقان. ئۇنىڭ «شائىر موللاباقى يۈزبېشى»، «شائىر قارىي بائىزى تۆردى ۋە ‹دىۋان بائىزى› توغرىسىدا»، «ئاقسۇدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى»، «سۇلتان قىرمىش ئاتا تەزكىرىسى ھەققىدە»، «كۇچا ۋاڭلىرىنىڭ نەسەبنامىسى»، «1949 ـ يىلىدىن بۇرۇنقى باج ئەھۋالى ۋە باج ئېلىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا» قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، «ئاقسۇ قەدىمكى كىتابلار تەتقىقاتى»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان. ئۇ نەشرگە تەييارلىغان «موللا باقى شېئىرلىرى»، «موللا باقى لەتىپىلىرى»، «‹دىۋانى بائىز›دىن تاللانمىلار»، «يەكەن ساداسى»، «ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر» قاتارلىق نەچچە ئون پارچە ئەسەر «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» دا ۋە «سامانيولى»، «باياز»، «يىپەك يولىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر» قاتارلىق كىتابلاردا ئېلان قىلىنغان. مەمتىمىن بائىزنىڭ نەشر قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن قول يازما ھالىتىدىكى ئەسەرلىرىدىن «ئەلۋىدا»، (شېئىرلار توپلىمى)، «دۇنيا ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ئۈچ قىسىم)، «ئۇيغۇر تېبابىتىدىن ئاددىي قولايلىق رېتسېپلار» قاتارلىق كىتابلار، «قانغا قان»، «كۇچا قەھرىمانلىرى»، «باي چوڭمۇ، بەگ چوڭمۇ؟» قاتارلىق تارىخىي دراما ۋە كومېدىيەلەر، شۇنداقلا «قەدىمكى كۇسەننىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى»، «قاراخانىيلار خاندانلىقى ۋە سۇتۇق بۇغراخان»، «كۇچا دېھقانلىرىنىڭ دېموكراتىك ھەرىكىتى» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە ماقالىسى ۋە بىر قىسىم نەشرگە تەييارلىغان ئەسەرلىرى بالىلىرىنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئىگىلەشكە قارىغاندا، ئۇنىڭ 20 يىللىق نەزەربەندلىك ۋە سەرگەردانلىق ھاياتىدا يەنە نۇرغۇن ئەسەرلىرى مۇسادىرە قىلىنغان، كۆيدۈرۈلگەن ۋە ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن. مەسىلەن، «يەتتە ئىقلىم ھۆكۈمرانلىرى» (چوڭ تەزكىرە)، «مەمتىلىخان يېغلىقى»، «تۈرك ـ ئۇيغۇر تارىخى» (كىتاب)، «قارىي نىياز ۋە ھۆرنىسا» (شېئىرىي داستان)، «قارىي مەستۇرەم» (شېئىرىي داستان) ۋە باشقا ھېكايىلەر، ماقالىلەر شۇلار جۈملىسىدىندۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ ساقلاپ كەلگەن تارىخچى موللا مۇسا سايرامىنىڭ نۇرغۇن قول يازمىسى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

مەمتىمىن بائىزى ئىنتايىن جاپالىق شارائىتتا ياشاپ تۇرۇپمۇ قىلچە مىننەتسىز ھالدا ئۆزىنى ئىلىم ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، بىزگە نۇرغۇن ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

ئۇنىڭ تېخى ئېلان قىلىنمىغان ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە يورۇقلۇققا چىقىرىش بىز كېيىنكىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەلۋەتتە.

ئاپتور: «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتىدا

(بېشى 21 ـ بەتتە)

كۆرسىتىپ، «ئاۋۇ كۆكۈچ كۆرۈنگەن شۇ» دەپ قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىپتۇ. ئەمەلدارلار «ئاۋۇ كۆكۈش كۆرۈنگەن شۇمۇ» دېيىشىپ، ئاتلىرىنى دېۋىتىپ يېتىپ كېلىشىپتۇ. مەھەللىدىكىلەر چارۋا سويۇپ، قوغۇن ـ تاۋۇز تىلىپ، ئەمەلدارلانى راسا مېھمان قىلىپتۇ.

مېھماندارچىلىقنىڭ ئاخىرىدا مەھەللە خەلقى ھاكىمغا مەھەللىگە ئىسىم قويۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ھاكىم ئويلىنىپ كېتىپ، يولدا كەلگۈچە قىلىشقان گەپ ـ سۆزلەرنى ئېسىگە ئېلىپ، مەھەللىلەرنىڭ نامى «كۆكۈش» بولغاي دەپتۇ. شۇندىن تارتىپ بۇ جاي «كۆكۈش» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپتۇ.

يەنە بەزىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ھاكىم شۇ مەھەللىگە چىققاندا بۇ جاينىڭ سۇ ۋە تۇپرىقىغا قاراپ، ـ «بۇ جاينىڭ تۇپرىقى ياخشى، سۈيى ئەلۋەك ئىكەن، كىشىلەر كۆپرەك كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشسا بولغۇدەك..» دېگەنمىش. شۇنىڭ بىلەن ھاكىمنىڭ «كۆپ، كۆچ» دېگەن سۆزى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «كۆكۈش» دەپ ئۆزگىرىپ قالغان دېيىشىدۇ.

ھازىرمۇ بۇ جاينىڭ سۈيى ئەلۋەك، يەر ئاستى سۈيىمۇ مول بولغاچقا پۈتۈن مەھەللە بۈك باراقسان دەل ـ دەرەخ، باغ ـ ئورمانلار بىلەن قاپلانغان. يازنىڭ تومۇز كۈنلىرى سەھرانىڭ باشقا جايلىرىدا پوركاپ توپا، چاڭ ـ توزاڭلار ئۈچۈپ تۇرسا كۆكۈش يەنىلا بىر خىل يېشىلچىلىق، كۆكۈش ھالەتتە بولۇپ، يوللار ھازىرلا سۇ سېپىپ قويغاندەك تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جاي سەي ـ كۆكتات، قوغۇن ـ تاۋۇز ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدىغانلىقتىن ھازىرمۇ بېھىشباغ يېزىسىنىڭ مۇھىم سەي ـ كۆكتات، قوغۇن ـ تاۋۇز بازىسى بولۇپ كەلمەكتە. كەنت يوللىرىنىڭ ئاسفالتلىشىشىغا، باغ ـ ئورمانچىلىق تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ پۈتۈن كەنت ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق «كۆكۈش» بولۇپ قالدى. بەزىلەر تېخى شىنجاڭ خەرىتىسىدە بىرلا «كۆكۈش» بار دەيدۇ.

ئاپتور: كۇچا ناھىيەلىك پارتىيە مەكتەپتە



# بېھشباغ يېزىسىدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى

قەيسەر كېبىر

بېھشباغ يېزىسى ئورۇن جەھەتتىن كۇچا ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىغا 12 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقىي تەرىپى سورتلۇق ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانى بىلەن، جەنۇبىي تەرىپى چىمەن بازىرى بىلەن، غەربىي تەرىپى ئۇچئۆستەڭ يېزىسى بىلەن، شىمالىي تەرىپى ئوچا، ئىشخىلا بازارلىرى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. 15 كەنتتىن تەركىب تاپقان.

1884 ـ يىلى ئۆلكە قۇرۇلغاندا كۇچا ئايماق مەھكىمىسىنىڭ يۇقىرىقى جەنۇبىي يېزىسى قىلىپ تەشكىللەنگەن. 1902 ـ يىلى كۇچا ئايمىقىغا قاراشلىق 3 ـ باشقۇرۇش رايونى قىلىپ تەسىس قىلىنغان. 1948 ـ يىلى مەمۇرىي رايونلارنى قايتا ئايرىغاندا 2 ـ 3 ـ 4 ـ رايونلارغا بۆلۈپ قوشۇۋېتىلگەن. 1950 ـ يىلى كونا تۈزۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ 5 ـ رايون قىلىپ تەسىس قىلىنىپ، نامى «كۆكتىكەن باشقۇرۇش رايونى» دەپ ئاتىلىپ، قارىمىقىدا بېھشباغ، شۆكول، چىنباغدىن ئىبارەت ئۈچ يېزا تەسىس قىلىنغان. 1956 ـ يىلى بېھشباغ، كۆكۇش، چىنباغدىن ئىبارەت ئۈچ يېزا تەسىس قىلىنغان. 1958 ـ يىلى يېزا تەۋەسىدە شەرق شامىلى، دولقۇن، پانۇستىن ئىبارەت ئۈچ ئالىي كوپېراتسىيە تەسىس قىلىنغان. 1959 ـ يىلى 3 ـ ئايغا كەلگەندە ئۈچ ئالىي كوپېراتسىيە قوشۇۋېتىلىپ شەرق شامىلى ئالىي كوپېراتسىيەسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى شەرق شامىلى ئالىي كوپېراتسىيەسى بېھشباغ ئالىي كوپېراتسىيەسى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، قارىمىقىدا كۆكۇش، بوستان، خانقا، چىنباغ دىن ئىبارەت تۆت باشقۇرۇش رايونى تەسىس قىلىنغان. 1966 ـ يىلى بېھشباغ ئالىي كوپېراتسىيەسى دېگەن نامى سۇنئىي ھەمراھ ئالىي كوپېراتسىيەسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1978 ـ يىلى بېھشباغ خەلق ئالىي كوپېراتىپى دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1984 ـ يىلى بېھشباغ يېزا دەپ ئاتالغان. ھازىرغىچە مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

بېھشباغ يېزا تەۋەسىدە بېھشباغ، خانقا، ئورمان، ئۆستەڭبويى، بوستان، كۆكۇش، گېدەكۆل، ئېلى يۇسۇپ، شۆكۆل، كالپاڭزا قاتارلىقناملار بىلەن ئاتالغان يەرناملىرى ساقلانغان. تۆۋەندە مۇشۇ ناملار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

بېھشباغ كەنت — مەزكۇر كەنت ئەسلىدىكى 210 ـ ئۆلكە يولى بويىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيەلىك شارائىتىدىن قارىغاندا، كۇچا كونا شەھەرگە يېقىن، تۇپرىقى قۇمساڭغۇ، سۈيى ئەلۋەك، كەنت تەۋەسىدىن كۇچادىن چىقىدىغان بارلىق نازۇ نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى تاپقىلى بولىدىغان ئابى ـ ھاۋالىق، باغۇ ـ بوستانلىق يۇرت، شۇڭا ئاۋام «جەننەتتەك ماكان» مەنىسىدە بېھشباغ(بېھشباغ) دەپ ئاتىغان.

چىنباغ كەنت — مەزكۇز كەنت ئەسلىدىكى 210 ـ ئۆلكە يولى بويىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيەلىك شارائىتىدىن قارىغاندا كۇچا كونا شەھەرگە قوشنا ھەمدە كۇچا ۋاڭ ئوردىسىغا يېقىن، كۇچا ۋاڭلىرى ياز كۈنلىرى تومۇزدىن دالدىلىنىش مەقسىتىدە بۇ جايدا باغ بىنا قىلغانلىقى ھەققىدە تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاۋام بۇجاينى «چىننىڭ بېغى» دېگەن مەنىدە چىنباغ دەپ ئاتىغان.

تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، 1755 ـ يىلىدىكى موڭغۇللاردىن بولغان ئامۇرسىنا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ چىڭ سۇلالىسى بىلەن قارشىلاشقان ھەمدە تارىم ۋادىسىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋېلىپ خەلققە ئېغىر زۇلۇم سالغان، بۇنداق زۇلمەتلىك كۈنلەرنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۇچالىق بەگ ھادى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا بېرىپ، چيەنلوڭ خانغا قوشۇن چىقىرىپ بۇ توپىلاڭنى باستۇرۇشقا دەۋەت قىلغان ھەمدە ئۆزى يول باشلىغۇچى بولۇپ

توپىلاڭنى ئۇ ئۇشلۇق باستۇرۇشتا توھپە كورسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇردا ھادى ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىگە ۋاڭ، گوڭلۇق مەرتىۋىسىنى بەرگەن ھەمدە كۇچا كونا شەھەرگە ئۇردا سالدۇرۇپ بەرگەن.

مەزكۇر كەنت ئالتە ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، 1 ـ ، 2 ـ گۇرۇپپا ـ تۈگمەن بېشى دەپ ئاتىلىدۇ، 3 ـ ، 4 ـ ، 5 ـ ، 6 ـ گۇرۇپپىلار چىنباغ دەپ ئاتىلىدۇ.

ئېگىز قۇم كەنت ــ مەزكۇز كەنت ئەسلىدىكى 210 ـ ئۆلكە يولى بويىغا، بېھشباغ كەنتى بىلەن چىنباغ كەنتىنىڭ تۆۋەنكى تەرىپىگە جايلاشقان. جۇغراپىيەلىك جايلىشىش ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا قۇم بارخانلىرىنى تىزگىنلەش يۈزىسىدىن مەھەللە بىنا قىلىنغان، كەنتنىڭ شىمالىي قىسمىدا بۇ قۇم بارخانلىرى ھېلىھەم مەۋجۇت، شۇ سەۋەبتىن ئاۋام ئېگىز قۇم دەپ ئاتىغان.

كۆكتىكەن كەنت ــ «كۆكتىكەن» نامى قارىماقتا ئۆسۈملۈك نامىدەك قىلىدۇ، لېكىن مەزكۇر كەنت ئاھالىلىرى ئەزەلدىنلا سەي ـ كۆكتات تېرىشقا ئېپى بار بولۇپ، بېھشباغ تەۋەسىدە نامى چىقىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئېشىنچا مەھسۇلاتلىرىنى ناھىيە بازىرىغا ئاپىرىپ سېتىش بىلەن مەشغۇل بولغان. سەي ـ كۆكتاتنى كۆچالىقلار «كۆك» دەپ ئاتايدۇ. شۇڭا ئاۋام «كۆك تىكىپ» كەلگەن بۇ كەنت كىشىلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنى كەنت نامى سۈپىتىدە قوللانغان. يەنى، «كۆك تىككەن» دېگەن بۇ نام كېيىنچە «كۆكتىكەن» دەپ ئادەتلىنىلگەن.

بوستان كەنت ــ ئەسلىي نامى «بوغاز كېچىك» بولۇپ، 1956 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ مەلۇم رەھبىرى خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگەندە ئەسلىدىكى نامى كەنتنىڭ قىياپىتىگە ماس كەلمەپتۇ، «بوستان كېچىك» دەپ ئاتاساق دېگەن تەۋسىيەسى بىلەن بوستان كېچىك دەپ ئاتالغان. كېيىنچە «بوستان»دەپ ئۆزلىشىپ كەتكەن.

«بوغاز كېچىك» نامى توغرىسىدا مۇنداق ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت:

بىرىنچى خىل قاراش، بۇرۇن مەزكۇر مەھەللىنىڭ تۆۋەنكى قىسمى كەڭ كەتكەن سازلىق بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ھايۋانلار، قۇشلار ئارام ئالىدىغان، ئوزۇق ـ تۈلۈك تېپىپ يەيدىغان جەننەت ماكان بىر جاي بولغان، بۇ يەردە ياشىغان جانىۋارلار سازلىقنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى كەڭ كەتكەن كېچىككە كېلىپ تەشنالىقنى قاندۇرغان. بۇنىڭغا ئاساسەن يەرلىك كىشىلەر ھەرقانداق جانىۋار چوقۇم كېلىدىغان يەر مەنىسىدە «بوغاز كېچىك» دەپ ئاتالغان دېگەن قاراش.

ئىككىنچى خىل قاراش، بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسدا مەزكۇر مەھەللىدىكى بىر مەزلۇم ئائىلىسىدىكى بىر بوغاز ئېشەكنى مىنىپ ئۈچئۆستەڭ تەرەپكە بېرىپ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىپ، مۇشۇ كەڭ كەتكەن كېچىككە كەلگەندە بۇ بوغاز ئېشەك تۇغۇپ قويغان ئىكەن. شۇڭا يەرلىك كىشىلەر بۇ جاينى «بوغاز كېچىك» دەپ ئاتىغان ئىكەن دېگەن قاراش. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى خىل قاراش ئۈستىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللەش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە بۇ مەھەللە چوڭىيىپ بوستان 1 ـ كەنت، بوستان 2 ـ كەنت دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن. بوستان 1 ـ كەنت توققۇز كىچىك ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، 1 ـ گۇرۇپپا ـ توغراق شەھەر دەپ ئاتىلىدۇ؛ 2 ـ ، 3 ـ ، 8 ـ ، 9 ـ گۇرۇپپىلار شەۋەل دەپ ئاتىلىدۇ؛ 4 ـ ، 5 ـ گۇرۇپپىلار تېتىرلىق دەپ ئاتىلىدۇ؛ 6 ـ 7 ـ گۇرۇپپىلار قارما ئېرىق دەپ ئاتىلىدۇ. بوستان 2 ـ كەنت سەككىز كىچىك ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، 1 ـ ، 2 ـ گۇرۇپپىلار جىگدە ئېرىق دەپ ئاتىلىدۇ؛ 3 ـ گۇرۇپپا تۇر ئېرىق دەپ ئاتىلىدۇ؛ 4 ـ گۇرۇپپا دۆڭلۈك مەھەللىسى دەپ ئاتىلىدۇ؛ 5 ـ ، 6 ـ گۇرۇپپىلار مازا ئېرىق دەپ ئاتىلىدۇ؛ 7 ـ ، 8 ـ گۇرۇپپىلار كۆكتام ئېرىق دەپ ئاتىلىدۇ.

ئېلى يۈسۈپ كەنت ــ مەزكۇر كەنت تەۋەسىدە بىر مازار بولۇپ، كەنت نامى مۇشۇ مازار نامىدىن كەلگەن. رىۋايەت قىلىنىشچە، قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدە ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىش يۈزىسىدىن سەركەردە ئابدۇقادىر بىننى ئېلى يۈسۈپ مەزكۇر مەھەللە تەۋەسىگە كەلگەندە بودددىستلار بىلەن جەڭ قىلىپ مۇشۇ جايدا شېھىت بولغانىكەن، مەزكۇر سەركەردىنى ياد ئېتىش مۇناسىۋىتى بىلەن مەھەللىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە بىر مازار بەرپا قىلىپ تاۋاپ قىلىپ كەلگەنىكەن، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئابدۇقادىر نامى چۈشۈپ قېلىپ ئېلى يۈسۈپ دەپ ئاتالغان ئىكەن. بۇ مازار ھازىرمۇ مەزكۇر كەنتتە بار.

ئۆستەڭ بويى كەنت ــ مەزكۇر كەنت ئالغا دامبىسىدىن چىققان سۇنى بىر تەرەپ قىلىش يۈزىسىدىن بىر ئۆستەڭ قېزىلغان بولۇپ، كەنت مۇشۇ ئۆستەڭ بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۆستەڭ بويى كەنت دەپ ئاتالغان. بۇ كەنتنىڭ ئەسلىي نامى «سېۋەتچى مەھەللىسى» دەپ ئاتالغان. بۇنداق ئاتىلىشىدا، مەھەللە ئاھالىسى ئۆستەڭ بويىغا سۆگەت تىكىپ كۆكلەتكەن، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ سۆگەتلەر بۈك ـ باراقسان بولۇپ ئۆسكەن، بۇ يەردىكىلەر بۇ بايلىقتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن ھەرخىل سېۋەتلەرنى توقۇپ بازارغا سېلىپ

تۇرمۇشنى قامدىغان، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ھۈنەر ئاتىدىن ـ بالىغا مىراس قېلىپ مەخسۇس ھۈنەر ـ كەسىپ بولۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئەتراپتىكى مەھەللىدىكى خەلق بۇلارنى سېۋەتچى دەپ ئاتىغان، كېيىن مەھەللە نامى سۈپىتىدە «سېۋەتچى مەھەللىسى» دەپ ئاتالغان.

ئورمان كەنت ـــ كەنتنىڭ جۇغراپىيەلىك جايلىشىشىدىن قارىغاندا، غەربىي ئالغا دامبىسى بىلەن، شەرقىي كالپاكزا كەنت بىلەن، شىمالىي تەرىپى ئۈچئۆستەڭ يېزىسى بىلەن چېگراداش بولۇپ، مەزكۇر كەنت شىمالىي تەرىپى بىلەن غەربىي تەرىپىدىن كېلىدىغان كۆچمە قۇملۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش يۈزىسىدىن يېزىلىق ھۆكۈمەت ھەرقايسى كەنتلەردىن بىر قىسىم ئاھالىنى يۆتكەپ، ئورمان بەرپا قىلىپ، ھازىرقى كەنتنى بەرپا قىلغان، شۇڭا يەرلىك كىشىلەر مەزكۇر كەنتنى «ئورمان كەنتى» دەپ ئاتايدۇ.

گىدە كۆل كەنت ـــ مەزكۇر كەنت ئەسلىدە كۆكۆش كەنتىنىڭ بىر مەھەللىسى بولغان، كەنت نامى جۇغراپىيەلىك شارائىتىغا ئاساسەن قويۇلغان. يەنى بۇ كەنت بېھىشباغ يېزىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئورنى بىر قەدەر پەس ھەمدە كەنت تەۋەسىدىن بىر چوڭ ئۆستەڭ توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن بولغاچقا، ئەتراپىدىكى مەھەللەردىن قويۇپ بېرىلگەن ئېشىنچا ۋە زەي سۇلار مۇشۇ كەنتتە قوشۇلۇپ كۆلنى شەكىللەندۈرگەن، بۇ زەي سۇ كۆلچەكلىرىدە كۇرۇكنىڭ (زەي جايدا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك) قويۇق ئۆسۈشى بىلەن بىرگە بۇ كۇرۇكلەر ئارىسىدا تورغايلار ماكانلاشقان، گىدە كۆل كۆكۆشكە نىسبەتەن چەت(گىرۋەككە) جايلاشقانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر بۇ يۇرتنى گىدە كۆل دەپ ئاتىغان. باشقا يۇرت كىشلىرى بۇ كىشىلەرنى «توغايلار»دەپ ئاتايدۇ.

كالپاكزا كەنت ـــ چىڭ سۇلالىسى زامانىسىدا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن كۈچا ئارقىلىق شىمالىي شىنجاڭ، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەتكە توشۇلىدىغان تۈرلۈك ماددىي بۇيۇملار مەزكۇر كەنتكە توپلىنىپ، ئاندىن سەپەرگە چىداملىق بولغان كالىلار ئارقىلىق ھەر تەرەپكە توشۇلغان ھەمدە بۇ كالىلارنى بېقىش، ئارام ئالدۇرۇش، سەپلەش نۇقتىسىمۇ مۇشۇ كەنت بولغان، شۇڭا يەرلىك كىشىلەر بۇ كەنتنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن «كالپاكزا» دەپ نام بەرگەن.

خانىقا كەنت ـــ مەزكۇر كەنت تەۋەسىدە «بۇزۇكۋار غوجام» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مازار بولۇپ، بۇ مازار ھازىرقى كەنت مەسچىتىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئاغزاكى بايانىغا ئاساسلانغاندا، بۇ مازارغا دەپنە قىلىنغان زاتنىڭ تولۇق نامى «ھەزرىتى ئىشان ساقى ۋەلىيۇللا پىرىم» بولۇپ، ئۇشبۇ زات ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغان ھەمدە بۇ مازار بويىغا بىر مەسچىت سېلىنغان بولۇپ، كىشىلەر بۇ جايىنى خانىقا دەپ ئاتىغان، كېيىن بۇ نام كەنت نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغان.

كۆكۆش كەنت ـــ بېھىشباغ يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدا بىر كۆجۈم بوستانلىق بولۇپ، بۇ جاينىڭ نامى كۆكۆش دېيىلىدۇ. كۆكۆش ئىككى كەنت بولۇپ، 4000 دىن ئارتۇق ئاھالىسى، 10 مىڭ مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يېرى بار.

قەدىمكى زاماندا بۇ يەردە ئەڭ دەسلەپ 41 ئائىلىلىك كىشى ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلار چارۋىچىلىقنى ئاساس، دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە كەسىپ قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. (بۇ مەزگىل تەخمىنەن 1430 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ) يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان كىشىلەرنىڭ سانىمۇ بارا ـ بارا كۆپەيگەن. بۇنىڭ بىلەن چارۋا بېقىش ۋە دېھقانچىلىق قىلىشتا زىددىيەت پەيدا بولۇپ، بىرەر ئاقساقال بولمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەندە خەلق ئۆز ئىچىدىن بىرەيلەننى باشلىق قىلىپ سايلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن يۇرت خەلقى بىر ئاز خاتىرجەم تىرىكچىلىككە كىرىشكەن. بۇ مەزگىلدە كىشىلەر كۆچەت تىكىپ، ئورمانلارنى بەرپا قىلغان. بەزىلىرى كېسەك ئۆي، بەزىلىرى ئاددىي ساتما ئۆي، بەزىلىرى گەمە كولاپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. بۇ چاغدا بۇ يۇرت «بوزلۇق مەھەللە» دەپ ئاتالغان.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەھەللە ئاقساقلى باشقىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىرى، كۇچانىڭ ھاكىمىغا بۇ مەھەللىنى كۆرسىتىش، يەنە بىرى، مەھەللىگە ئىسىم قويغۇزۇش مەقسىتىدە تەييارلىق قىلىپ، ئاتلىق كۇچا شەھىرىگە بېرىپ ھاكىم بىلەن كۆرۈشۈپ، سوۋغا ـ سالاملارنى ھەدىيە قىلغاندىن كېيىن، ھاكىمنى ئۆز مەھەللىسىدە مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ھاكىم باشقا ئەمەلدارلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىر قىسىم ئەمەلدارلارنى ئەگەشتۈرۈپ، بۇ يۇرتقا قاراپ ئاتلىق يولغا چىقىپتۇ. (بۇ مەزگىلدە گىدەكۆل كەنتى تېخى بارلىققا كەلمىگەن ئىكەن.)

بۇ سەككىزىنچى ئاي مەزگىلى بولۇپ، ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق ئىكەن. ئەمەلدارلار مەھەللىگە يېقىنلاپ كەلگەنسېرى ئېگىز ـ پەس، توپىلىق يولدا تەرلەپ ھەم ئۇسساپ كېتىپتۇ.

ئۇسساپ ھەم تەرلەپ كەتكەن ھاكىم باشلىق ئەمەلدارلار ھېلىقى ئادەمدىن «مەھەللەڭلار قەيەردە؟» دەپ سوراشقا باشلاپتۇ. مەھەللە باشلىقى ئۆز مەھەللىسىنى

(داۋامى 18 ـ بەتتە)





# تۈركىي خەلقلەر ئېپوسىدىكى قەھرىمانلارنىڭ سەپەرگە ئاتلىنىش موتىفى ھەققىدە

مېھرىبان نىياز چوغلۇق

ئېپوسلار قەھرىمانلىق ھەققىدىكى داستانلار بولۇپ، ئۇ ئەپسانىلەردىن مول بولغان تەسەۋۋۇرلارنى ئالغان. شۇنداق بولغاچقا ئېپوسلار قارىماققا ئەپسانىۋى تۈسكە ئىگە بولغان بولىدۇ. تۈركىي تىللىق مىللەتلەر قەدىمدىن تارتىپلا قەھرىمانلىق داستانلىرىغا باي بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيەلىك ئورنى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. شەرق ـ غەرب ئۆتۈشۈشى ۋە يايلاق مىللەتلىرىنىڭ بۇ جايدىكى پائالىيىتى قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى مۇھىم شارائىت ھېسابلىنىدۇ. «ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئوتتۇرا ۋە ئىچكى ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئاتلىق يۈرۈشلىرى دۇنيا ئېپوس دەۋرىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى»[1] دېيىلىدۇ. بىر قوۋم ئۆزىنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنى ئۆزگەرتكەن ياكى بىر جايدىن باشقا بىر جايغا كۆچكەن بولسا، بۇ جەرياندا قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى بارلىققا كېلىدۇ. قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىدا شۇ مىللەتنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادى، ئۆرپ ـ ئادىتى، پسىخىك كەچۈرمىشلىرى، مەدەنىيىتى، كۆچۈش ئەھۋالى ۋە ھەر خىل ۋەقەلەر ناھايىتى قويۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولىدۇ. بۇ جەرياندا موتىف بۇلارنى يورۇتۇش رولىنى ئوينايدۇ.

موتىف ــ «خەلق چۆچەكلىرى، ئەپسانە، ئېپوس قاتارلىق ئېپىك ژانىردىكى ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ئەڭ كىچىك بىرلىك»[2] تىن ئىبارەت. ئېپوسلارنىڭ موتىفى مول ۋە رەڭگارەڭ بولۇپ، بۇنى مەدەنىيەت قاتلىمىدىن تۇرۇپ چوڭقۇرلاپ




تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەن تۆۋەندە تۈركىي خەلق ئېپوسلىرىدىن «ئوغۇزنامە»، «ئالپامىش»، «ماناس»، «گۆر ئوغلى»، «دەدە قورقۇت ھېكايىلىرى»دىكى قەھرىمانلارنىڭ سەپەرگە ئاتلىنىش موتىفى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

## قەھرىمانلارنىڭ سەپەرگە ئاتلىنىشى

ھەر قانداق ئېپوسنىڭ چوقۇم بىر مەركىزىي موتىفى بولۇپ، قالغانلىرى شۇ مەركىزىي موتىفنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايىدۇ. مەسىلەن، «ئوغۇزنامە»نى مىسالغا ئالساق، «ئوغۇزخاننىڭ توي قىلىش موتىفى ۋە ھەربىي يۈرۈش قىلىش موتىفى ئۇنىڭدىكى مەركىزىي موتىف»تۇر.[3] ئېپوسلاردىكى قەھرىمان يىراققا يۈرۈش قىلىدۇ، بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان ۋەقەلەر يۈز بېرىدۇ. ئۇنداقتا قەھرىماننىڭ سەپەرگە ئاتلىنىش يېشى، ئۇنىڭ جەڭ قوراللىرى، سەپەرگە ئاتلىنىشتىكى مەقسىتى، ئۇلارنىڭ توي قىلىش ئەھۋالى، بۇلارغا ھالقىلىق پەيتتە ياردەم قىلغۇچىلار ۋە بۇ سەپەرنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولغانلىقى قاتارلىقلار ھەققىدە توختىلىپ باقايلى.

### بىرىنچى: قەھرىمانلارنىڭ يېشى

ئادەتتە ئېپوسلاردا قەھرىمانلار ناھايىتى كىچىك تۇرۇپلا يېتىلىپ بولغان بولىدۇ. ئۇلار تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ غەيرىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. «ئوغۇزخان تۇغۇلۇپ قىرىق كۈندىن كېيىن چوڭ بولدى، ماڭدى، ئوينىدى، ئاتلارنى مىنەتتى، ئوۋ ئوۋلايتتى. كۈنلەر ئۆتۈپ ئۇ يىگىت بولدى.»[4] شۇنىڭ بىلەن خەلققە بالايىئاپەت كەلتۈرىدىغان قىئاتنى يوقاتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا

بولىدۇكى، قەھرىمان ئوغۇزنىڭ چوڭ بولۇشى ئادەتتىكى بالىلارنىڭكىدەك نورمال ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ ياۋۇز كۈچ بىلەن ئېلىشىشقا باشلىغان چاغدىكى يېشى يەنىلا بىر خىل ئەپسانىۋى تۈسكە ئىگە. ماناس تۇغۇلغاندا توققۇز ياشلىق بالىدەك چوڭلۇقتا ئىدى. ئۇنىبىر ياشقا كىرگەندە ئەلنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، كۈچ توپلاپ ئۇرۇش قىلىش سەپىرىگە ئاتلانغان ئىدى. ئالپامىش سۆيگىنى بەرچىنئاينى موڭغۇللارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلانغان، بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئون بەش ياشتا ئىدى. ئالپامىشنىڭ مۇشۇ سەپىرىدىن كېيىن ئۇنىڭ ھەقىقىي قەھرىمانلىق پائالىيىتى باشلانغان. «دەدە قورقۇت ھېكايىلىرى» جەمئىي ئون ئىككى چاتما ئېپوستىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بىرىنچى ئېپوس «دىرسەخان ئوغلى بوغاچقان»دا، بوغاچقان ئون بەش ياشقا كىرگەندە دادىسى دىرسەخاننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆزى يالغۇز جەڭگە كىرگەن. گۆر ئوغلى ئون بىر ياشقا كىرگەندە سەپەرگە ئاتلىنىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ نەيزىۋازلىق، توپيازلىق، بەيگە قاتارلىقلاردا ھەممىنىڭ ئالدى بولۇپ، قەھرىماننىڭ ئاساسىي شەرتلىرىنى ھازىرلىغان ئىدى.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئېپوسلاردىكى قەھرىمانلارنىڭ كىچىك تۇرۇپلا سەپەرگە ئاتلىنىشى قويۇق ئەپسانىۋى تۈسكە ئىگە بولۇپ، ئۇلار قەھرىمانلىق سەپىرىنى باشلاشتىن بۇرۇن ئىنتايىن ياخشى تەييارلىق قىلغان. قەھرىمانلار بەيگىگە چۈشۈش، ئوقيا ئېتىش، قىلىچۋازلىق ۋە چېلىشىش ماھارەتلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگىنىپ كامالەتكە يەتكەن ۋە قۇرداشلىرىنى بېسىپ چۈشكەن. ئۇلار مەلۇم ياشقا كىرگەندە ئۆزىدە بىر قەھرىماندا بولۇشقا تېگىشلىك شارائىتلارنى ھازىرلىغان ۋە سەپەرگە چىقىشنى تەلەپ قىلغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ يېشى ھەم ئوخشاش ئەمەس ھەم ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت باسقۇچلىرىغا تەۋە بولغان.

### ئىككىنچى: قەھرىمانلارنىڭ جەڭ قوراللىرى

ئېپوسلاردىكى قەھرىمان ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇنىڭ جەڭ قوراللىرى ئىنتايىن مۇھىم. ئۇنىڭ غەلىبە قازىنىش ـ قازىنالماسلىقى شۇ جەڭ قوراللىرى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتكە ئىگە. بۇ يەردىكى جەڭ قوراللىرى نوقۇل نەيزە، قىلىچ، پالتا قاتارلىقلارنىلا كۆرسىتىپ قالماستىن، يەنە قەھرىماننىڭ خاراكتېرى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن ھەم كەم بولسا بولمايدىغان ئاتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئوغۇزخاننىڭ جەڭ قوراللىرى نەيزە، ئوقيا، قىلىچ يەنە ئۇ ياخشى كۆرىدىغان چىپار ئايغىر ئات بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ خاراكتېرىنى تېخىمۇ يورۇتۇپ بەرگەن. ماناسنىڭ قىلىچى — ئاچ ئالماس، مىلتىقى — ئاق كەلتە، نەيزىسى — سىر نەيزە، پالتىسى — ئايپالتا، كىچىكرەك پالتىسى — نەيزە قاقىدىغان پالتا، ئوق ئۆتمەس تونى — ئاق ئولپاق، قامچىسى — ئاق قامچا قاتارلىق قوراللىرى ساق بىر يىلدا پۈتكەن ئىكەن. ماناسنىڭ ئاققۇلا دېگەن بىر ئېتى بولۇپ، بۇنى ماناسنىڭ ئاتىسى ياقۇپ موڭغۇللارنىڭ خانى چىڭغىشتىن سوراپ ئەكەلگەن. بۇ قۇلا تاي ئىنتايىن ئورۇق ھەم كۆرۈمسىز بولۇپ، ماناسنىڭ قولىغا چىققاندىن كېيىن، ئۆزگىرىپ چىرايلىق ئارغىماق بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئالپامىشنىڭ جەڭ قوراللىرى قىلىچ بىلەن زەيلەك ئوقيا ئىدى. ئۇنىڭ ئېتىغا كەلسەك، ئۇ بوۋىسىدىن قالغان سالمىنى ئات توپىغا ئېتىپ ئات تاللىماقچى بولغان، ئۇ ئۇدا ئۈچ قېتىم سالما تاشلاپ ئاخىرى ئۆزى نىشانلىغان چىپار ئاتقا سالما تاشلاپ، ئۇنى جەڭ ئېتى قىلىپ تاللىۋالغان. بۇ ئات قارىماققا ناھايىتى نازۇك ئىدى. ئالپامىش دەسلەپتە ئۈمىدسىزلەنگەن، لېكىن بۇ قەھرىماننىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن ناھايىتى چاپقۇر، ھوشيار ئاتقا ئايلانغان. بۇ دەل بايچىبار بولۇپ، بەرچىنئاينى تالىشىپ ئېلىپ بېرىلغان بەيگىدە بىرىنچى بولۇپ ئۆزۈپ چىققان. «دەدە قورقۇت»تىكى بوغاچقان قارا پولات مىسران قىلىچىنى، كىرىچلىك يايىنى، ئالتۇن نەيزىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئېتىغا مىنىپ دادىسى دىرسەخاننى قۇتقۇزۇشقا ماڭىدۇ. ئىككىنچى ئېپوس «سالۇر قازاننىڭ ئوردىسىنىڭ ئولجىغا كېتىشى»دە سالۇر قازان نەيزە، قالقان، قارا پولات قىلىچ، سەكسەن ئۈچ كىرىچلىك ياي قاتارلىقلارنى ئېلىپ، قوڭۇر ئېتىغا مىنىپ، ئوردىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. گۆر ئوغلى ئۆتكۈر نەيزە، ئالماس قىلىچىنى ئېلىپ، تۇلپارى — لەيلى قىرغا مىنىپ سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. سەپەردە بىر دەرياغا دۇچ كەلگەندە بۇ تۇلپار گۆر ئوغلىنى دەريادىن ساق ـ سالامەت ئۆتكۈزۈپ قارشى قىرغاققا يەتكۈزىدۇ. بۇ تۇلپارمۇ ئالاھىدە باتۇرلۇققا ۋە سەزگۈرلۈككە ئىگە تۇلپار ئىدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، قەھرىمانلارنىڭ سەپەرگە ئاتلىنىش موتىفى ئۈستىدە توختالغاندا قەھرىمانلارنىڭ جەڭ قوراللىرىنى يېزىش ئارتۇقچىدەك كۆرۈنسىمۇ، بىراق بۇ قەھرىمانلارنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان قوراللىرى ھېسابلىنىدۇ. قارايدىغان بولساق قەھرىمانلارنىڭ قوراللىرىدىكى ئورتاق بىر خاسلىق قىلىچ، نەيزە قاتارلىق قوراللار ھەم باتۇر، بوراندەك چاپىدىغان ۋاپادار ئاتتىن بىرسى بولغان. باتۇرلارنىڭ بۇ قوراللىرى ئالاھىدە ماتېرىيالدىن ياسالغان، ئادەتتىكى قورالغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە چىدامىلىق ھەم ئۆتكۈر بولغان. ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ قەھرىماننىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن ئالاھىدە باتۇر بولۇپ، مەلۇم ئىلاھىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئىگىسى ئۈچۈن ياش تۆكىدۇ، ھالقىلىق پەيتتە كەلگەندە قەھرىماننى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ ھەم ئۇنى قۇتقۇزىدۇ. ئۇلار ئادەمگە ئوخشاش ئويلاش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىنى-

دۇ. لەيلى قىرنىڭ گۆر ئوغلىنى دەريادىن ئۇچۇپ ئۆتكۈ-
زۈپ قويۇشى؛ ئاققۇلانىڭ يارىلانغان ماناسنى قېرىنداش-
لىرى يېتىپ كەلگۈچە قاغا ـ قوزغۇنلاردىن ساقلاپ تۇر-
غانلىقى؛ «ئالپامىش»تا بايچىبارنىڭ ئاخىرى توساتتىنلا
ئىلهاملىنىپ ھەممە ئاتلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، بەيگىدە غە-
لىبىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

## قەھرىمانلارنىڭ سەپەرگە ئاتلىنىش مەقستى

سەپەرگە ئاتلىنىش موتىفى ئېپوسلاردىكى مەركىزىي
موتىف. ئۇنىڭ «ئەڭ قەدىمىي بولغان ئىككى خىل تىپىسى
بولۇپ، بىرى، باتۇرلارنىڭ ئايال ئۈچۈن كۈرەش قىلى-
شى، يەنە بىرى، باتۇرلارنىڭ ياۋۇز، ئىبلىس كۈچلەر بى-
لەن جەڭ قىلىشى»دۇر.[5] مۇشۇ موتىف ئاساسىدا ئاندىن
ۋەقەلىك قانات يايىدۇ. ئوغۇزخان خەلققە ئاسايىشلىق ئې-
لىپ كېلىش ئۈچۈن ياۋۇز قىئاتنى ئۆلتۈرىدۇ. تەڭرىگە
سېغىنىۋاتقاندا كۆك نۇرنىڭ ئىچىدىكى بىر قىزنى كۆرۈپ
ئاشىق بولىدۇ، توي قىلىدۇ. كېيىن دەرەخ كاۋىكىدىكى
بىر قىزنى كۆرۈپ ئۇنىڭغىمۇ ئاشىق بولىدۇ، توي قىلى-
دۇ. ئوغۇزخان ئۆز دۆلىتىنى مۇستەھكەملەش، ئەتراپىد-
كىلەرنى بويسۇندۇرۇش، قوۋملىرىنى تەرەققىي قىلدۇ-
رۇش ئۈچۈن ئەتراپقا كېڭەيمىچىلىك ئېلىپ بارىدۇ. ماناس
موڭغۇللارنىڭ قىرغىزلارنىڭ بېشىغا سالغان كۈننى بىلەت-
تى. ئۇ ئۆز خەلقىنى موڭغۇللارنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزۇش،
ئار ـ نومۇسنى قوغداش؛ ئەركىن، بەختىيار تۇرمۇشنى
قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. موڭغۇللارنى
مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇ موڭغۇل خانىنىڭ قىزى نا-
قىلايىنى ئۆز نىكاھىغا ئالىدۇ. كېيىن ماڭغۇت ئېلىنىڭ باش-
لىقى بادىكۆلنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قىزى
قارا بۆرك بىلەن توي قىلىدۇ. ئۇ ئاخىرىدا بۇخارا خانى-
نىڭ قىزى خانىكەيىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنىڭ بىلەن
توي قىلىدۇ. ئالپامىش كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ
بولغان بەرچىنئايىنى ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن بەرچىنئاينىڭ
دادىسى ئاكىسى بايبۆرىدىن كۆڭلى ئاغرىپ يىراققا كۆچۈپ
كېتىدۇ ۋە موڭغۇللار دائىرىسىگە بېرىپ قالىدۇ. موڭ-
غۇللارنىڭ ئىچىدىكى 99 پالۋاننىڭ بەرچىنئايغا كۆزى
چۈشۈپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش ئۈچۈن قىزنى تالىشى-
دۇ. بۇ چاغدا بەرچىنئاي ئالپامىشقا خەت يېزىپ، ئۇنىڭ
ناھايىتى تېز يېتىپ كېلىشىنى، كۆز ئالدىدا كۆرۈنۈپ
تۇرغان خەتەردىن قۇتقۇزۇۋېلىشىنى ئېيتىدۇ. ئالپامىش
سۆيگىنى بەرچىنئايىنى ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇش ئۈ-
چۈن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. بەرچىنئاي يەنە ئادالەتسىزلىك
بولمىسۇن دەپ ئالپامىش ۋە 99 پالۋاننى ئوقيا ئېتىش،
بەيگىگە چۈشۈش ۋە چېلىشىشتىن ئىبارەت سىناقلار ئار-
قىلىق ئۆز مەيدانىنى بىلدۈرىدۇ. ئاخىرى ئالپامىش 99
پالۋاننى يېڭىپ، بەرچىنئاي بىلەن توي قىلىدۇ.

«دەدە قورقۇت ھېكايىلىرى»دىكى سالۇر قازان
ئوۋغا چىقىپ كەتكەندە، شۆكلى خان ئۇنىڭ ئايالى، بالى-
لىرى ۋە خەزىنىسىنى بۇلاپ كېتىدۇ. سالۇر قازان بۇلارنى
قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن شۆكلى خانغا ھۇجۇم قىلىدۇ.
يەنە مۇشۇ توپلامدىكى «بۆرە بەگ ئوغلى بامسى بۆگ-
رەك»تە، شۆكلى خاننىڭ جاسۇسى قارا نىيەتلىك قىلىپ
گۈزەل قىز گۈلبانۇغا ئېرىشىش ئۈچۈن توي بولغان يەر-
گە باستۇرۇپ كېلىدۇ ۋە گۈلبانۇ بىلەن بامسى بۆگرەك-
نىڭ ئون ئالتە يىل ئايرىلىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ.
بامسى بۆگرەك قۇتۇلۇپ چىققاندىن كېيىن گۈلبانۇ بىلەن
قايتا توي قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ شەھىرىنى ۋەيران قىلىۋې-
تىدۇ. گۆر ئوغلى ھەدىسى ئەزىم كۆز ئايىمنى دانىياتنىڭ
قولىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تۇنجى سەپىرىنى باشلايدۇ
ۋە بۇ جەرياندا دانىياتنىڭ قىزىنى بۇلاپ ئەكېلىدۇ، كېيىن
بۇ قىزنى نىكاھىغا ئالىدۇ. ئۇ ئۆز تەبىئىتىدىكى باتۇرلۇق
كۈچىنى كۆرسىتىش ۋە ئەتراپتىكى ئەلنى بويسۇندۇرۇپ
بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلىنىدۇ. بۇ سە-
پەر جەريانىدا كوھقاپ پادىشاھىنىڭ قىزى ئاغا يۇنۇس
پەرى ئۆز رازىلىقى بىلەن گۆر ئوغلىغا ياتلىق بولىدۇ.

باتۇرلار يىراققا ھەربىي يۈرۈش قىلىدۇ ۋە بۇ جەر-
ياندا توي قىلىدۇ. بۇنىڭدا ھەربىي يۈرۈش بىلەن توي
بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان موتىف بولۇپ قالىدۇ.
بەزى ئېپوسلاردا باتۇر قىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سەپەر-
گە ئاتلىنىدۇ ۋە بۇ جەرياندا ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلىنىپ،
مىللەتنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى ئۈچۈن تۆھپە يارىتىدۇ.
تۈركىي خەلق ئېپوسلىرىغا قارايدىغان بولساق، قەھرى-
مانلارنىڭ توي قىلىش موتىفىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تىپ-
قا ئايرىيمىز. ئۇلار «بىرىنچىسى، بۇلاپ توي قىلىش؛
ئىككىنچىسى، سىناپ توي قىلىش؛ ئۈچىنچىسى، ھەممىنى
ئۆز ئالدىغا قىلغان توي»[6] لاردىن ئىبارەت. ئوغۇزخاننىڭ
تويىغا قارىساق ئۇ ھەممىنى ئۆز ئالدىغا قىلغان توي ھې-
سابلىنىدۇ. ماناسنىڭ ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق تويىدا ئۇ
ئەل بولغان باشلىقنىڭ قىزىنى ئالغان، بۇنى مەلۇم جەھەت-
تىن بۇلاپ توي قىلىشنىڭ تەسىرى دېيىشكە بولىدۇ. خانى-
كەي بىلەن قىلغان تويى ئۇنىڭ ئۆزى خالاپ قىلغان توي
بولۇپ، ھەممىنى ئۆز ئالدىغا قىلغان توي ھېسابلىنىدۇ.
ئالپامىشنىڭ تويى سىناپ توي قىلىش باسقۇچىغا تەۋە بو-
لۇپ، بەرچىنئاي ئۆز ۋەدىسى ئۈچۈن ئۇلارنى سىنايدۇ.
ئالپامىش يەڭگەندىن كېيىن بەرچىنئاي بىلەن توي قىلى-
دۇ. «دەدە قورقۇت ھېكايىلىرى»دىكى بامسى بۆگرەك
بىلەن گۈلبانۇ ئۇچرىشىپ قالغان ۋاقىتتا گۈلبانۇ ئۇنىڭغا
ئات بەيگىسىگە چۈشۈشنى ۋە چېلىشىشنى ئېيتىدۇ. ئەگەر
يېڭەلىسە گۈلبانۇ بىلەن ئۇچرىشالايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.
شۇ ۋاقىتقىچە ئۆزىنى پىنھان تۇتىدۇ. گۈلبانۇنىڭ ئاكىسى

تەلۋە قاچار بۇ تويغا قوشۇلمىغان بولغاچقا قورقۇت ئاتا گۈلبانۇنىڭ ئاكىسى بىلەن بامسى بۆگرەكنىڭ سىنىششى ئۈچۈن سورۇن راسلايدۇ ۋە ئۇلارنى نەق مەيداندا ئادىل ئېلىشىپ بېقىشقا چاقىرىدۇ. بۇ ئېلىشتا بامسى بۆگرەك يېڭىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گۈلبانۇنىڭ ئاكىسى بۇلارنىڭ تويىغا قوشۇلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا بۇ سىناپ توي قىلىشنىڭ تۈرىگە كىرىدۇ. گۆر ئوغلى ئەزىم كۆز ئايىمنى قۇتقۇزۇشقا بارغاندا ئۇ ئايال روھىي ئازاب تۈپەيلى يۇرتقا قايتىشنى خالىمىغان، شۇنىڭ بىلەن گۆر ئوغلى دانىياتىنىڭ قىزىنى بۇلاپ ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ساقلاپ تۇرۇپ ئۇ قىز چوڭ بولغاندا نىكاھىغا ئالىدۇ. بۇ بۇلاپ توي قىلىش دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئاغا يۇنۇس پەرى بىلەن توي قىلىشى ھەممىنى ئۆز ئالدىغا قىلغان توي دائىرىسىگە كىرىدۇ.

ئوغۇزخان، ماناس، گۆر ئوغلى، «دەدە قورقۇت ھېكايىلىرى»دىكى بامسى بۆگرەك قاتارلىقلارنىڭ سەپەرگە چىقىش مەقسىتى ئايال ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خەلقنى باياشات، ئەركىن، خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش، زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش، قېرىنداشلىرىنى قۇتقۇزۇش، زېمىن كېڭەيتىش ئۈچۈن سەپەرگە چىققان. بۇ جەرياندا قەھرىمانلار باتۇرلۇقنى نامايان قىلغان، توي قىلغان، ھەتتا ئۇلارنىڭ توي قىلىشمۇ ئۇلارنىڭ باتۇرلۇق خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتىكى كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ھالقا بولۇپ قالغان. چۈنكى قىزغا ئېرىشىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا توغرا كەلگەن. بۇ قانلىق كۆرەش يەنە ئۆز نۆۋىتىدە قەھرىمانلارنىڭ باتۇرلۇقى بىلەن ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدىكى يېڭىش - يېڭىلىشنى بەلگىلىگەن. نەتىجىدە قەھرىمانلارنىڭ كۆرەشتە غالىب كېلىپ قىزغا ئېرىششى بىلەن شۇ بىر ئەلنى بويسۇندۇرۇپ ئەل قىلىش بىر - بىرىنى تولۇقلىغان بىر پۈتۈن غەلىبىنى خۇلاسىلەپ بەرگەن. مەسىلەن: «ئالپامىش» ئېپوسى بەرچىن قىزنى چۆرىدەپ ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇ كۆرەش گەرچە بىر ئايال ئۈچۈن كۆرەش قىلىش شەكلىدىكى ئېپوسقا تەۋە بولسىمۇ، ئالپامىش بەرچىنئايىنى قۇتقۇزۇشقا بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرىدا پۈتۈن ئۆزبېكلەرنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن كۆرەش قىلغان. موڭغۇللارغا زور دەرىجىدە زەربە بېرىپ، تايچە پادىشاھلىقنى ۋەيران قىلغان. ئالپامىشنىڭ ۋە بەرچىنئاينىڭ تۇتقان يولى ۋەتەن بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن چوڭقۇر مۇھەببەت بولۇپ، بۇنىڭدىن يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك مۇھەببىتىنى كۆرۈۋالالايمىز.

دېمەك قەھرىماننىڭ يىراققا سەپەر قىلىشتىكى ھەربىي يۈرۈش قىلىش موتىفى ۋە توي قىلىش موتىفىنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدىغان بىر جەريان دەپ چۈشىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

## قەھرىمانلارنىڭ غەلىبە قازىنىشىغا ياردەم قىلىدىغان كۈچلەر

ئېپوس قەھرىمانلىرىنىڭ غەلىبە قازىنىشىدا، ئۇلارنىڭ جەڭ قوراللىرىدىن باشقا يەنە مەلۇم روھىي كۈچمۇ ئىنتايىنى مۇھىم رول ئوينىغان بولىدۇ.

ئوغۇزخان ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا كۆك يايلىق ئەركەك بۆرە ئۇلارنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ ماڭغان. بىزگە مەلۇم، ئوغۇزخان خانلىق تىكلىگەندىن كېيىن بۆرىنى ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق تۆتىمى قىلغان. تۆتەم ھايۋان شۇ قوۋمگە نىسبەتەن كۈچلۈك روھىي كۈچ بولۇپ، بۆرىنىڭ ئوغۇزخاننىڭ لەشكەرلىرى ئالدىدا يول باشلاپ مېڭىشىمۇ ئۇلارنىڭ غەلىبە قازىنىشىدىكى بىر مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ئوغۇزخاننىڭ يېنىدا ئۇلۇغ تۈرك دېگەن بىلىمدار ۋە ئاقىل ۋەزىرى بولۇپ، ئۇ ئوغۇزخانغا توغرا مەسلىھەتلەرنى بېرىپ تۇراتتى. بۇ ھەر قانداق خان ئۈچۈن بىر بەخت ۋە روھىي يۆلەكتۇر. ماناستا باقاي ئاقساقال ناھايىتى يىراقنى كۆرەر كىشى بولۇپ، ئۇ سەمەرقەنتتە قالماقلارغا قارشى كۈچلەرنىڭ رەھبىرى بولغان، ماناس قاتارلىق پالۋانلارنى ئەتراپىغا توپلىغان. بۇلار قالماقلارنى يەڭگەندىن كېيىن يەنە باقاي ئاقساقالنىڭ تەشەببۇسى بويىچە سەمەرقەنتنى مەركەز قىلغان ئالاش ھاكىمىيىتىنى تىكلەپ، باتۇر ماناسنى خان قىلىپ تىكلىگەن. كېيىن ئۇ ماناسنىڭ داۋاملىق مەسلىھەتچىسى بولغان. ماناسمۇ ئۇنىڭدىن ياخشى مەسلىھەتلەرگە ئېرىشىپ تۇرغان. ئالپامىشنىڭ قاراجان ئىسىملىك بىر موڭغۇل دوستى بولۇپ، ئۇ ئالپامىشنىڭ ھەم سادىق دوستى ھەم ياردەمچىسى بولغان. ئالپامىش بەرچىنئايىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بارغاندا موڭغۇل دوستى ئالپامىشنىڭ ئورنىغا بەيگىگە چۈشكەن. ئالپامىش ئېلىشىشتىن بۇرۇن باشقىلار بىلەن ئېلىشىپ، ئالپامىشنىڭ كۈچىنى خوراتماي، ئاخىرقى دۈشمەننى يېڭىشكە قالدۇرۇشىغا كۈچ چىقارغان. ئالپامىش موڭغۇللار تەرىپىدىن زىندانغا تاشلانغاندا ئۇ ھەر قانداق قىيىنچىلىققا قارىماي ئالپامىشنى قۇتقۇزغىلى بارىدۇ. قورقۇت ئاتا قەھرىمانلار قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. بالىلار باتۇرلۇق كۆرسەتكەندە ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان باتۇرلۇق ناملىرىنى قويۇپ بېرىدۇ. گۆر ئوغلى قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىدۇ. يەنى گۆر ئوغلى ھاۋازخاننى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ماڭغاندا خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ ئۇنىڭ باسماقچى بولغان يوللىرىنى قىسقارتىپ، مۇشكۇلاتىنى ئاسان قىلىدۇ.

بۇلار ئېپوس قەھرىمانلىرى ئۈچۈن مۇھىم يار - يۆلەك ھېسابلىنىدۇ. گەرچە ئېپوس قەھرىمانلىرى مەلۇم ئەپ-

سانىۋى تۇسكە ئىگە بولۇپ، تەگداشسىز كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئەتراپىدىكى مۇشۇنداق نۇرغۇن روھىي كۈچلەرنىڭ بولۇشى ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق خاراكتېرىنى تولۇقلاپ تۇرىدۇ ۋە تېخىمۇ يورۇتىدۇ.

## ئېپوسلارنىڭ نەتىجىسى

ئوغۇزخان ھەربىي يۈرۈش جەريانىدا رۇم خاقانلىقىنى ئالدى. جۇرجىت خاقانىنى يېڭىپ، ئەل ـ جامائىتىنى ئۆزىگە قاراتتى. سىندۇ، تاڭغۇت ھەم شاغام تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلدى، ئۇ جايلارنى ئىشغال قىلىپ ئۆز دۆلىتىنىڭ زېمىنىغا قوشتى. ماسار خاقانىنى يەڭدى ۋە پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىققا ئىگە بولدى. كېيىن ئوغۇزخان زېمىنلىرىنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەردى. دۆلەت تىنچ ئىدى. ماناس سەمەرقەنتنى موڭغۇللارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، خەلقنى ئەمىن تاپقۇزدى ۋە ئالاش ھاكىمىيىتىگە خان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن موڭغۇللاردىن بولغان شۇرۇقخان، ماڭغۇت ئېلىنىڭ باشلىقى بادىكۆللەرنى يوقاتتى، موڭغۇللاردىن بولغان دىۋەخان، بانۇسخانلار زەربىدىن قېچىپ كەتتى. قوقەنتنىڭ خانى سىنچەبەك ئۇرۇش قىلماي ئەل بولدى. ماناس كارىلىپ بىلەن بانۇسخاننى يېڭىپ تاشكەنتنى ئالدى. كۆكۆتۆينىڭ يىل نەزىرىدە قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەندە ئۇ خەلقنى ئويلاپ، بۇ يەرگە بېرىپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرغان خانلارنى بېسىقتۇردى. ئاخىرىدا ئۇ موڭغۇللارنىڭ كۆكچە كۆز دېگەن قارا نىيەت تەرىپىدىن يارىدار قىلىندى. ماناس نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەر بىلەن خەلقنى زالىملارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزدى. سەمەرقەند قۇللۇقتا قالغانلارنىڭ بارار جايىغا ئايلانغان ئىدى. ئالپامىش ئۆزبېكلەرنى موڭغۇللارنىڭ خانى تايچە شاھنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنى ئېلىپ ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ كېتىدۇ. ئىككىنچى قېتىم ئۇ بەرچىنئاينىڭ دادىسىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بېرىپ، نۇرغۇن جاپالارنى تارتىپ، قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ تايچە شاھنى ئۆلتۈرىدۇ. ئاخىرى يۇرتىغا قايتىپ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. «دەدە قورقۇت ھېكايىلىرى»دىكى بامسى بۆگرەك شۆكلى خاننى يوقىتىپ، ئۆز مەقسىتىگە يېتىدۇ ۋە خەلقنى خاتىرجەم قىلىدۇ. گۆر ئوغلى ھەسەنخان ھاۋازخاننى ئەتراپىدىكى ئەللەردىن ئېلىپ كېلىپ باتۇرلىرىغا باش قىلىپ بەردى ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە كېچەيمچىلىك ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، ئۇزۇندىن بۇيان خىرىس قىلىپ كېلىۋاتقان ياۋنىڭ كۈچىنى سۇندۇردى. ئاخىرىدا زەڭگىلەر شاھىنىمۇ يېڭىپ غەلىبە بىلەن قايتتى.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇلار قىزنى قۇتۇلدۇرۇپ غەلىبە بىلەن قايتىپ، خەلقنى ئاسايىشلىققا ئېرىشتۈرۈپ، زېمىننى كېڭەيتتى ۋە دۆلەتنى مۇستەھكەملىدى.

خۇلاسىلىغاندا، تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئېپوسلىرىدىكى قەھرىمانلارنىڭ سەپەرگە ئاتلىنىشى ھەربىي يۈرۈش ئۈچۈن ۋە كۆيگەن قىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بولغان بولىدۇ. بۇ ھەربىي يۈرۈش جەريانىدا قەھرىمان توي قىلىدۇ ياكى قىزنى قۇتقۇزۇش جەريانىدا خەلقى ئۈچۈن باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، خەلقنى ئامانلىققا ئېرىشتۈرىدۇ. شۇڭا بۇ ئىككىسى ئادەتتە ئايرىۋېتىلمەيدۇ. قەھرىمانلارنىڭ سەپەرگە ئاتلىنىش موتىفىدا قەھرىمانلارنىڭ يېشى، ئۇلارنىڭ جەڭ قورallىرى ۋە غەلىبە قازىنىشىغا ياردەم قىلىدىغان روھىي كۈچلەر زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە بولۇپ، بۇلار قەھرىماننىڭ خاراكتېرىنى تولۇقلايدۇ ۋە كەم بولسا بولمايدۇ. قەھرىمانلارنىڭ سەپىرى غەلىبە شادلىقى بىلەن ئاياغلىشىدۇ. ئاز بىر قىسىملىرىدا قەھرىمان زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ بەلكىم ئىستراتېگىيە جەھەتتىكى خاتالىق بولۇشى مۇمكىن. قەھرىمانلارنىڭ سەپەرگە ئاتلىنىش موتىفىنى مەدەنىيەت، پسىخىكا، ئېتىقاد ئادەتلىرى نۇقتىسىدىن يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.


پايدىلانمىلار ۋە ئىزاھاتلار:

① ئەسەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل نەشرى، 274 ـ بەت.

② ئوسمان ئىسمايىل تارىم: «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىل نەشرى، 198 ـ بەت.

③ ⑥ قۇربان مەتتۇردى، ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر قەھرىمانلىق داستانى ‹ئوغۇزنامە›نىڭ مەركىزىي موتىفى تەھلىلى»، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 2006 ـ يىلى 3 ـ سان.

④ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان «ئەمىر گۆر ئوغلى» داستانلىرىنىڭ «ئوغۇزنامە»دىن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىل نەشرى، 2 ـ بەت.

⑤ رېنچىن داۋ ئېرجى: «بۇلاپ توي قىلىش تېمىدىكى قەھرىمانلىق داستانلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە»، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 2005 ـ يىل 3 ـ سان.

1. ئوسمان ئىسمايىل تارىم: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 ـ يىل نەشرى.
2. «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى «ئەمىر گۆر ئوغلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىل نەشرى.
3. سادىر سادىرى، نېمەيتۇللا ئەبەيدۇللا تەرجىمە قىلغان: «ئالپامىش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،1987 ـ يىل نەشرى.
4. ئۇرغالچا قىدىرباي نەشرگە تەييارلىغان: «ماناس»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1993 ـ يىل نەشرى.
5. «دەدە قورقۇت ھېكايىلىرى»، توختى ھاجى تىللا تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل نەشرى.
6. ئەسەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل نەشرى.





# ئاپېلسىن يوپۇرمىقى

(ھېكايە)

**تۇرسۇن ئابدۇللا بەگيار**

ئاپېلسىن يوپۇرمىقى ياپېشىل بولىدۇ، يۈزى سىلىق، قارامتۇل پارقىراپ تۇرىدۇ. ئاستى سەل يىرىك، يوپۇرماقنى تۇتقاندا بارماقنىڭ ئۇچى ئۇنىڭ يۈزىنىڭ سىلىق، ئاستىنىڭ يىرىك ئىكەنلىكىنى سېزىدۇ. ئاپېلسىن يوپۇرمىقى كىتابنىڭ ئاجايىپ شېرىن ۋە تەسىرلىك مۇھەببەت ھېكايىلىرى يېزىلغان بەتلىرى ئارىسىغا سېلىنىپ نەچچە يىل ساقلانسا تەكشى قۇرۇيدۇ. شۇنداق، يوپۇرماق قۇرۇيدۇ، ئەمما مۇھەببەت ھەقىقىي بولسا، گەرچە ئۇ ۋىسال تاپمىغان بولسىمۇ، مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ، قۇرۇغان ئاپېلسىن يوپۇرمىقى، خۇددى ئاچچىق ھىجران يۈرەكنى مۇجۇغاندەك تەكرار ـ تەكرار مۇجۇلسىمۇ ئۇۋۇلۇپ تالقان بولۇپ كەتمەيدۇ. بىلسەڭ كېرەك، بىز ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك بولغان نەرسە بەربات بولغان كەچمىشلەردۇر.

شۇنداق، مېنى بەرباتلىققا يۈزلەندۈرگەن نەرسە ئاشۇ بىر قەدەم بولسا كېرەك. شۇ چاغدا بۇ بىر قەدەمنىڭ مېنىڭ ھاياتىمدىكى مەڭگۈلۈك روھىي سەرسانچىلىقىمنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، قەلبىمدىكى مۇھەببىتىنىڭ ئاشۇ بىر قەدەم بىلەن مەڭگۈ ئۇنتۇلماس قىممەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. ئۇنىڭ سەن بەرگەن ئاشۇ بىر تال ئاپېلسىن يوپۇرمىقىنىڭ ياپېشىل پارقىراق يۈزىدە بىر دەقىقە جىلۋە قىلىپ ئۆتكەن قۇياش نۇرىدەك مەڭگۈلۈك سىمۋولغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم.

سېنتەبىر ئايلىرىنىڭ بىر يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىنكى چاغ، پۈتۈن بىنا تىپتىنچ ئىدى. دائىمقىدەك سىنىپلاردىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋەزمىن ئاۋازلىرى، پەشتاقلاردىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەرتىپسىز، ئەمما جۇشقۇن ئاياغ تاۋۇشلىرى، كارىدورلاردىن قىسقا، جاراڭلىق، ئەمما غۇبارسىز كۈلكىلەر، تېز ـ تېز قەدەملەرگە ماسلاشقان بوش ئىسقىرتىشلارمۇ ئاڭلانمايتتى. مەن بۈگۈنكى يەكشەنبىدە گۈزەل شەھەرنىڭ ئادەملەر مىغىلداپ تۇرىدىغان ئازادە، پاكىز كوچىلىرىغا، كوچا ياقىلىرىغا تىكىلگەن ئارچا دەرەخلىرىنىڭ يىرىك يوپۇرماقلىرىغا، ئېگىز ـ ئېگىز بىنالارنىڭ دېرىزە ئەينەكلىرىگە چۈشۈپ تۇرغان كۈز قۇياشىنىڭ سۈزۈك نۇرلىرىنى تاماشا قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، ئىككى يىلدىن بېرى ماڭا خېلىلا قەدىناس بولۇپ قالغان سىنىپنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى ئۈستەلىمگە ئېڭىشىپ ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتاتتىم. كىتابقا بەك بېرىلىپ كەتكەنلىكىمدىنمۇ ياكى بۈگۈن تۇيغۇلىرىمنىڭ ئاجايىپ بىر نەرسىدىن بىشارەت بېرىۋاتقاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكىدىنمۇ، چۈشتە بىنادىن چۈشۈپ، بىنا ئالدىدىكى ئالمىلىق باغدا، مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا باشلاپ بارىدىغان يوللارنىڭ قاسناقلىرىدىكى قىرقىپ چىرايلىق شەكىل چىقىرىپ ياسالغان ئارچىلارنىڭ تۈۋىدە جۈپ ـ جۈپ بولۇپ ئولتۇرۇپ، رومانتىك تۇيغۇلارغا غەرق بولغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدىكى قاتار ئاشخانىلارنىڭ بىرىگە كىرىپ نېمە تاماق يېگىنىمنىمۇ بىلمەيمەن، يەنە سىنىپقا قايتىپ كىرىپ، ئاشۇ قەدىناس ئۈستىلىمدە ئولتۇرۇپ كىتاب ئىچىگە كىرىپلا كەتتىم. پۈتۈن بىنا يەنىلا تىپتىنچ ئىدى. دىققىتىمگە مالاللىق يەتكۈزىدىغان ھېچنېمە يوق ئىدى. ئەمما قەلبىم كىتابتىكى پېرسوناژلارنىڭ تەسىرلىك كەچمىشلىرىگە بېقىپ، خۇددى دېڭىز تاشقىنى ھارپىسىدىكى دېڭىز تېگىدەك توختاۋسىز دولقۇنلىناتتى. كۆز قارىچۇقۇم قۇرلار ئۈستىدە تىنىمسىز يۈگۈرەيتتى. ئۆزۈمچە كىتابتىكى قايسىدۇر بىر پېرسوناژلارنىڭ بىچارە ـ بىقۇۋۇللۇقىغا، تەقدىر ـ قىسمىتىنىڭ



تېخىچە تەتۈر كېلىۋاتقانلىقىغا ھېسداشلىق قىلىپ ئۆكۈنـ
سەم، تۇرۇپلا يەنە قايسى بىر پېرسوناژنىڭ رەزىل قىلـ
مىشلىرىغا غەزەپلىنىپ ئۇستەلگە مۇشتلاپ كېتەتتىم. شۇ
تاپتا ئېغىر جىمجىتلىققا چۆككەن كارىدور، ئۇستىلىمنىڭ
يېنىدىكى دېرىزە ئەينىكىدە جىلۋە قىلىۋاتقان قۇياش نۇ-
رى، دېرىزىنىڭ تۈۋىدىلا ئۈچى كۆرۈنۈپ تۇرغان مەنـ
زىرە دەرەخنىڭ شاخلىرىدا كالتە تۇمشۇقلىرىنى بىر ـ
بىرىگە سۈركەپ زوق ـ شوق بىلەن ۋىچىرلىشىۋاتقان
قۇشقاچلار، يىراق ـ يىراقلاردىكى ئېگىز بىنالارنىڭ ئۇسـ
تىگە ئۆلىنىپ قالغاندەك جىمجىت كۆرۈنىدىغان ئاپئاق بۇ-
لۇتلار، بۇلۇتلار ئۈستىدە خۇددى ئۆزىنىڭ پايانسىزلىقى
بىلەن مەغرۇرلىنىۋاتقاندەك سالماق كۆرۈنىدىغان كۆپكۆك
غۇبارسىز ئاسمان... ھەممە، ھەممىسى كۆز ئالدىمدىكى
كىتاب ۋە كىتابتا تەسۋىرلەنگەن غەيرىي دۇنيا بىلەن قو-
شۇلۇپ روھىمغا سىڭىۋاتقاندەك تۇيغۇدا ئىدىم.

بىرىنچى قەۋەتتىن كۆتۈرۈلىدىغان پەشتاق سىنىپـ
ىمىزنىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتى. يۇقىرىغا چىقىدىغانلار دەل
بىزنىڭ سىنىپىمىزنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن قايرىلىپ چىقىپ
كېتەتتى. ئەمما ئادەتتە ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايدىـ
غان بۇ مەۋجۇتلۇق بىر مىنۇت ئىلگىرى، بەلكى ئىككى
يىلدىكى يەتتە يۈز يىگىرمە كۈندىن بېرى بىرەر قېتىممۇ
خىيالىمغا كىرىپ ـ چىقمىغان ئاشۇ پەشتاق ۋە پەشتاق
ئىگىلەپ تۇرغان بوشلۇق، شۇ تاپتا مەن ئۈچۈن پۈتكۈل
ھاياتىم بىلەن تەڭ زور ئەھمىيەتكە ئىگىدەك بىلىنمەكتە
ئىدى. چۈنكى دەل شۇچاغدا پەشتاقتىن خۇددى ئېگىز
شاخلار ئۈستىدىن لەيلەپ چۈشۈۋاتقان قۇش پەيدەك يې-
نىك، نەچچە دەريا، نەچچە ساي ۋە نەچچە بوستانلىقلار-
نىڭ ئۇ تەرىپىدە غېرىبسىنىپ قالغان ئانا سەھرايىمدىكى
قۇملۇق باغرىدا، خاماندىكى قاتار قوشۇلغان ئورۇق كا-
لىلىرىنى ھەيدەپ، ئۆتۈپ كەتكەن ياغلىقنى يۈزلىرىگە
چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئاندا ـ ساندا ئۈجمە دەرەخلىرى
چوقچىيىپ تۇرغان كەڭرى ئېتىزلىقلار ئۈستىدە لە-
يىلداۋاتقان ئالۋۇنلارغا پات ـ پات قاراپ قويۇپ لاي ـ
لاي ئېيتىۋاتقان غېرىب ئايالنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىدەك ئۇ-
زۈپ ـ ئۈزۈپ ئاڭلىنىۋاتقان ئاياغ تاۋۇشى دىققىتىمنى
چالغىتتى. دەل شۇچاغدا مەن ئوقۇۋاتقان كىتابتىكى ئو-
قۇش پۇلىنى تۆلىيەلمىگەنلىكتىن ئوقۇتقۇچىسى دەشنام بې-
رىپ سىنىپتىن چىقىرىۋەتكەن بىر بالا، سىنىپنىڭ ئارقىسىغا
چىقىپ دېرىزە تۈۋىدىكى بىر تۈپ دەرەخكە يۆلىنىپ نې-
مە قىلارىنى بىلەلمەي مۇڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپ-
تىكى بىچارە، تولىمۇ ئېچىنىشلىق تەسۋىرى مېنى ئاجايىپ
بىرخىل مۇڭ ئىچىگە سۆرەپ كىرگەن ئىدى. مەن ئېغىر
بىر ھەسرەت ئىچىگە چۆمۈپ، كىتابتىن بېشىمنى كۆتۈر-
دۈم. پەشتاقتىن چىقىۋاتقان يېنىك ئاياغ تاۋۇشى خۇددى
مېنىڭ مېڭەمگە، ئاندىن يۈرىكىمگە كىرمەكچى بولغاندەك
بارغانچە يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى.

ئۆزۈم تىكەندەك تەنھا ئولتۇرغان سىنىپنىڭ ئىشىكى
قىيا ئوچۇق ئىدى. ئەگەر دەل ۋاقتىدا قارىغىلى بولسا،
ئاشۇ قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىك ئالدىدىن ئۆتكەن بىر
ئادەمنىڭ پۈتۈن تۇرقىنى دەقىقە ئىچىدە تولۇق كۆرگىلى
بولاتتى. پەشتاقتىن چىقىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى توختىدى،
ئاشۇ يېنىك سادا پۈتۈن بىنانىڭ ئۆلۈكتەك جىملىقىغا سى-
ڭىپ كەتكەندەك يوقاپ كەتتى. مەن يەنە ئىختىيارسىز
كىتابقا قارىدىم. كۆزلىرىم قۇرلار ئارىسىدا تېز ـ تېز چې-
پىپ، دىققىتىم ئاڭلاش سېزىمىمنى يەپ كەتكەندەك تىم-
تاس ھالەتتە كىتابقا بېرىلدىم. كىتابتىكى ھېلىقى بالا دە-
رەخكە يۆلىنىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تولىمۇ ئېچىنىشلىق
ھالدا مۇڭلىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ جۇل ـ جۇل كىيىملىرىد-
نىڭ يىرتىقلىرىدىن قىزغۇچ بەدىنىنىڭ ئۇيەر ـ بۇيەرلىرى
كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قوڭغۇراق چېلىنغان تەسۋىردىن كې-
يىن، باللار سىنىپلاردىن چۇرقىرىشىپ چىقىشتى. كوكۇلا
چاچلىرى قىرىق تال ئۆرۈلگەن، بېشىغا قىزىل گۈللۈك
كونا دوپپا كىيىۋالغان، ئۆڭۈپ كەتكەن چىت كۆڭلىكى
تىزلىرىنى ئاران يېپىپ تۇرىدىغان مەسۇم بىر قىز، با-
لىلارغا قوشۇلۇپ مەيدانغا يۈگۈرمەي، كۆزلىرى بىلەن
نېمىندۇر ئىزدەپ ئەتراپقا قارىدى، قانداقتۇر بىر ئىش
يادىغا كەلگەندەك سىنىپنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى. يالغۇز دە-
رەخكە يۆلىنىپ مۇڭلىنىپ تۇرغان بالىنى كۆرۈپ، نېمە-
دىندۇر تارتىنغاندەك يەردىن ئۈستۈن قارىماي ئۇنىڭ
قېشىغا كەلدى ۋە «سىنىپقا كىرىۋەرگىن، سەن ئوقۇيالاي-
سەن» دېدى. كىتاب قۇرلىرى ئارىسىدا چېپىپ كېتىۋاتقان
كۆزلىرىم نەملەشكەندەك بولۇپ، كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلاپ
قويۇپ يەنە ئوقۇشقا باشلىدىم. كۆزلىرىم قۇرلاردىن ئې-
زىپ كەتمىگەن ئىدى. دەرەخ تۈۋىدىكى ئىككى بالا نې-
مىلەرنىدۇر دېيىشتى. دەرەخ شېخىغا قونۇپ ئولتۇرغان
بىر جۈپ قۇشقاچ پۇرىرىدە ئۇچۇپ كەتتى. ھېلىقى كوكۇلا
چاچلىرى قىرىق تال ئۆرۈلگەن چىت كۆڭلەكلىك قىز دە-
رەخكە يۆلىنىپ مۇڭلىنىپ تۇرغان ئوغۇل بالىنىڭ قولىنى
تۇتتى. ئۇلار يۈگۈرگىنىچە سىنىپقا ماڭدى...ئاھ، نېمىدې-
گەن گۈزەل تەسۋىرلەر ـ ھە؟! نېمىدېگەن تەسىرلىك
مەنزىرە! مەن كىتابتىن بېشىمنى كۆتۈردۈم. ئاشۇ بىر جۈپ
قىز ـ ئوغۇلنىڭ بىر ـ بىرىنى يېتىلىشىپ يۈگۈرۈپ كې-
تىۋاتقان كۆرۈنۈشى، خۇددى كىنولاردىكى ئاستا كۆرۈ-
نۈشتەك تولىمۇ ئاستا ھالەتتە بارا ـ بارا يۇقىرى ئۆر-
لەپ، خۇددى بايا بالا يۆلىنىپ تۇرغان دەرەخنىڭ شېخى-
دىن ئۇچۇپ كەتكەن بىرجۈپ قۇشقاچتەك كۆز ئالدىمدا
مەڭگۈلۈك قېتىپ قالدى.

كىتاب تېخى تۈگىمىگەن ئىدى. ئەمما داۋامىنى ئو-
قۇسام، چوقۇمكى شۇ تاپتىكى ئىزگۈ ھېسلىرىم تۇزۇپ
كېتەتتى. مەن كىتابتىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئېغىر ـ ئېغىر

تىنىپ، ئىختىيارسىز قىيا ئۇچۇق تۇرغان ئىشىككە قارد-
دىم. ھېلىقى يېنىك ئاياغ تىۋىشىنىڭ سېھىرلىك ساداسى
يەنە پەيدا بولدى. مەن قىيا ئۇچۇق تۇرغان ئىشىكتىن
كۆز ئۈزمەي ئولتۇراتتىم. ئاياق تاۋۇشى تېخىمۇ يېقىنلى-
شىپ، قىيا ئۇچۇق تۇرغان ئىشىك ئالدىدىن، خۇددى بۇ-
لۇتلار ئۈستىدىن نازارەت قىلىپ تۇرغان تىنىق ئاسمان-
دەك ھاۋارەڭ ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن، ئېگىز، زىلۋا،
تۇم ئىككى ئۆرۈم چېچى خۇددى سۇ ئۈزۈش تەنھەرد-
كەتچىسىنىڭكىدەك تولغان ئېقىمدا سويلاپ تۇرغان بىر
قىز لىپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن كىرپىكىمنى قېقىپ
كۆزۈمنى ئاچقاندا قىيا ئۇچۇق تۇرغان ئىشىك ئالدىدىن
ئاللىقاچان ئۆتۈپ بولغان قىزنىڭ بويىنغا سىيلىۋالغان قە-
زىل ياغلىقنىڭ خۇددى مەيىن شامال ئۇچۇرغان قىزىل
ئىستەك لەپىلدەپ كېتىۋاتقان ئۇچىنىلا كۆرەلىدىم.

ئۇستىلىم ئالدىدا نېمىلەرنى ئويلاپ قانچىلىك ئول-
تۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن. بەلكىم بىرەر سائەتتەك ئولتۇر-
غاندىمەن، بەلكىم مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ چۈش كۆر-
گەندىمەن، شۇنداق، بەلكىم ئاردىن بىرەر مىنۇتمۇ ئۆت-
مىگەندۇ. كۆز ئالدىمدا پەقەت بايا ئوقۇغان كىتابتىكى
بىر - بىرىنى يېتىلەپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان بىر جۈپ بالا
بىلەن قىيا ئۇچۇق تۇرغان ئىشىك ئالدىدىن خۇددى چۈ-
شۈمدىكىدەك لىپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن قىزنىڭ بويند-
دىكى قىپقىزىل ياغلىقنىڭ لەپىلدەپ ئۇچۇۋاتقان كۆرۈ-
نۈشى دەممۇ دەم ئالمىشىپ ئۆتۈپ تۇراتتى. تۇرۇپلا
ھەممە نەرسىدىن زېرىككەندەك، ئۆزۈمنى تولىمۇ مەنى-
سىز ھېس قىلىپ، يىراقتىكى سەھرادا قالغان ئانامنى سې-
غىنغاندەك غېرىبلىق ئىچىگە پېتىپ قالدىم. سىرتتىكى شە-
ھەر كوچىلىرىنىڭ بىرىدىكى سىترو ئاۋازلىق كانايدىن
يالغۇز نەينىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى كېلەتتى. بۇ ماڭا خۇددى
ئاشۇ يىراق سەھرادا قالغان بوۋامنىڭ ئاجايىپ سېھىرلىك
چۆچەكلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان گۈگۈم پەيتلىرىدە جاڭ-
گالدىن ئوتتۇن ئېلىپ كېلىۋاتقان ئوتۇنچىنىڭ يىراق -
يىراقلاردىن ئۈزۈپ - ئۈزۈپ ئاڭلىنىدىغان نەيىنى ئەس-
لەتتى.

پۈتۈن بىنا ئاۋۇالقىدەكلا جىمجىتلىققا چۆككەن ئى-
دى. ئەمدى سىنىپتا يەنە ئولتۇرۇۋېرىش مېنى تېخىمۇ
زېرىكتۈرەتتى. مەن كىتابنى قولتۇقۇمغا قىستۇرۇپ، ھېچ-
نېمىنى ئويلىماي سىنىپتىن چىقتىم. نېمىشقىدۇر كارىدورغا
چىقىپ ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ قالدىم. ئۇزۇن كارىدور
جىمجىت ئىدى. مەن كارىدورنىڭ بېشىغا قارىدىم. كارى-
دورنىڭ بېشىدىكى يوغان دېرىزە بىلەن مەن تۇرغان
جاينىڭ ئارىلىقىدا بىر سىنىپ بار ئىدى. چۈشتىن كېيىنكى
سۈزۈك قۇياش نۇرى دېرىزىدىن قىيپاش چۈشۈپ تۇرات-
تى. دېرىزە ئالدىدا تۇرغان سىنىڭ سايەڭ كارىدورغا خې-
لى ئۇزۇن سوزۇلۇپ چۈشۈپ تۇراتتى. سىنىڭ ئېگىز،
زىلۋا تۇرقۇڭ خۇددى سۇس قىزىل رەڭ ئاستىغا يوشۇ-
رۇپ سىزىلغان ماي بوياق رەسىمدىكى ھاۋارەڭ سىما-
دەك سەل غۇۋا، ئەمما شۇنداق گۈزەل كۆرۈنەتتى.

مەن خۇددى غۇۋا نۇر چۈشۈپ تۇرىدىغان ئەينەك
ئاستىدىكى ئېسىل بىر سەنئەت بۇيۇمىنى تاماشا قىلىۋات-
قاندەك، سەن، دېرىزە ۋە قۇياش نۇرى بىرلەشكەن بۇ
گۈزەل مەنزىرىنىڭ رەڭ - سىزىقلىرىنى، بۇ سىرولۇق
رەسىمنىڭ قۇرۇلمىسىنى چۈشەنمەكچى بولغاندەك خېلى
ئۇزۇنغىچە ساڭا قاراپ تۇردۇم. ئۇ بەرىبىر بىر كۆرۈنۈش
ئىدى. ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىشىم تۈگىسىلا، ئۇ كۆرۈنۈش-
مۇ كۆز ئالدىمدىن يوقايتتى. مەن كۆزلىرىمنى ئۇ كۆرۈ-
نۈشتىن ئېلىپ، خىيالىي دۇنيادىن سۇغۇرۇلۇپ چىققاندەك
ئۆزۈمگە كېلىپ، قايرىلىپ ماڭماقچى بولدۇم. بىراق پۇت-
لىرىم كارىدورنىڭ سوغۇق پولىغا چاپلىشىپ قالغاندەك،
ئۆزۈم خۇددى مۇشۇ كارىدوردىن ئۈنۈپ چىققاندەك،
يىلتىزلىرىم پۈتۈن بىنانىڭ بېتون، قىشلىرى ئارىسىغا تار-
تىلىپ كەتكەندەك مىدىرلىمايتتى. مەن ئىختىيارسىز يەنە
سەن تەرەپكە قارىدىم. قارىدىم - يۇ، قەدەملىرىم سەن
تەرەپكە تاشلاندى.

مەن ئىختىيارسىز ئاشۇ بىر قەدەمنى ئالدىم. ھايا-
تىمنىڭ بۈگۈنگىچە بولغان بارچە مەنىسى، گۈزەللىكى،
لەززىتى ۋە چەكسىز بەخت، شېرىن ئازاب ئىچىدىكى
مەڭگۈلۈك ئەسلىمىسى شۇ بىر قەدەمدىن باشلاندى.
شۇنداق ھەممە نەرسە ئەنە شۇنداق بىر قەدەمدىن باشلى-
نىدۇ. خۇددى پۈتۈن ئالەمگە ئىللىق نۇرى بىلەن مەڭگۈ-
لۈك مۇھەببەت بەخش ئېتىپ تۇرغان قۇياشتەك مەڭگۈ-
لۈك مۇھەببەتمۇ ئاشۇ بىر قەدەمدىن باشلىنىدۇ. ھەممىنى
ئاخىرلاشتۇرمىغىنىمۇ ئاشۇ بىر قەدەم.

مەن سىنىڭ يېنىڭغا، دېرىزىنىڭ ئالدىغا باردىم.
راستىمنى دېسەم، ئۇ چاغدا سېنى يېقىندىن كۆرۈش ئۈ-
چۈن ئەمەس، بەلكى سىنىڭ پۈتۈن بىنادەك شۇ قەدەر
جىمجىت تۇرۇپ دىققىتىڭ بىلەن قاراۋاتقان نەرسىنىڭ نې-
مە ئىكەنلىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن بارغاندەك بىرخىل تۇي-
غۇ بىلەن بارغان ئىدىم. سەن كۆزدىكى سۈزۈك قۇياش
نۇرى قىيپاش چۈشۈپ تۇرغان دېرىزە ئالدىدا قايسىدۇر
بىر نۇقتىغا ئۇدۇل قاراپ تۇراتتىڭ. ئۇدۇلدا ئېگىز دە-
رەخلەر ۋە دەرەخلەرنىڭ كەينىدە تېخىمۇ ئېگىز بىنالار
بار ئىدى. دېمەك، سەن ئانچە يىراقنى كۆرەلمەيتتىڭ،
ئەمما تۇرقۇڭ خۇددى ئۇيۇقنىڭ قات - قېتىغا سىڭىپ
كەتكەن قانداقتۇر بىر سىرغا قاراۋاتقاندەك ئىدى. سەن
نېمىگە قاراۋاتقانسەن؟! سەن يېنىڭدا تۇيۇقسىز پەيدا بو-
لۇپ قالغان ماڭا لەپپىدە بىر قارىدىڭ، شۇنداق، پەرۋا-
سىز، ئىپادىسىز، خۇددى دېرىزە بىلەن تامنىڭ تۇتاشقان
يېرىدىكى قىلدەك ئىنچىكە يېرىقچىدا پەيدا بولۇپ قالغان
ئۆمۈچۈك تورىغا قارىغاندەك، مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇم كۆ-

زۇگگە چېلىقمىغاندەك مۇنداقلا بىر قارىدىڭ، بۇنداق
قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مېنىڭمۇ ھەممىنى كۆرۈپ ئۈلگۈرۈ-
شۈم مۇمكىن ئەمەسۇ، لېكىن مەن تەرەپكە خۇددى شامال
ئۆرۈگەن كىتابنىڭ ۋارىقىدەك لەپپىدە بىر قارىغاندىكى
بۇ چىراي، مەن شۇ كۈنگىچە كۆرگەن ئەڭ گۈزەل، شۇ
بىر قاراش بىلەنلا مەڭگۇ ئۇنتۇلمايدىغان قىلىپ يۈرد-
كىمگە نەقىشلىۋالغان، يەنىلا شۇ ئەڭ گۈزەل دېگەن ئاد-
دىي، ئەمما ۋەزنى تولىمۇ ئېغىر بىر سۆز بىلەنلا تە-
رىپ - سۈپەتلىگىلى بولىدىغان چىراي ئىدى. يۈزىنىڭ
سۈزۈكلۈكى، لەۋلىرىنىڭ نېپىزلىكى، ھەتتا شۇنچىكى بىر
قاراشتىلا ئادەمنى ئۆزىگە چەكسىز باغلاپ، دىل ئارامىنى
ئوغرىلايدىغان مەڭگۈلۈك زىنىخ، كۆز، قاش، خۇددى
قاراڭغۇ ئورمانىنىڭ سايىسىدەك قايرىما كىرپىكلەر، يېشىل
كۆزلۈك كىچىك ھالقا ئېسىۋالغان قۇلاقلار ئەتراپىدا يېنىك
تەۋرىنىپ تۇرغان قاپقارا پارقىراق چاچ تورۇندىلىرى...
بۇلارنى دېيىشنىڭ ئۆزىمۇ ئاجايىپ قىيىن ھەم ئارتۇقچە،
ئەنە شۇنداق ئەڭ چىرايلىق...

سەن ماڭا لەپپىدە، پەقەت تاسادىپىي بىر قارىدىڭ،
خۇددى تورۇسقا ئېسىلغان چىراغ لەپپىدە يېنىپ - ئۆچ-
كەندەك، شۇنداق قىسقا قارىدىڭ. كۆزلىرىم دېرىزىدىن
قىيپاش چۈشۈۋاتقان نۇردىن قاماشتىمۇ ياكى سېنىڭ كۆز-
لىرىڭگە تىك قاراشقا پېتىنالمىدىممۇ، بىلمەيمەن. ئىختى-
يارسىز بايا سەن ماڭا قاراش ئارىلىقىدا قولتۇقۇمدىن قو-
لۇمغا چىقىپ قالغان كىتابقا قارىدىم.

— قايسى كىتابنى ئوقۇۋاتىسىز؟ — دېدىڭ سەن،
خۇددى باغچىدىكى گۈللەرنىڭ ئارىسىدىن چىققان چېكەت-
كىنىڭ ئاۋازىدەك مەڭگۈلۈك ئاۋازدا.

مەن ئۈن - تىنسىز كىتابنى ساڭا كۆرسەتتىم. شۇ
چاغدا كىتابنىڭ ئىسمىنى دېيەلمىدىم، دېيەلمەيتتىم، ھا-
زىرمۇ دېمەيمەن.

— بۇ كىتابنى بەك ياخشى دەپ ئاڭلىغان ئىدىم،
ياخشىمىكەن؟ — دېدىڭ سەن يەنە. بۇنداق ئوچۇق،
زىل، يېقىملىق، ھەر بىر تاۋۇشىدا پۈتۈن ئالەم سىرلىرىنى
ئىپادىلەيدىغان شېرىن ئاۋازدا سورالغان بۇ ئاددىيغىنە سو-
ئالغا ئەمدى جاۋاب بەرمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— تېخى ئاخىرى چىقمىدى، — دېدىم مەن. ئەمما
ئاۋازىمنىڭ قانداق چىققانلىقىنى بىلمەيمەن.

پارىڭىمىز ئۈزۈلۈپ كەتتى.

— مەن سىزنى تونۇيمەن، بىز بىر فاكۇلتېت، مەن
سىزدىن بىر يىل كېيىن كەلگەن. سىلەرنىڭ سىنىپ بىلەن
ئىشىكىمىز قىيپاش قارىشىپ تۇرىدۇ...

شۇ چاغدا مەن نېمىلەرنى دېگەندىمەن. نېمىلەر
ئۈستىدە دىيالوگ قىلىشتۇق، بۇنى ئەسلىيەلمەيمەن. ئەمما
شۇ چاغدا تۇيۇقسىز سېنى بىر يىلدىن بېرى تونۇيدىغانلى-
قىمنى ھېس قىلىپ قالدىم. سەن مەندىن بىر يىل كېيىنكى
سىنىپتا ئوقۇيتتىڭ. بەلكىم «مەنمۇ سىزنى تونۇيمەن»
دېگەندىمەن.

بىز كىتاب، بىلىم، غايە، ئىش قىلىپ گۈزەل نەرسى-
لەر ئۈستىدە خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتۇق، بۇ بىزنىڭ تۇنجى
پارىڭىمىز ئىدى. سېنىڭمۇ قولتۇقۇڭدا كىتاب بار ئىدى.
بىر قولۇڭدا قۇشقاچنىڭ قانىتىچىلىك چوڭلۇقتىكى ياپې-
شىل بىر تال يوپۇرماقنى ئويناپ تۇراتتىڭ. مەن قولۇڭ-
دىكى ئاشۇ يوپۇرماققا خېلىدىن بېرى قاراپ قالغان بول-
سام كېرەك.

— بۇنىڭغا قاراۋاتامسىز؟ — دېدىڭ سەن يوپۇر-
ماقنى لېۋىڭگە تەگكۈزمەكچى بولغاندەك كۆتۈرۈپ، —
ئاپېلسىن يوپۇرمىقى، بەك چىرايلىق - ھە؟...!

— شۇنداق، يېشىل ئىكەن.

— سىز يېشىل رەڭنى ياخشى كۆرەمسىز؟

— يېشىللىق بولمىسا تەبىئەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى
بولمايدۇ.

— مەڭ، سىزگە بېرەي، — دەپ يېقىملىق كۈل-
دۈڭ سەن.

مەن يوپۇرماقنى قولۇڭدىن ئالدىم. قوللىرىم سۈس
تىترەپ كەتتى. تىترەپ تۇرغان قولۇمدىكى يوپۇرماققا
قارىدىم، ئاپېلسىن يوپۇرمىقىنىڭ قارامتۇل سىلىق يۈزىدە
دېرىزىدىن قىيپاش چۈشۈپ تۇرغان قۇياش نۇرى جىلۋە
قىلىپ كەتتى. ساڭا باغلىق بولغان بارلىق ئەسلىمىلىرىم
ئىچىدە شۇ چاغدا ئاپېلسىن يوپۇرمىقى ئۈستىدە جىلۋە قى-
لىپ كەتكەن ئاشۇ نۇر مەڭگۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. مەن
ئاپېلسىن يوپۇرمىقىنى ئۆزۈم ئوقۇۋاتقان كىتابنىڭ قېتىغا،
كىتابتا تەسۋىرلىنىۋاتقان ھېلىقى قىرىق كوكۇلىلىق قىز بە-
لەن دوپپىلىق ئوغۇل قول تۇتۇشۇپ يۈگۈرۈپ كەتكەن
تەسۋىرلەر بار يېرىگە سېلىپ قويدۇم.

قۇياش نۇرى ئەمدى دېرىزىگە غەرب تەرەپتىن قىي-
پاش چۈشۈشكە باشلىغان ئىدى. كارىدوردا ئاياغ تىۋىش-
لىرى ئاۋۇشقا باشلىدى، بىزنىڭ كەينىمىزدىكى پەشتاقتىن
چىقىۋاتقانلار بىزگە زوق بىلەن مەنىلىك قاراپ قويۇپ
ئۆتۈپ كېتىشەتتى.

مەن سەندىن بىر يىل بۇرۇن ئوقۇش پۈتكۈزدۈم.
سەن يەنە بىر يىل ئوقۇيتتۇڭ. مەن ئاشۇ بىر قەدەمنى
ئالغان كۈندىن باشلاپ دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەم
بولۇپ ئۆتتۈم. بىر - بىرىمىزگە مۇھەببىتىمىزنى كەم -
كۈتسىز بېغىشلىدۇق. ئەمما مەن ئاشۇ كىتاب قېتىدىكى
ئاپېلسىن يوپۇرمىقىنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇپ قالمىدىم. مەك-
تەپتىكى ئوقۇش، ئۆگىنىش، ئىلىم ئىگىلەش ۋە تۈگىمەس
ئىمتىھانلار، ئوقۇش پۈتكۈزۈش ماقالىسى يېزىشلارنىڭ
ھەممە كىشى بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان تەسۋىرلىگۈسىز
جاپا - مۇشەققەتلىرى سەن ماڭا بېغىشلىغان بەختنىڭ ئە-
چىگە سىڭىپ مەنىلىك مەشغۇلاتقا ئايلانغان ئىدى. ئەمما

شۇ چاغلاردىمۇ ئاشۇ ئاپېلسىن يوپۇرمىقىنى ئۇنتۇپ قالمىدىم، گەرچە ئۇ بارا ـ بارا قۇرۇشقا باشلىغان بولسىمۇ...

مەن ئوقۇش پۈتكۈزگەندە بىز ۋاقىتلىق خوشلاشقان ئاشۇ مىنۇتلاردا، سەن خۇددى خوشلىشىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش كۆكسۈمگە بېشىڭنى قويۇپ، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلايتتىڭ، مەنمۇ سېنى تېخىمۇ ئازابلانمىسۇن دەپ زورىغا كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىمدىن توختىماي تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىمنى سەندىن يوشۇرۇپ دەممۇ دەم چەتكە قاراپ، بەزىدە بولۇق چاچلىرىڭ ئارىسىغا يۈزۈمنى يوشۇرۇپ، سېنى باغرىمغا چىڭ بېسىپ، يەلكەڭنى توختىماي سىلايتتىم، بىز تولىمۇ تەستە ئايرىلدۇق. مەن قېتىغا ئاپېلسىن يوپۇرمىقى سېلىنغان كىتابنى باغرىمغا بېسىپ ئاپتوبۇسقا چىقماقچى بولدۇم. بىر قولۇمدا ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىك تۇتقۇچىغا ئېسىلىپ، يەنە بىر قولۇمدا يېنىمىزدىكى سەپەر سومكامنى ئېلىشقا توغرا كەلدى. قېتىغا ئاپېلسىن يوپۇرمىقى سېلىنغان كىتابنى ساڭا بېرىشكە توغرا كەلدى، بەردىم ـ دە، ئاپتوبۇسقا چىقتىم. ئاپتوبۇس ھايالشىماي قوزغالدى. سەن ئاپتوبۇس بېكەتتىن چىققاندىن كېيىنمۇ خېلى بىر يەرلەرگىچە ئاپتوبۇسنىڭ كەينىدىن يۈگۈردۈڭ، كېيىن نېمىشقىدۇر مېنى چاقىرغاندەك قىلىپ، ئالاقزادىلىك بىلەن تېخىمۇ تېز يۈگۈرۈشكە باشلىدىڭ...

ئاپتوبۇسنىڭ سۈرئىتى تېزلەشتى. مەن دېرىزە ئەيىنىكىگە ئالقانلىرىمنى چاپلاپ، ساڭا قارىدىم. سەن قولۇڭنى پۇلاڭلاتقىنىڭچە ئاپتوبۇسنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈۋاتاتتىڭ، دېرىزە ئەينەكلىرى پاكىز ھەم سۈزۈك ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ سىرتىدىن ئىچىنى كۆرگىلى بولمايدىغان كور ئەينەك ئىكەنلىكىنى كېيىن بىلدىم. كۆزلىرىمگە لىق تولغان ياش سېنى غۇۋا كۆرسەتتى. سەن نېمىدىندۇر ئۈركۈپ، يۈزۈڭنى تۇتقىنىڭچە يولنىڭ چېتىگە ئۆزۈڭنى ئاتقاندەك قىلدىڭ... ئاپتوبۇس تۇيۇقسىز قاتتىق سىلكىندى، جىددىي قايرىلدى، بىر نەرسىگە ئۇرۇلدى. شۇ دەقىقىدە مەن سېنىڭ بولۇق چاچلىرىڭنىڭ يېنىك شامالدا بوش ئۇچۇۋاتقانلىقىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرگەندەك بولدۇم. چىرقىرىغان، دەھشەتلىك ئاھ ئۇرغان ئاۋازلار ئىچىدە، خۇددى چۈشتىكى پەرىشتىلەر بۇلۇتلارنى تېشىپ ئۆتكەن تاغ چوققىسىدىن ئۇچقاندەك، مەڭگۈلۈك بىر چوڭقۇرلۇققا، قورقۇنچلۇق بىر ھاڭغا ئۇچۇپ چۈشكەندەك ئاستا ئۇچۇپ يىقىلغانلىقىمنى كېيىن قايتا ئەسلىدىم...

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيمەن. بىر قېتىملىق قىيامەت دەھشىتى ئۆتۈپ كېتىپ قايتىدىن ھاياتلىق ئالىمىگە كۆز ئاچقاندەك تىمتاسلىق ئىچىدە ھوشۇمغا كېلىپ، ئاغدۇرۇلۇپ كەتكەن ئاپتوبۇسنىڭ چېقىلغان ئەينەكلىرىنى قاماللاپ ئۆمىلەپ چىقىپ، قۇلاقلىرىم گاس، يۈز ـ كۆزلىرىمدىن سوغۇق قان ساقىپ چۈشۈۋاتقان ھالدا دەلدەڭشىپ مېڭىپ، بايا ئاپتوبۇس سىلكىنگەن جايغا، چوڭ يولغا چىققىنىمدا، يولنىڭ ئاۋۇ تەرىپىدە ئاپتوبۇسقا سوقۇلۇپ مىجىلىپ كەتكەن يەنە بىر كىچىك ماشىنا خۇددى دەسسىۋېتىلگەن ئاپېلسىندەك ماكچىيىپ ياتاتتى.

ئۇنىڭدىن سەل نېرىراقتا بىرمۇنچە كىشىلەر توپلىشىۋاپتۇ. مەن شۇ تەرەپكە دەلدەڭشىپ ماڭدىم، كۆزۈم چىدىغۇسىز ئېچىشىۋاتقان بولسىمۇ، ھەممە نەرسىنى ئېنىق كۆرەتتى. لېكىن قۇلىقىم ھېچنېمىنى ئاڭلىمايتتى. تېنىمنىڭ ھېچ يېرى سەزمەيتتى. مەن دەلدەڭشىگىنىمچە بېرىپ، ئادەملەر توپىنى يېرىپ ئۆتتۈم. قارا ماي ياتقۇزۇلغان سىلىق يولدا، غەرق قان ئىچىدە ياتقان بىر جەسەتكە قىزىل كىرىست بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن ئاپياق يوپۇق يېپىپ قويۇلغان ئىدى...

يوپۇقنىڭ قاندىن ھۆل بولۇپ كەتكەن بىر بۇرجىكىدىن بەتلىرى قىپقىزىل قان بىلەن بويالغان بىر كىتاب كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاھ...! مەن كىشىلەرنىڭ توسۇشلىرى، بىلىكىمدىن تارتىپ تۇرۇپ نېمىلەرنىدۇر دېيىشكەنلىرىگە پەرۋامۇ قىلماي ئۆزۈمنى يوپۇقنىڭ ئۈستىگە ئاتتىم، ئۈنسىز سىرغىۋاتقان قويۇق، قارامتۇل قان ئۈستىگە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ھەممە يېرى خۇددى قەھرىمانىنىڭ تېنىدەك زېدە، دەرمانسىز، بوش تىترەۋاتقان قوللىرىم بىلەن كىرىست بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن ئاپياق يوپۇقنىڭ گىرۋىكىنى قايرىدىم... شۇ قەدەر گۈزەل، خۇددى ئەركىلەپ كۆزىنى بوش يۇمۇۋالغاندەك، مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلىسىلا لەپپىدە كۆزىنى ئاچىدىغاندەك مەسۇم چىراي، ئېچىلسىلا ماڭا مەڭگۈلۈك تونۇش ئاۋازدا ھېلىلا كۈلۈۋېتىدىغاندەك ھېمىرىلگەن نېپىز، ئەمما تاتىراڭغۇ لەۋلەردە نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئارمانلار، ئىنتىلىش ۋە چەكسىز كۈتۈشلەر مۇجەسسەملەشكەن، بىر قاراش بىلەنلا يۈرەكنى تىلىم ـ تىلىم قىلىۋېتىدىغان سۇس بىر خىل يېقىملىق كۈلكە مەڭگۈلۈك قېتىپ قالغان بىر چىراي جىمغىنە ياتاتتى.... ئەتراپقا ئۇلىشىۋالغان كىشىلەرنىڭ ئاياغلىرى ئارىسىدىن بۆسۈپ كىرگەن بوش شامالدا يېنىك، بىلىنەر ـ بىلىنمەس لەپىلدەۋاتقان قوڭۇر چاچلارنىڭ قېشىدا قان بىلەن نەملىشىپ كەتكەن بىر كىتاب ياتاتتى. شامال تۇيۇقسىز سەل كۈچەيگەندەك قىلىپ، ھېلىقى كىتابنىڭ چالا نەملەشكەن بىر ۋارىقى شىرىققىدە ئۆرۈلدى. كىتاب بەتلىرى ئارىسىدا ياپيېشىل بىر تال ئاپېلسىن يوپۇرمىقى مۇڭلۇق يالتىراپ تۇراتتى...

ئاپتور: قاراقاش ناھىيەلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە





# مېھمانغا بېرىش

(ھېكايە)

ئابلىكىم سابىر

قايسى بىر يىلى خىزمەت بىلەن بىر شەھەرگە بېرىپ
كۆرۈشمىگىلى نەچچە يىل بولغان بىر دوستۇم بىلەن كۆ-
رۈشۈپ قالدىم. ئۇ شەھەر ئەتراپىدىكى بىر مەكتەپتە
ئىشلەيتتى. ئۇ دەم ئالغان كۈنلىرى مېنى ئىزدەپ كېلىپ،
ئۇ - بۇ يەرلەرگە ئاپىرىپ مېھمان قىلىپ، ئىلاجى بار مې-
نى زېرىكتۈرۈپ قويماسلىققا تىرىشتى. بىر كۈنى ئۇ:

— سېنىڭ بۇ يۇرتقا كېلىشىڭ ئانچە ئاسان ئەمەس،
شۇڭا دوستلىرىم بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، زېرىكتۈرۈپ
قويماي دەيمەن. مېنىڭ بىر دوستۇم بار ئىدى، ئۇ سېنىڭ
ئۈرۈمچىدىن كەلگەنلىكىڭنى ئاڭلاپ، چوقۇم ئۆيىگە
باشلاپ بېرىشىمنى، ياخشى مېھمان قىلىدىغانلىقىنى، بار-
مىساق خاپا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى، شۇڭا، كېيىنكى دەم
ئېلىش كۈنى شۇنىڭكىگە بارىمىز. بىر ياققا كەتمەي،
ساقلاپ تۇرغىن، — دېدى.

دېگەندەك، كېيىنكى دەم ئېلىش كۈنى كەچقۇرۇن
ئۇ مېنى ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىگە مىندۈرۈپ قاياققىدۇر ئې-
لىپ ماڭدى. يېرىم سائەتتەك يول يۈرۈپ، قاتار كەتكەن
كېسەك تاملىق ھويلىلاردىن بىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە،
ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ:

— بۇ مېنىڭ تاغامنىڭ ئۆيى، خىزمەت ئالدىراشلىقى
بىلەن بىر نەچچە ئايدىن بېرى يوقلاپ كېلەلمىگەن، ئە-
شىك ئالدىدىن كۆرۈشمەي ئۆتۈپ كەتسەم سەت تۇرار،
سەنمۇ كىرگىن، مۇشۇ پۇرسەتتە بېشىمىزنى تىقىپ قويۇپلا
ئۆتۈپ كېتەيلى، مېھماندارچىلىقتىن كەچ قالساق قونۇپ
قالىمىز، سەنمۇ مېھمانخانىغا قايتىمەن دەپ كېچىدە ئاۋا-
رە بولۇپ يۈرمەيسەن، — دېدى.

مەن دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، ئارتۇق گەپ-
سۆزمۇ قىلمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېنى كىچىكرەك بىر
ئىشىكتىن ئىچكىرىگە باشلىدى. ئاڭغىچە ئوتتۇرا ياشلار-
دىكى بىر ئەر بىلەن بىر ئايال ئالدىمىزغا چىقتى. ئۇلار
بىزنى قىزغىن قارشى ئالغاندىن كېيىن، دالان ئۆي ئارقى-
لىق ئىچكىرىكى ئۆيگە باشلىدى.

ئۆي ئىگىلىرى دوستۇمنى ئۇزاقتىن بېرى كۆرمەي
بەكمۇ سېغىنغانلىقىنى، قانداقلا بولمىسۇن بۈگۈن ئۆزلى-
رىنى ئالاھىدە يوقلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشال
بولغانلىقىنى ئېيتتى، ھەم شۇ ئارىلىقتا ئالدىمىزغا داستىخان
سېلىپ، چاي - مېزە ئېلىپ كىرىشكىمۇ ئۈلگۈردى. ئۇلار
بىزنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىپ قويغاندىن كېيىن، بىر-
بىرىنى شەرەت قىلىشىپ، نېرىقى ئۆيگە چىقىپ كېتىشتى.
دوستۇم ئاغزىنى قۇلىقىمغا يېقىن ئەكېلىپ:

— بىز مېھمانغا بارىدىغان بولغاندىن كېيىن، قور-
سىقىمىزنى چاي بىلەن بەك تويغۇزۇۋالمايلى، بولمىسا،
مېھماندارچىلىقتا ئېسىل تائاملارنى يېيەلمەي ئارماندا قا-
لىمىز، — دەپ قويدى.

دوستۇمنىڭ تاغىسى تاشقىرىدىن قايتىپ كىرىپ، سۇ-
پىنىڭ قىرغىقىغا ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا، دوستۇم:

— بىز بىر دوستىمىزنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا ماڭغانى-
دۇق، يول ئۈستىدە سىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ماڭاي دەپلا
كىرىپ قالدىم، شۇڭا ئۇزاق ئولتۇرمىدى دەپ كۆڭۈلLI-
رىگە ئالمىسىلا، مەن سىلەرنى كېيىن ئايرىم يوقلاپ كېلى-
مەن، — دەپ ئورنىدىن قوزغالدى. دوستۇمنىڭ تاغىسى:

— نەگە بارىسىلەر، سىلەرنى كەلدى دەپ قازانغا
گۆش سېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماۋۇ ئەزىز مېھمانمۇ
بىزنىڭ ئۆيىمىزگە تۇنجى قېتىم كىرىشى. قۇرۇق سىنچاي
بىلەن بۇنداقلا ئۇزىتىپ قويساق بولمايدۇ، مۇشۇ يەر-
دىلا مېھمان بولۇڭلار، — دېدى. لېكىن دوستۇم:

— سىلەر دېگەن تۇغقان. توغرا چۈشىنىسىلەر، لېكىن
بىر ئادەم ئۆيىگە ئاتايىن مېھمانغا چاقىرسا، بارمىساق
كۆڭلىگە كېلىدۇ، رەنجىمەڭلار. بىزمۇ كېچىكىپ قالمايلى.
ئۈرۈمچىدىن كەلگەنلەر ۋاقىتقا رىئايە قىلمايدىكەن، دې-

سىمۇ سەت تۇرار، ـــ دېدى. ئۆي ئىگىسى نېمە دېيىشنى بىلەلمەي:

ـــ ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەس. بىردەم سەۋر قىلىڭلار، گۆش ھازىرلا پىشىدۇ، ئازغىنە بولسىمۇ ئېغىز تېگىپ مېڭىڭلار، بولمىسا بىزمۇ رەنجىپ قالىمىز، ـــ دېدى. مەنمۇ دوستۇمنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ:

ـــ ئۇنداق بولامدىغان، چاينىمۇ ئوبدانلا ئىچىۋالدۇق، ـــ دەپ قويدۇم. دوستۇم:

ـــ نېرى ـ بېرى تارتىشىپ، مانا گۆگۈممۇ چۈشۈپ قاپتۇ، گۆش پىشقۇچە ساقلىساق، راستىنلا قاراڭغۇدا قالىمىز، ـــ دەپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. مەنمۇ كەينىدىن ئەگەشتىم. ئايال ساھىبخان:

ـــ ئەمىسە، گۆشنى پىشۇرۇپ ئېلىپ قويايلى، مېھماندارچىلىقتىن يانغاندا بەربىر مۇشۇ ئۆيدە قونىسىلەر، شۇنداق بولغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ يەرسىلەر، ـــ دېۋىدى، دوستۇم:

ـــ قورساق توق قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا نەدە ئېغىز، بىزگە قىسىنماي، ئۆزۈڭلار يەۋېرىڭلار، ـــ دەپ گەپنى چورتلا ئۈزۈۋەتتى. ئەمدى ئاردا دېگۈدەك گەپ قالمىغان ئىدى. ئۆي ئىگىلىرى نېمە دېيىشلىرىنى، نېمە قىلارىنى بىلىشمەي، كۆڭلى يېرىم ھالدا كوچىغىچە چىقىپ ئۇزىتىپ قېلىشتى. دوستۇم مېنى ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزۇپ، كونا شەھەر تەرەپكە ئېلىپ كەتتى.

بىز بىر قانچە تار كوچىنى ئايلىنىپ، بىزنى مېھمانغا چاقىرغان كىشىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئوبدانلا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان ئىدى. بىز ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ، ئىشىكنى چەكتۇق، بىر ھازادىن كېيىن، بىز دېمەتلىك بىر كىشى ئالدىمىزغا چىقىپ، تەكەللۇپسىزلا بىزنى ئىچكىرىگە باشلىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىزنى ساقلاپ تىت-تىت بولغاندەك بىرەر ئالامەت كۆرۈنمەيتتى. خوتۇنى ئۆيدىن ياماناپ كەتكەنمۇ ياكى ئەسلىدىنلا بويتاقمۇ، ئۆيدە ئۇزىدىن باشقا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. بىز كىگىز سېلىنىپ ئادىيلا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان، ئانچە چوڭ بولمىغان بىر ئۆيگە كىرىپ، چازا قۇرۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، پاتمەيانغۇردۇق. دوستۇم ئۆي ئىگىسىدىن ھال ـ ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، ساھىبخان ئورنىدىن تۇرۇپ، نان يۆگەكلىك داستىخاننى ئېلىپ كېلىپ ئاچتى، داستىخاندا سۇيى قاچقان ئىككى دانە بازار نېنى بار ئىدى. ساھىبخان يەنە بىر قېتىم ئورنىدىن تۇرۇپ، دېرىزە تەكچىسىدىن بىردانە چىغ قاپلىق چايدان، ئۈچ پىيالە ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئىككىمىزگە نۆۋەت بىلەن بىر پىيالىدىن چاي سۇنغاندىن كېيىن، ناندىن بىرنى تەسلىكتە ئۇشتۇپ قويۇپ گەپ باشلىدى. بۇ ئادەم داستىخىندا ناندىن باشقا پىستە ـ بادامىلىرى بولمىغىنى بىلەن گەپنى ئايىماستىن تۆكۈپ تاشلايدىكەن. گەپ ئارىلىقدا بولسىمۇ بىزنى بىرەر قېتىم ئېلىڭلار ـ بېقىڭلار، دەپ قويسىچۇ، ـــ دەيمەن ئىچىمدە. ئۆي ئىگىسى تەكلىپ قىلمىسا، مېھمان داستىخانغا ئالدىراپ قول ئۇزارتمايدىغۇ. مانا، بايا چايداندىن قۇيغان چاغدىلا ئىلمانلىقىدىن ھورىمۇ چىقمىغان ئورۇسنىڭ كۆزىدەك سۇس چايمۇ ئاللىقاچان سوۋۇپ قالدى.

بىر كەمدە ئۆي ئىگىسىنىڭ ئېسىگە بىر ئىش يەتكەن چېغى، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ بىزنى ئالاھىدە مېھمانغا چاقىرغاندىن كېيىن، ئانچە ـ مۇنچە بىر نېمىسى باردۇر ـ دە! بەلكىم، شۇ يادىغا يېتىپ قالغاندۇ. راست دېگەندەك، ئۇ ئۆينىڭ بۇلۇڭدىكى ياغاچ ساندۇقنىڭ ئارقىسىدىن بىر بوتۇلكىنى تېپىپ ئېلىپ كەلدى. ئىچىگە قاچىلانغىنى قىزىل ھاراقتەك قىلاتتى. ساھىبخان دېرىزە تەكچىسىدىن يىگىرمە گىرام ھاراق سىغىدىغان ئۈچ دانە سۇلياۋ رومكا ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇدۇلىمىزدا سىڭا تىز بولۇپ ئولتۇرۇپ، ئىككىمىزنىڭ ئالدىغا گەپ-سۆزسىزلا بىر رومكىدىن ھاراق قۇيۇپ قويغاندىن كېيىن، بايا توختىتىپ قويغان گېپىنىڭ ئاخىرىنى داۋام قىلدى. ئۇ ھەدەپ سۆزلەيتتى. نېمىلەرنى دېگەنلىكى ئېسىمدە يوق، رومكىنى قولىغا ئېلىپ بىرەر قېتىم تەكلىپ قىلىپمۇ قويمىدى. قۇيغان چاي چاي پېتىچە، ھاراق ھاراق پېتىچە قېلىۋەردى. ئۆي ئىگىسى تەكلىپ قىلمىغاندىن كېيىن، بىزمۇ قول ئۇزارتمىدۇق. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغانغىمۇ تاقىتىم قالمايۋاتاتتى. چۈنكى ئىككى سائەت ئىلگىرى مېھمانغا بارىمىز، دەپ چاينى ئاز ئىچكەچكىمۇ، قورسىقىم ئېچىپ تارتىشىپ كېتىۋاتاتتى. مېنى باشلاپ كەلگەن دوستۇمنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقىنىنى بىلمىسەممۇ، تېگىدە قېلىپ ئۆيۈشۈپ كەتكەن پۇتلىرىنى پات ـ پات يۆتكىشىدىن ئۇنىڭمۇ گەپنى ئامالسىزلىقتىن تىڭشاپ ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتىم...

كەچ سائەت ئون بىرلەر بولۇپ قالغان ئىدى. بىز بىر ـ بىرىمىزگە شەرەت قىلىشىپ ئورنىمىزدىن تۇردۇق. ئۆي ئىگىسى بىزنى ئىشىك ئالدىغىچە چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى. بىز يەنە ۋېلىسىپىتكە مىنگىشىپ، بايا بىزنى گۆش بىلەن مېھمان قىلىمىز، دەپ تۇرۇۋالغان دوستۇمنىڭ تاغىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدۇق. مەن ئىچىمدە «شۇمۇ مېھمان چاقىرىش بولدىمۇ!؟...» دېدىم. ئەمدى بېرىپ ئۆي ئىگىلىرىگە قايسى يۈزىمىز بىلەن قورسىقىمىز ئاچ، دېيەلەيمىز. پەقەتلا لېۋىمىزنى چىشلەپ، ئاچ قورساق يېتىپ قېلىشتىن باشقا چارە يوق...



# زاماندىن زامانغا ئاقىدۇ ئەركەك

**ئەخمەتجان تۇرۇپ بەگتۇرك**



شېئىر ـــ مەن ئۆچۈن مەي باغلىغان ئازابنىڭ كۆكسىدە ئېچىلغان خۇش پۇراق بىر دەستە گۈل.

شېئىر ـــ لېۋىگە قوقاس كۆمگەن، مەڭگۈ راست سۆزلەيدىغان بىر سەبى بالا.

شېئىر ـــ تۇيغۇ دۇنياسىدىكى يېقىملىق مۇزىكا، ئۇ ئۆز تىلى ۋە جەزبىسى ئارقىلىق ئىنسانىڭ روھىنى پاكلاپ تۇرىدۇ.

بىز شېئىر ئارقىلىق قوم تەكتىدە چېپىۋاتقان ئارغىماقلارنىڭ كىشنىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىيالايمىز، قەدىمي يىپەك يولىدا جىرىڭلاۋاتقان كولدۇرما ساداسىدىن كۆچكە تولىمىز، بىز شېئىرىي تىلنىڭ خاسىيىتى ئارقىلىق تەبىئەت بىلەن مەھكەم قۇچاقلىشىپ، ئاتلىق ـ ئاتلىق مۇڭدىشالايمىز.

## قىزىل گۈل بەرگىگە قونسام

قىزىل گۈل بەرگىگە قونسام ھىدىنى جانغا كەم قىلدىڭ،
قۇياشقا تەگلىسەم ئالقان قارا كىرپىكتە نەم قىلدىڭ.

چېچەكلەر چايقىلىپ تۇرغان گۈزەل بىر باغ ئىدى كۆڭلۈم،
زىمىستان قەھرىنى پۈركۈپ غېرىب باغرىمغا جەم قىلدىڭ.

مۇھەببەت بۇلبۇلى يايراپ شېخىمدا سايرىماق بولسا،
ئېتىپ كۆكسۈمگە ئالتۇن ئوق ماڭا دەھشەت ئەلەم قىلدىڭ.

يۇيۇپ چىقساڭمۇ كۆز ياشتا قىيا باقماس ئىكەن دۇنيا،
قىلىپ مەھرۇم بۇ ھېكمەتتىن مېنى نېچۈن «بىغەم» قىلدىڭ.

ئېتى كىشنەيدۇ تاغلاردا غۇرۇرى سۇنمىغان ئەرنىڭ،
ۋىسال قۇچماقنى تۈنلەردە قىيامەتلىك سەنەم قىلدىڭ.

## زاماندىن زامانغا ئاقىدۇ ئەركەك

ئازاب سانچىلسا باغرىڭغا كۈلۈپ قوي جان ئاداش مەندەك،
يىگىت كۆكلەيدۇ ھەسرەتتىن بىرىپ ئۆتسەڭ چىداش مەندەك.

بورانلار داپ چېلىپ ئوينار بېشىڭدا، (بولمىساڭ سەگەك)
كۆزى نۇرلۇق قىياقلارغا بولۇپ ئۆتكىن قاياش مەندەك.

ھىلال قونغاندا مەڭزىڭگە ئۇنى پايلاپ كېلەر ئىبلىس،
غۇرۇرنى زۇلپىقار ئەيلەپ نىسۋەڭنى تالاش مەندەك.



ئاقالماس ناتىۋان ئەركەك زامانلاردىن زامانلارغا،
غېمنى قەھرىمان ئەلنىڭ قەلبىپ ماڭغىن ھاپاش مەندەك.

كىرەر روھىڭغا زۇمرەت تالڭ قىسىپ بىر تال قىزىل گۈلنى،
ئېلىپ لەززەتنى تولغاقتىن تۇغۇپ باقسالڭ قۇياش مەندەك.

## مېنى چۆللەردە بار دەڭلەر

يېيىلدىم مەن باياۋانغا مېنى چۆللەردە بار دەڭلار،
ئۆزۈمدىن چىقمىسام قاڭقىپ كۆمەر ئۈستەكنى قار دەڭلار.

كېتەر ياپراقلىرىم ئۇششۇپ ئاياپ يۈرسەم كېپىكلەردىن،
قېقىلغان چاغدىمۇ مىخقا ۋاپا باغرىغا يار دەڭلار.

ئۇچۇپ چىققاندا قۇملۇقنىڭ تېگىدىن مۇڭ قوقاس چىشلەپ،
يىغىپ قۇشلارنى بىر جايغا چېكەر بارماقى تار دەڭلار.

يۇيۇپ چىقماقنى ئۈستەيمەن سۇزۇك ياشلاردا روھىمنى،
يېنىشتىن ئۆركىگەنلەرنى ياشار پىنھاندا خار دەڭلار.

ھەقىقەت نۇرىغا چۆككەن چاچار تەسكەيگە ئوت-ئاتەش،
قىلىچ ئۆرسام بۇ ھېكمەتكە كۆتەر باشنى دار دەڭلار.

## مېنى كۆل چاغلىما ئەي يار

ئۆزۈمگە شاھى سۇلتانمەن، مېنى كۆل چاغلىما ئەي يار،
جۇدۇن پەسلىدە گۈلخانمەن، مېنى كۆل چاغلىما ئەي يار.

قوقاسنىڭ ئاستىدا كۆپ يىل چوغۇمنى ساقلىدىم پىنھان،
يېنىش ۋەسلىدە چوغدانمەن، مېنى كۆل چاغلىما ئەي يار.

ئىچمىدە ئەركە دولقۇنلار تىنىم تاپماي قىلار شوخلۇق،
قاقاس چۆللەردە ئوكيانمەن، مېنى كۆل چاغلىما ئەي يار.

شېخىمدا كۆيچى قۇشلارنىڭ ئەجەب يارقىن ئۇۋاسى بار،
يېتىم قۇشلارغا بوستانمەن، مېنى كۆل چاغلىما ئەي يار.

سادالار لەرزىگە شۇڭغۇپ تاشارغا قۇربىتىم كۆپتۇر،
زېمىن تەكتىدە ۋولقانمەن، مېنى كۆل چاغلىما ئەي يار.

ۋىسال قۇچماق ئۈچۈن جاننى ئاتاپ سۇبھىگە باش قويدۇم،
ئىشق دەشتىدە قۇربانمەن، مېنى كۆل چاغلىما ئەي يار.

غۇرۇردىن تىكلىگەن بايراق سېغىندۇرغان بۇ دۇنيانى،
ھاياتقا ئەسلى ئارمانمەن، مېنى كۆل چاغلىما ئەي يار.

## ھىجىر دەشتىگە گۈل ئۈندى

ھىجىر دەشتىگە گۈل ئۈندى، شۇ گۈلنىڭ بەرگىدە ياندىم،
يوپۇرماق مەگزىدە قاتقان سۇزۇك ياشنى ئىچىپ قاندىم.

شېخىمغا قونسا بوز تورغاي شۇرىغان قەھرىنى چاچتى،
يېتىپ خۇمداندا مەن گاھى شاياتۇن ئالدىدا چاندىم.

ھاياتقا كۆز سېلىپ تەتۈر قىيادا مۈگدىگەن دەملەر،
قېنى تاشقىن ياساپ ئاققان قورام تاشقا كاچاتلاندىم.

ئىشق ئوكيانىغا چۆككەن قونار گۈلگۈن چېچەكلەرگە،
يېلىنجاش مۇددىئاسىدا قوقاس باغرىغا تاشلاندىم.

تىلەكلەر جىلۋىگە قانسا قۇچاق ئاچقاي ماڭا پەرۋاز،
سېنى تاپماق ئۈچۈن دىلبەر گويا قۇشتەك قاناتلاندىم.

## مېنى مەستانە دەپ قالما

لىۋىڭدە تەڭلىگەن مەيگە مېنى مەستانە دەپ قالما،
سېھرىدىن پۇۋلىگەن نەيگە مېنى پەرۋانە دەپ قالما.

يېرىپ مۇز باغرىنى ئۈنگەن لاتاپەتلىك گۈلۈم تۇرسا،
جۇلاسى ئۇششىگەن خەسكە مېنى ھەيرانە دەپ قالما.

تىلەپ تاپقان بىلەن ئاقچا سېنى زەردار دېمەس ھېچكىم،
قىلىپ كۆز-كۆز بىساتىڭنى مېنى دىۋانە دەپ قالما.

قېچىپ نازلىق بېقىشلاردىن قىزىل گۈل تاجىغا تامسام،
غۇرۇر ئەينەكلىرى سۇنغان مېنى زەيپانە دەپ قالما.

چېچىپ چۆللەرگە مېھرىمنى پورۇقلاپ قاينىسام، تاشسام،
سادايىمغا قۇلاق سالماي مېنى سەرسانە دەپ قالما.

ئىچىڭدە سويلىغان يىلان ئارام بەرمەس ساڭا زىنھار،
ئېچىرقاش پاتسا قەلبىڭگە مېنى قۇربانە دەپ قالما.

ئۆزۈڭنى سۆيدۈرەلمەي بەگتۈركەكە دار ياساپ يۈرسەڭ،
مۇرادىڭ كۆلگە ئايلانغاي، مېنى بىر دانە دەپ قالما.

ئاپتور: گۇما ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە



# ئىككى غەزەل

مۇھەممەت قېيۇم

**1**

گاس قىزلارغا پىچىرلاپ ئۆتۈپ كەتتى ياشلىقىڭ،
چاقچىقىڭنى ئاڭلىماي كەتتى قارا قاشلىقىڭ.
قارا قاشقا قاش ئاتساڭ ئەما چىقتى جۈپ كۆزى،
شەرەت قىلماق ئەماغا كۈلكىلىك ــ بەڭباشلىقىڭ.
بەڭباشلارغا ئۆمۈرلۈك جورا تاپماق مۈشكۈلدۇر،
ئۆمۈرلۈكنى ئىزدىسەڭ يوقالمىسۇن شاشلىقىڭ.
ئەما قىزغا قاش ئاتماق، جۈپتى بارغا تاش ئاتماق،
ساق بېشىڭغا پىت سالار، كەملەر رىسقىڭ ــ ئاشلىقىڭ.
ئاشلىقىڭنى پاكىز تۇت، مېتىلەرگە يەم قىلماي،
ئاچ قالمىسۇن ئاخىرى ھەمراھ سۇمبۇل چاچلىقىڭ.
سۇمبۇل چاچقا تەلمۈرۈپ يېتىۋەرمە يانپاشلاپ،
كاردىن چىقار يانپىشىڭ، پاتسا قورام تاشلىقىڭ.
قورام تاشنى نېرى قىل رەقىبلەرنى كۆزدىن،
نابۇت بولۇپ كەتمىسۇن باغدا كۆكتات-ماشلىقىڭ.
ماشلىقىڭدىن مەززە ئال، ياشلىقىڭنىڭ بارىدا،
ئۆگۈت قىلدى مۇھەممەد، ئەمەس زىنھار باشلىقىڭ.

**2**

بۇ ئالەمدۇر چىدىغاننىڭ، چىدىماسلار ئۆلۈۋال،
نېسىۋەڭگە شۈكرى دېسەڭ قىسمىتىڭدىن تىلىۋال.
بوشاڭلار لەۋ تامشىتاركەن، ئىشلىگەنلەر چىشلەيدۇ،
بېلى باغلاق ئەزىمەتلەر راست قانغۇچە كۈلۈۋال.
«بەرسە يەيمەن» دەپ كۆزۈڭدىن ياش تۆكۈپ، قول سوزغىچە،
ئەجرىدىن باغ راسلىغان ئەرنىڭ پېشىنى سىلىۋال.
«باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ كەتتى يىراق»
بۇ سەپەردە تاپقىچە ئات ــ ئېشىكىڭنى مىنىۋال.
مېھنىتىدىن قاقشىغاننىڭ كۆلى كۆككە سورۇلار،
ھۇرۇنلۇقۇڭ يېتەر بەس، ئەمدى قەددىڭ رۇسلىۋال.

ئاپتور: كۇچا ناھىيەلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە



# شۇ جىمجىت كوچىلار قالدى ئۆزۈمگە

پرىز ئامان

خىياللار چايقىلار ئەركە سۇلاردەك،
ۋە لېكىن ئۇچراشماس مۇڭلىرىم بىلەن.
دەريانىڭ بويىدا ئۇيۇققا قاراپ،
ئاسماننىڭ ھۆسنىدىن ئىزدەيمەن ئىۋەن.

شۇ جىمجىت كوچىلار قالدى ئۆزۈمگە،
ئەگىيمەن مەلەڭدىن شامىلىڭ ئۆچكىچە.
تەنھامەن مۇڭۇممۇ، ئويۇممۇ تەنھا،
كۈتىمەن ئويلىرىم كۆلى كۆچكىچە.

تەنھامەن تۈندىكى جىمجىت يوللاردەك،
شاۋقۇنلۇق تۇرمۇشقا يۈرۈيمەن چۆكۈپ.
باھاردا سۆيۈلگەن ئاپپاق چېچەكتەك،
تۇرىمەن ئۆزۈمگە ئۆزۈمنى تۆكۈپ.

يىتتۇرۇپ قويىمەن ئۆزۈمنى گاھى،
يۈرىمەن ئويۇمدا گۇناھكار ئەردەك.
بىر يۇتۇم مەيدىمۇ تولغىنىمەن زار،
قىرىق كۈن ئولتۇرۇپ ئىچكەن زەھەردەك.

ئاپتور: كۇچا ناھىيە چىمەن بازارلىق سۇ پونكىتىدا



# ئۆزلىرىمدە ئاقارسەن بەلكىم

ئالاهىدىن ئابدۇرىشىت



ھەر قېتىم قەلبىم لەرزىگە كەلگەندە، ئىچىمدىكى قاراكۆزۈ بۇلاقلارنىڭ كۆزى ئېچىلىپ، بۇلاقلاردىن ئوخچۇۋاتقان سۇزۇك قەترىلەر ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم، قىممەت ۋە ھىممەت، گۈزەللىك ۋە رەزىللىكنىڭ سېھرىي دىيالوگلىرىغا سىڭىپ كىرىپ، ئۇنى يەنە بىر تىلدا دۇنياغا ئاڭلىتىشقا باشلايدۇ.

مەن ئۇچۇن شېئىر ئۆزۈم بىلەن سىردىشىشتۇر، ھەم ئۆزۈمدىن ھالقىپ يۈرەك دولقۇنلىرىمنى تارقىتىش جەريانىدۇر.

## ناقىس غەزەلگە تەخمىس

جىلۋەگاھلەر ئىستەدىم، مەرھەم نە، ھىجراندۇر مېنىڭ،
دەم ـ بەدەم سەرگەشتەلىك، قەتتال ئەففاندۇر مېنىڭ،
دەھرى ئەسرارى جۇنۇن يادىمغە ئەيياندۇر مېنىڭ،
بىۋەفا دىلبەر غەمى كۆڭلۈمدە پىنھاندۇر مېنىڭ،
شىكۋە[1] كىمدىن كىمگە ئەيلەي بولسە جاناندۇر مېنىڭ.

غەمزەلەرغە مۇرغى ئىشىق مەھكۇم ئەمەسدۇر، ئەي رەفىق،
بۇ فەنالىغ بولسە لېك، ئەقسۇم[2] ئەمەسدۇر، ئەي رەفىق،
ھەرنەچە ئۇتلۇغ نەفەس، مەئدۇم[3] ئەمەسدۇر، ئەي رەفىق،
كېچەلەر ئەفلاك[4] ئۆزە ئەنجۇم[5] ئەمەسدۇر، ئەي رەفىق،
چەرخ يۇزمىڭ كۆز بىلە ھالىمغە ھەيراندۇر مېنىڭ.

ھىممەتى جان زەھمىغە ئەيدى نىھان مەرغۇب دىدار،
لەبلەرىڭ سەدقى تىلەب شەۋقىغە ئۇلدۇم زارە ـ زار،
ھەجر ئافەتدىن ھەمانا يەتمەگەيلەر ئىيدبار،
بولمىسە ۋەسلىڭ خەيالىدىن كۆڭۈلگە ئىيد زار،
نې ئۇچۇن جانىم نەفەس تىغىدا قۇرباندۇر مېنىڭ.

مېنى بۇيلە ھالدا زار ئەيلەپ، ئۆزۈڭ ئويناتماغىل،
بەر ۋىسالىڭدىن خەبەر، شېرىن سۆزۈڭ ئويناتماغىل،
گۈل سىفەتىڭدىن ئىبسەم مەسرۇر، يۈزۈڭ ئويناتماغىل،
ئەي پەرى، رەھىم ئەيلە جانىمغە، كۆزۈڭ ئويناتماغىل،
كىم كۆزۈمگە سانچىلۇر ئول شوخ مىژگاندۇر مېنىڭ.

گەرچە يۈز ئاچمىش شۇكۇركىم، سەبرىنى ئەيلەپ ئەدا،
لالە ئەيشىدىن تەرەھھۇم ئەيلىبان شېرىن سەدا،
سۈرەت ئەرمەس، ئارەزى بىھۇش قىلۇرلەر مەن گەدا،
قىلدى سۆز بىر بۇغداي ئۆڭ گۈلچېھرە بۇغدايدەك ماڭا،
لەبلەرىم تا ئورمەئى ئۆمرۇمچە خەنداندۇر مېنىڭ.

داغى ئېرسە يارنىڭ بىدادى گەر ئەفزۇن[6] ماڭا،
نېچە كىم ھەيرەتدە ئولسا سارغايىپ مەجنۇن ماڭا،
شىددەتىمگە ئەيلەبان رىغبەت لەبىي مەيگۇن ماڭا،
ئىشق ئارا قىلغان بەھادۇرلۇق سۆزىن كەلسۇن ماڭا،
كىم ئىشتىتىم ياردىن مەخسۇس مەيداندۇر مېنىڭ.

غەرقى بادە لال ئېرۇرمەن، ماڭا يۈز رەھىم ئەيلەگىل،
ۋەھ، بارىپ پىرى دەير ئاللىدا سۆز، رەھىم ئەيلەگىل،
كۆر مېنى دىلخەستەنى بەزمىڭدە ئۆز، رەھىم ئەيلەگىل،
ئىچمە مەي ئەغيار ئىلە، ئەي قارە كۆز، رەھىم ئەيلەگىل،
كىم تەمەننا بىرلە غەيرەتدىن كۆزۈم قاندۇر مېنىڭ.

فۇرقەتىمدىن گويىيا يەتمىش ستەم دەۋرانەگە،
قەھر بەرقى سالدى ئوت مەن ئاشىقى مەستانەگە،
ئايلانىپمەن بىگەران [7] ئىشق دەشتىدە ئەفسانەگە،
ناقىسا، مىننەت نېدۇر قىلسام فىدا جانانەگە،
ئىشق فەتۋاسى بىلە تەندۇر سېنىڭ، جاندۇر مېنىڭ.

---

① شىكۋە: شىكايەت، زارلانماق؛ ② ئەقسۇم: پۇشايمان؛ ③ ئەفلاك: پەلەك، ئاسمان؛ ④ مەئدۇم: يوق؛ ⑤ ئەنجۇم: يۇلتۇزلار؛ ⑥ ئەفزۇن: كۆپ؛ ⑦ بىگەران: پايانسىز.

## ئوۋچى غەزىلىگە تەخمىس

ئىزىڭنى سىنچىلاپ دىلبەر، ئۇپۇقلارنىڭ دالاسىدىن،
ساماغا كۆن بولۇپ باقتىم ئۆتكۈپ سەبرىم نىداسىدىن،
ئۇزاتتىم ئاينى ئايدىڭسىز خىياللارنىڭ ئاداسىدىن،
جېنىم شام بولدى بۇ تۈنلەر ھاياتىم ئىپتىداسىدىن،
دىدار ۋەسلىڭ تىلەپ كەلدىم مۇھەببەتنىڭ خۇداسىدىن.

سەھەر، ئاھىم پىراقىڭدا يېلىنجاپ تامچىغاي سىم ـ سىم،
ئاقارسەن كۆزلىرىمدە غەرق قىيانلار يامرىتىپ بەلكىم،
شەپەقتەك سۇزۇلۇپ كەلسەڭ، سېنى پىنھان ئېتىپ چەرخىم،
بۇلۇتلار قاينىغان قاينام ساماغا ئايلىنىپ قەلبىم،
نېسىپ بولغايمىكىن ئاخىر ۋىسالىڭنىڭ زىياسىدىن؟

ئۆزۈمنى ساڭا مەن قەھرىم بىلەن بەتلەپ ئاتارمىشمەن،
يېرىلسا يۈرىكىم چاك ـ چاك، ئاڭا تاشتەك پاتارمىشمەن،
سېنى كۆرگەن چۈشۈمگە ھەق بېشارەتنى تاپارمىشمەن:
بوسۇغاڭ ئالدىدا جىمجىت بولۇپ رەسۋا ياتارمىشمەن،
جۇنۇنلۇق قىسمىتى بائىس ماڭا ھەقنىڭ جۇلاسىدىن.

كۆيۈك باغرىمدا ئاتەش تەپ خىيالىڭ ياندۇرۇپ گۈلخان،
يۈرەكنىڭ ئاقىنى ئاققان، ئېقىنلار لەرزىدە ئەفغان،
ئاقارمىش ناتىۋان تۈنلەر سۈكۈتكە قىن يېيىپ ئاسمان،
خىرامان ئارمىنىم ۋەھدەت گۈلابىغا باقار سەرسان،
ساپايەم زارىغا تەشنا باياۋانلار ناۋاسىدىن.

بېشارەت ئىستىدىم، ھىجران مۇھەببەتكە پايان بەرمىش،
پايانلارغا مۇھەببەت لىق تولۇپ تۇرغان جاھان بەرمىش،
بىنا قىسمەت ۋىسالىڭدىن ھامان لەۋزى بايان بەرمىش،
ئۆلۈمكار مەنىلەر مەنزىل ـ قارارىمغا نىشان بەرمىش،
مېنى ئۈركۈتمە سايەڭنىڭ يەنە سالقىن ھاۋاسىدىن.

يىقىپ لەۋ پايە خاكىڭغا يۈرەرمەن سەجدىگاھ ئىزدەپ،
قايان بارغۇم بۇ ئاشىقلىق كويىدا مەن پاناھ ئىزدەپ،
توزۇپ تۇپراققا ئايلاندىم تېنىڭدىن بىر گىياھ ئىزدەپ،
ساچىلىڭ دارىدا ياتتىم خوپ، ئەبەدلىك قەبرىگاھ ئىزدەپ،
ماڭا يادنامە قىل ۋەسلىڭ مۇھەببەت ئىنتىھاسىدىن..

## باتۇرنى ئۇزىتىپ قويۇش

«ئەلۋىدا!» ئېيتتىم ساڭا، ھەسرەتتە ئەپغانلار بىلەن،
تىتىلىپ باغرىم گويا دەھشەتتە پەيكانلار بىلەن.

قالدى چىمدۇدا [1] مۇسىبەتكە تولۇپ يادىم تامام،
مىلىڭ ئۆلۈپ قايتقان چېغىم ھەيرەتتە چوغلانلار [2] بىلەن.

خەيرىيەت، «ئۇيغۇر» [3] يېشىنى سەن ياشاپ بولغانىدىڭ،
باش بولۇپ ئەشئارغا شان-شەۋكەتتە مەردانلار بىلەن.

ئۆتمىگەنلەر كۆپ، ھاياتتا پىلسىراتلار بار تېخى،
باشچىلاپ ئۆتتۈڭ تالاي كۈلپەتتە تۇغيانلار بىلەن.

مۇز بولۇپ قاتقان ھاياتنىڭ سۈكتىدە چوغ بولۇپ،
سىر تۆكۈپ ئۆتكەندۇق خىلۋەتتە گۈلخانلار بىلەن.

يەلكىمىزدىن باسقىنى تاغدۇر، گۇناھنىڭ تاغلىرى،
كەتكىنى بىر سەن ئەمەس فۇرقەتتە بوھتانلار بىلەن.

ئۆلمىگەن مەشرەپ قەلبلەر نازىنەنىڭ [4] ۋەتىنى،
تەگرىقۇتقا [5] قالدى تۇغ خىلۋەتتە ئارمانلار بىلەن.

يېگىسارنىڭ تۇپرىقىدا يۈرىكىڭنىڭ ھىدى بار،
يادلىنارسەن ھەر قاچان ھۆرمەتتە جان-جانلار بىلەن.

يوقتىش بۇندىن ئېغىر بولماس، تىلەكلەر بار ئىدى:
ياشىسالىڭ قۇرداش بولۇپ ئەلۋەتتە لوقمانلار بىلەن.

چۈشتىڭا سىنتاش بولۇپ (يەكەندە يەرنىڭ باغرى كەلىڭ)،
ئۇچتى روھى سۇمرۇغۇڭ ۋەھدەتتە ئاسمانلار بىلەن.

ئېھتىراسلار بار ساڭا دەرگاھى ئاخىردا يەنە،
جەننەتۇلرىزۋاندا ئۆت سۆھبەتتە غىلمانلار بىلەن...

---

① مەرھۇمنىڭ يۇرتى؛ ② مەرھۇمنىڭ ياسىنجان سادىق قاتارلىق بۇرادەرلىرى؛ ③ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر؛ ④ ⑤ مەرھۇمنىڭ پەرزەنتلىرى.

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيەلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە





# ئەسىرنىڭ ئاۋازى

ئاتىكەم سىدىق ئايقۇت

## قەمەر

قەمەر!
ھايات بېغىمنىڭ بىر تال گۈلسەن.
چېچىلايمەن ئۈستۈڭگە نۇردەك
چۆمۈپ ئوينا بولاي زىلال سۇ،
ئاسمىنىڭغا تاراي يۇلتۇزدەك.
شائىر ئاپا! دېسەڭ تۇنجى رەت،
شائىر بولاي دېدىم سەن ئۈچۈن.
قۇشنىڭكىدەك كىچىك كۆزلىرىڭ،
يېتەر بۇ ھاياتنىڭ مەنىسى ئۈچۈن.
شېئىر، تىرىلدۇ ئاۋازىڭدا
پۇتلىرى كىچىك، مېڭىپ كېتىدۇ
مىسرالىرىم چىقىرىپ قانات
يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىدۇ.
ئۈمىد دېسەم، سەن ئەتە دەيسەن،
ھەسرەت دېسەم، سەن نەدە؟ دەيسەن
بىر تامچە سۇ دۇنيا سەن ئۈچۈن،
باشقىسىنى تېخى بىلمەيسەن.
سېنىڭ ئاۋازىڭ
شائىر قىلىپ چىقىدۇ مېنى.
سېنىڭ ئاۋازىڭ
شېئىر قىلىپ يازار دۇنيانى.

## سېنى شۇنداق ئويلاپ قالىمەن

سېنى شۇنداق ئويلاپ قالىمەن،
ئۇسسىغاندەك دەريادا بېلىق.
كۆزلىرىڭدە چېچەكلەپ كۈلكە،
يۈرىكىڭدە ھەسرەت لىپمۇ-لىق.

سېنى شۇنداق ئويلاپ قالىمەن،
شولىسىدەك ئاينىڭ سۇدىكى،
ئىزدەپ-ئىزدەپ بارسام يېنىڭغا،
يۇتۇۋالار سۇنىڭ تىنىقى.

سېنى شۇنداق ئويلاپ قالىمەن،
مېنىڭ ئۈچۈن يارالغان بىر دەرد.
سېغىنىشنى شېئىر قىپ يېزىپ،
ئۇندىن كېيىن يىرتىۋەتكەن بەت.

سېنى شۇنداق ئويلاپ قالىمەن،
كۆكتىن چۈشكەن تامچە سۈزۈك سۇ.
مېنى شۇنداق ئويلا پېتىنىپ،
ئىزدەپ يۈرگەن ئاشىقلىق مەن شۇ.

## تىۋىش ئىزدەش

ھېچ بىلمىدىم كۈلكەمگە زار بولار كىملەر،
كىم ئىنتىزار بولاركىن كۆز ياشلىرىمغا؟
كىم يۈرەركىن ئىزلىرىمغا كۆزلەر تىكىپ،
يەنە كىملەر ئۇغا تەڭلەر ئاشلىرىمغا ؟

پالاكەتلىك كۈنلىرىمدىن كىملەر كۈلەر؟
كىملەر تۆكەر مېنىڭ ئۈچۈن ياشلىرىنى؟
كىملەر توسار يۈرىكىنى قىلىپ قالقان،
ماڭا كەلگەن مالامەتنىڭ تاشلىرىنى؟

كىملەرگە تار بولۇپ ئۆتەر خىياللىرىم،
كىملەر يۈرەر باغلىرىمدا ئۈزۈپ ئانار؟
كىملەر يېزىپ تۈنلىرىمگە تىلەكلىنى،
مېنىڭ ئۈچۈن تۈڭلۈكۈمدە تاڭ بوپ ئاتار؟

كىملەر بىدار يازار ھايات قىسمىتىنى،
كىملەر كېتەر مېنى مۇندا دەردكە تاشلاپ؟
ئۆكۈنمىدىم، كەلمىشلەرگە ئاچتىم قۇچاق،
كىملەر قالغان بۇ دۇنيادا مەڭگۈ ياشاپ؟

مەيلى كۈلەي ياكى يىغلاي ئۆتەر كۈنلەر،
مەن كېتەرمەن، كېتەر ھەممە قالار دۇنيا.
كىم كىملەرگە بەرسۇن ئازار، قىلسۇن مەدەت،
قىلمىشلارغا سۈكۈت بىلەن كۈلەر دۇنيا.

يۈرەكلەردە ھېسلار باردۇر بەكمۇ چوڭقۇر،
ئىستەك باردۇر، غۇرۇر باردۇر مۇڭلىرىمدا.
ئىشەنچ باردۇر، يۈرىكىمنى ئوقۇشقا يار،
كېلەر ھامان ئاي يورۇتقان تاڭلىرىمدا.

ئاپتور: قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىدا





# سەھەرنىڭ مەڭزىدە نۇر دەريا

ئەكرەم ئابدۇمجىت



ئەگەر سەن ئۆز قەلبىڭنى تولۇق ئاشكارىلىساڭ، ئۇ ھالدا سەن ئۆز مەۋجۇتلۇقۇڭنى يوقىتىسەن. ئەگەر تولۇق ئاشكارىلاشنى خالىمىساڭ، ئۇ ھالدا سەن ئۆزۈڭنى نامايان قىلالمايسەن. دېمەك، سېنىڭ ئاشكارىلاش بىلەن پىنھان تۇتۇش ئوتتۇرىسىدىكى ئارىسالدى كەيپىياتىڭ سېنىڭ دەل شېئىرىي ئىلھامىغا كېلىشىڭدۇر.

مەن رېئاللىقنىڭ كەم، تولۇقسىز، نامرات ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان چاغدا شېئىر يازىمەن. چۈنكى، شېئىر ماڭا باي، كەڭ، مول، باياشات تەسەۋۋۇر ئاتا قىلىدۇ.

شېئىر خۇددى قۇياش نۇرىغا ئوخشاش ھەممە تەرەپتە يېيىلىپ تۇرىدۇ. بىراق بىز سۈنئىيلىكتىن پەيدا بولغان كوچا چىراغلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىشقا تىرىشىمىز. ئەپسۇس بۇ ئىنتىلىشلىرىمىز بىكارغا كېتىپ ئاخىرقى ھېسابتا نۇر تالالىرى بىزنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ.

## غەزەللەر

### 1

سەھەر مەڭزىدە نۇر-دەريا، مېنىڭ مەڭزىمدە سەۋدالىق،
باھار باغرىدا مەستخۇشلۇق، مېنىڭ باغرىمدا تەشنالىق.
بۇلۇتلار لەيلىشەر قان رەڭ قۇياش پاتقان ئۇپۇق ئىچرە،
بېسىپ كەلگەندە بۇ جىسمىم ئارا ھەر كەچتە تەنھالىق.
ئۆزىنى ئۇنتۇغان بۇلبۇل ئېسىدە غۇنچە يوق، بەلكى،
مۆكۈپ شاخلارغا سۇبھىدە قىلۇر مەنچۇن ھۇۋەيدالىق.
بۇلاقلار چېھرىگە باقسام كېلۇر بىر مۇڭ بۇلاقلاردىن،
يېرىلغان لەۋلىرىم چاك-چاك تۇپەيلى بۇندا غەۋغالىق.
كېچەمگە ئىلتىجا قىلسام، كېچەم باشلار سىملداشقا،
قاچانكى، بىلمىدىم غەملەر ئاتالدى نامدا دەريالىق.
كۆرۈپ ھالىمنى يۇلتۇزلار لېۋىدە تامچىلار قاتقاي،
نېچۈنكى، بى ئەقىللەردەك ئەمەس ھەمراھ بىپەرۋالىق؟!
ئۆزىگە شۈكرى ئەيلەيدۇ يېشىللىقتىن جۇدا توغراق،
تاپالماي مەن كەبى قاقشال يىگىتنى ئىككى دۇنيالىق.

### 2

پېقىرنىڭ ھالىنى دىلبەر، غېرىبان كۆرگىنىڭ، ئەپسۇس،
ۋىسالىنىڭ دەملىرىن ھەردەم يىراقتا سۇرگىنىڭ، ئەپسۇس.
قاچانكى، باغلىنىپ قالدىم سېنىڭ ئاتەش ۋۇجۇدۇڭغا،
شۇ كۈندىن بېرى بۇ تىمتاس خىيالنى بۆلگىنىڭ، ئەپسۇس.
باياۋان باغرىدىن ئىزدەپ يۈرۈرمەن، بەلكى مەجنۇندەك،
ئۆزۈڭنى گۈلگە تەققاسلاپ چىمەندە يۈرگىنىڭ، ئەپسۇس.
ھامانەم مېھرىبان دەيسەن قېشىڭدا ئۈيىنتىپ خەنجەر،
ئوتتۇندەك خەستە جىسمىمنى قالاپ كۆيدۈرگىنىڭ، ئەپسۇس.
يۈرۈپ مەيخانە ئىسمىڭنى زىكرلەر ئەيلىسەم تىنماي،
كۆرۈپ بۇ كەيپى ھالىمنى قاقاقلاپ كۈلگىنىڭ، ئەپسۇس.
ئىشىك ئالدىڭغا مەن مەشرەپ كەبى بارسام تىلەپ ۋەسلىڭ،
دېرىزەڭ پەردىسىن قايرىپ قوشۇماڭ تۈرگىنىڭ، ئەپسۇس.
قىزارغان لەۋلىرىڭدىن مەن كۈتۈپ كەلسەم رىزىق مەڭگۈ،
تىكەنلەر قاپلىغان قاقشال ئارا سۆيدۈرگىنىڭ، ئەپسۇس.



# رۇبائىيلار

1

سەھەردە ئويغىنىپ دىلبەر ھامان تاڭلار ئارا باقتىڭ،
چېكەڭگە قىستۇرۇپ لالە يۈرەك ـ باغرىمغا ئوت ياقتىڭ.
قولۇڭدىن چۈشمىدى كۈندە مۇھەببەت دەۋرىگەن قامۇس،
خىيال ئىلكىدە قاي ئايۋان ـ قەسرلەرگە قانات قاقتىڭ؟

2

مۇھەببەت مەينى قۇيسالڭ شۇئان قەلبىمنى جام ئەيلەي،
مېھر مېۋەڭنى بۇ جىسمىم ئارا مەڭگۈ قىيام ئەيلەي.
ئەجرىنىڭ مېۋىسى تاتلىق دېسەڭ ئالدىڭدا ھەمدامەن،
مەگەر تەييارغا ھەييار سەن يولۇمنى بەس، داۋام ئەيلەي.

3

ھەسەتخور ھەر قاچان ھەسرەت بىلەن كۆڭلىدە غۇم ساقلار،
ئۆزىدىن ئۆزگىنى بىلمەس يۈرۈپ پىنھان زۇقۇم ساقلار.
ھامانەم ئاق كۆڭۈل ئىنسان بۇ تارىخ مەنزىلى ئىچرە،
ئاۋام ـ ئەل بەختىنى كۆزلەپ ئەجەب ياخشى ئۇدۇم ساقلار.

4

سارايۋەن مېھمىنىڭدۇر مەن سىنىڭ ئۆتكۈن سارايىڭدا،
ماڭا بىر نەچچە كۈن ئېھسان قىلۇرسەن ئۆز پاناھىڭدا.
تالاي كارۋاننى ئۆتكۈزدۈڭ سىلىپ مەنزىلگە مەڭگۈلۈك،
ھاياتلىق قايىنىغان رەستە ئارا بۇ پانىي جايىڭدا.

5

مۇھەببەت قۇشلىرى مەڭگۈ نىشان ئەيلەر سائادەتنى،
ئادالەت شامى يورۇتقاي سۈرۈپ ئاخىر جاھالەتنى.
ھاياتلىق مەنزىلى ئىچرە تۈمەن سىرلار بولۇر زاھىر،
ئەقىل ئاچماققا قادىردۇر كۆمۈلگەن قانچە ھېكمەتنى.

6

ئىزىڭنى ئىزدىدىم يوللار ئارا قالغان ئىپارىڭدىن،
بويۇڭ لالەسنى كۆردۈم بېغىڭدا لالىزارىڭدىن.
قەلب قەسرىمنى تولدۇردۇم ئېلىپ رەڭدار چېچەكلەرنى،
تۈمەن بۇلبۇلنى رام قىلغان سىنىڭ كۆلگۈن باھارىڭدىن.

7

خۇشامەت قوۋمىدىن قاچقىن، ئۇلارنىڭ جايى لەيلىندۇر،
ھەقىقەت ياقلىغان دىلغا خۇشامەت مىسلى كەلكۈندۇر.
قاراپ پەسلىڭگە ئىش تۇتقان يۈرەر بەلكى سىنى پايلاپ،
ھەزەر قىل بۇ سۇيەت ئۇلپەت ھايات يولۇڭدا مەلئۇندۇر.

8

ھاياتلىق مەنزىلى ئىچرە خاتاسى بار، جاپاسى بار،
ئەقىلنى ئەيلىسەڭ مىزان قەدەملەرنىڭ ساپاسى بار.
ئىلىم ئەماسى ھەر دەۋران ئارا ھەركىمگە يۈك بولغاي،
بۇ تارىخ بابىدا سانسىز ئەقىلدارنىڭ ساداسى بار.

9

ئاقار دەريادا دولقۇنلار ئۇيۇقلارنى نىشان ئەيلەپ،
گىياھلار باغرىغا قەترە سىڭەر جىسمىنى قان ئەيلەپ.
ئانا تۇپراققا ئىڭگەلەپ چۈشۈپ ئىنسان ياشاپ ئاخىر،
چىگەر رىشتىنى بۇ تۇپراق ئارا مەڭگۈ ماكان ئەيلەپ.

10

تەئەججۇپ ئىلكىدە تاللار ئەۋرىشىم جىسمى نازىڭدىن،
باھاردا بىزۇۋان بۇلبۇل سىنىڭ ياڭراق ئاۋازىڭدىن.
لېۋىڭگە لەۋ ياقار، بەلكى كېپىنەكلەر ئاداشقىنچە،
يىغار جىسمىغا خۇشبۇي ھىد چېچەكلەر پەسلى يازىڭدىن.

11

تەپەككۇر قورغىنى سالدى يۈسۈپ ئاتلىق بوۋام ھەيۋەت،
ياراتتى چوققىنى ئەلشىر نەۋائىي نەزمىدە رەت ـ رەت.
ئېقىپ كەلگەچكە بۇ دەۋران ئارا سانسىز جاۋاھىرلار،
يۈرۈيمەن ئەمدى مەن تەييار قەدەھلەردە ئىچىپ شەربەت.

12

كۆڭۈل كۆلىگە تاش ئاتتىڭ كۆڭۈلدە دولقۇنۇڭ قالدى،
ۋۇجۇد مۈلكىگە ئوت ياقتىڭ ۋۇجۇدتا يالقۇنۇڭ قالدى.
ئەجەبمۇ ئۈستىكەنسەن ئوۋ قىلىشقا دىل دالاسىدا،
ھىيلە ـ مىكرىڭ بىلەن پۈتكەن يەنە قانداق يولۇڭ قالدى؟!

ئاپتور: غۇلجا ناھىيە چولۇقاي ئوتتۇرا مەكتەپتە



# يېزا ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېزا پىروزىچىلىقى

نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن



**ئەدەبىيات چەكسىز مەنە ۋە مۇمكىنچىلىك بىلەن تولغان جەريان. ئۇ پەقەت ئېستېتىك ئاڭدىكى سۇبيېكتىپ پائالىيەتلا ئەمەس، ئىجتىمائىي، تارىخىي رېئاللىقنىڭ تامغىسى بېسىلغان ئوبيېكتىپ جەرياندۇر. مېنىڭ ئەدەبىياتتىن ئىزدەيدىغىنىم رېئاللىقتىن ئۈزۈل - كېسىل ئايرىلىپ تۇرغان ئۆلۈك يېزىق ئەمەس، بەلكى رېئاللىقتىن كەلگەن ۋە ھەربىر مەۋجۇتلۇق شەكلىدە يەنە رېئاللىق بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىشىدىغان تىرىك تېكىستتۇر.**

يېزا (سەھرا) ئالاھىدە مەنە ۋە ئىجتىمائىي قاتلامغا ئىگە ياشاش بوشلۇقى. يېزا پىروزىچىلىقى بولسا دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى يەرلىك تۈس ۋە مىللىي پۇراقنى گەۋدىلەندۈرۈشنى تۈپ ئالاھىدىلىك قىلغان، ئۇزۇن تارىخ ۋە تېخىمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەدەبىيات ھادىسىسى. ئۇيغۇر يېزا پىروزىچىلىقىمۇ كۈچلۈك سىياسىي، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر ئىچىدە شەكىللىنىپ ۋە راۋاجلىنىپ كەلگەن، ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىدىكى ئۆزىگە خاس ئىدىيەۋى، بەدىئىي، ئېستېتىك ئالاھىدىلىك شەكىللەندۈرگەن ئالاھىدە ئىجادىيەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ، ئۇ ئالاھىدە ياشاش شەكلى ۋە مەۋجۇتلۇق بوشلۇقى ھېسابلىنىدىغان يېزا (سەھرا)، دېھقانلىرىنى چۆرىدىگەن، خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادىتىدىكى ئۆزگىرىش، يۈزلىنىشلەرنى، شۇنداقلا بۇ جەرياندا كېلىپ چىققان تۇرلۇك زىددىيەت، پاجىئەلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئاساس قىلغانلىقى بىلەن بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تېخىمۇ بەك تارتىدۇ. ئۇنى ئايرىم بىر ھادىسە سۈپىتىدە كۆزىتىش ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىك، خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشىنىشىمىزدە ئەھمىيىتى زور خىزمەتتۇر. بىز تۆۋەندە بۇ ھەقتە دەسلەپكى قەدەمدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

### يېزا دېگەن نېمە؟

يېزا دېگەن نېمە؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۇنداق ئاسان بولمىسا كېرەك. «ئىنسان دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق پەيدا بولغان؟» دېگەن سوئالغا ئاسانلىقچە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەرگىلى بولمىغىنىدەك، ئىنسانلارنىڭ ياشاش پائالىيىتى جەريانىدا شەكىللەنگەن بۇ بوشلۇققىمۇ دەماللىققا ئېنىقلىما بېرىش سەل قىيىن. يېزا - سەھرا دېسە بۇگۇن ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ كاللىسىغا دەرھاللا تەبىئىي ھالدا دەل - دەرەخ، ئېتىز - ئېرىقلار گىرەلىشىپ كەتكەن كۆجۈم مەھەللىلەر؛ باغ - ۋارانلىق ھويلىلار؛ دېھقانچىلىق، تېرىقچىلىق ياكى چارۋىچىلىققا تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىغان دېھقانلار؛ تەبىئىي يەرلىك يېمەك - ئىچمەكلەر؛ بوزىرىپ تۇرىدىغان بوز تۇپراق ۋە ئۇنىڭغا ھۆسن بېغىشلاپ تۇرىدىغان كۆل - ئېرىقلار؛ يايلاپ تۇرغان پادىلار؛ نامرات، يۈز - كۆزىنى كىر - قاسماق باسقان،



ئۇستىبىشى ئاددىي، لېكىن ئەمگەكچان، ساددا كىشىلەر ياكى قىيغىتىپ ئويناۋاتقان شوخ باللار كېلىشى تۇرغانلا گەپ. بولۇپمۇ سانائەت ئىنقىلابى، تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، يېزىلاردىكى بۇنداق تەبىئىي مەنزىرە، تەبىئىي مۇھىت ۋە تەبىئىي ياشاش ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن خاسلىق تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندى. كىشىلەرنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى، تىرىكچىلىك ئادىتى جەريانىدا شەكىللەنگەن بۇ ياشاش بوشلۇقى ئەمدى ئاددىي مەنىدىكى بوشلۇق، ئورۇن، ماكان ياكى يەر بولماي قالدى. ئەڭ دەسلەپكى يېزا ياكى سەھرا ئۇقۇمىنىڭ قانداق مەنە ئاڭلىتىشىدىن قەتئىينەزەر، بۈگۈنكى يېزىلار يەرنى ئاساس قىلغان، قېرىنداشلىق، يۇرتداشلىق ۋە ئەنئەنىۋى قائىدە-يوسۇنلارنى بەلباغ قىلغان ئەنئەنىۋى جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى كۆرسىتىدىغان بولدى. جۇڭگودىكى جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئاتىسى دەپ قارىلىدىغان فېي شياۋتۇڭ ئەپەندى يېزا توغرىلىق توختىلىپ ئۇنى «كونكرېت مەقسەت - نىشانسىز، پەقەت بىرگە تۇغۇلۇپ - ئۆسۈش ئاساسىدا تەشكىللەنگەن جەمئىيەت»، يەككە ئادەم ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ جەمئىيەت «ئۇ تۇغۇلۇشتىن ئاۋۋاللا ئەزەلىي مەۋجۇت تۇرمۇش مۇھىتىدۇر»[①] دەيدۇ. بۇ يەردە بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدىغان مۇنداق ئىككى نۇقتا مەۋجۇت: بىرى، كونكرېت مەقسەت - نىشانىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى؛ يەنە بىرى، تەشكىللىنىش. خوش، كونكرېت مەقسەت - نىشانسىزلا بۇ جەمئىيەت قانداقسىگە تەشكىللىنىپ قالدى؟ فېي شياۋتۇڭ ئەپەندى بۇ يەردە تىلغا ئالغان مەقسەتسىز جۇغلىنىش دەماللىققا كىشىگە ۋىلىيامىس «كۇلتۇر ۋە جەمئىيەت» تە تىلغا ئالغان «ئورتاق نىشانسىز ئورتاق گەۋدە»[②]نى ئەسلىتىدۇ. ئەمما ئۇ ھەرگىزمۇ فېي شياۋتۇڭ ئەپەندى سۆز مەنىسىدە ئىشلىتىۋاتقان مەقسەت - نىشانسىز يىغىلىپ قېلىش ھالىتىگىمۇ، ۋىلىيامىس 19 - ئەسىردىكى ئەنگلىيە جەمئىيىتىدە ئومۇمىيۈزلۈك كۆرۈنگەن پاتىپاراقچىلىقنى تەسۋىرلىگەندە ئىشلەتكەن «ئادەم بىلەن ئادەم شۇنچە يېقىن سۈركىلىشىپ تۇرىدۇ، يۇ، ھەممىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل دۇنيا» دېگەندەك ھالەتكىمۇ ئوخشىمايدۇ. بىز دىققەتنى تارتىدىغان ئىككى نۇقتىنىڭ يەنە بىرى «تەشكىللەش»كە قارىساقلا، بۇ ياشاش بوشلۇقىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى كۆز ئالدىمىزدا تېخىمۇ ئېنىق نامايان بولىدۇ. تەشكىللىنىش، بىر خىل ئىجتىمائىي باغلىنىش، تەرتىپ مۇناسىۋەت، تەشكىللىي قۇرۇلما ۋە ئورۇن، ھوقۇق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىغىندىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەقسەت - نىشانسىز ئالامىنى جۇغلاش، بىر - بىرىگە چېتىش ۋە ئۇنىڭغا مەقسەت، نىشان، ۋەزىپە، ھوقۇق، مەجبۇرىيەت يۈكلەش فۇنكسىيەسىگە ئىگە. يېزا ھەرگىزمۇ ئاددىي مەنىدىكى «تەبىئىي مۇھىت» ئەمەس، ناۋادا بىز بىر - بىرىگە مىنگىشىپ ياتقان قوم بارخانلىرى، ئېتىز - ئېرىق، دەل - دەرەخ، دەريا - كۆللەر، يايلاق - ئوتلاقلار، چارۋا ماللار، ئىپتىدائىي تىرىكچىلىك، ئەنئەنىۋى ياشاش شەكلىنى ساقلاپ بىر خىلدا خاتىرجەم ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھالىتىنى «تەبىئىي» دەپلا چۈشىنىپ، يېزا (سەھرا) نىڭ مەنە - قۇرۇلمىسىنى مەقسەتسىزلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنىدىكەنمىز، سەل ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويغان بولىمىز. فېي شياۋتۇڭ ئەپەندىنىڭ دەۋاتقىنىمۇ ھەم بۇخىل ھالەت ئەمەس. يەنە كېلىپ «تەبىئىي مۇھىت ۋە تەبىئىي ھالەت» ھەم ئاللىقاچان يېزا - سەھرانىڭ بەلگىسى بولماي قالدى. روسسو تەبىرلىگەن «تەبىئىي ھالەت» ئاللىقاچان كەلمەسكە كەتتى. روسسو «بىر ئادەم ئورنىدىن دەس تۇرۇپ بىر پارچە زېمىننى دائىرىلەپ ‹بۇ يەر مېنىڭ›! دېگەن، ھەم كالىلىسى ئاددىي بىر توپ ئادەم ئۇنىڭ دېگىنىنى بەرھەق دەپ ئىشەنگەن دەقىقىدىن باشلاپلا ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەۋرى باشلانغان»[③] دەيدۇ. يەنى ئادەمدە ھايۋانىي ئىستەكتىن ھالقىغان ئىجتىمائىي ئېھتىياجنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ «تەبىئىي ھالەت»ى ئاخىرلىشىپ بولغان. بۇ «تەبىئىي ھالەت» ئەلۋەتتە ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئارىسىدىكى ساددا، غەرەزسىز مۇناسىۋەتتە خاراكتېرلىنەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئورنىنى ھەممە يەردە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان پايدا - مەنپەئەت، ھوقۇق - مەجبۇرىيەت، قائىدە - تەرتىپ، ئادەت - يوسۇن، ئالاقە - مۇناسىۋەت، ھەۋەس - ئىستەك، ھىيلە - نەيرەڭ، ئورۇش - جېدەل بىر ئالدى. ئېھتىياج ۋە ئىگىدارلىق ئېڭىنىڭ ئويغىنىشىنىڭ ئۆزىلا تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئاخىرلىشىشىغا بەلگە بولۇپ قالدى. گېگىلمۇ شۇڭا ئادەمنىڭ ئىرادىسىدىن ھالقىغان تۇغۇلۇش، ئۆلۈش، جىنس، ياش، ئاي، كۈن، يۇلتۇزنىڭ ھەرىكىتى دېگەندەك تەبىئىي قانۇنىيەتلەرنى «بىرىنچى تەبىئەت» دەپ ئاتىغان بولسا؛ كىشىلەرنىڭ ياشاش جەريانىدا بەرپا قىلغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى «ئىككىنچى تەبىئەت» دەپ ئاتىغان. دېمەك بىرسى تەبىئىي تۇرمۇش بولسا، يەنە بىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتۇر. يېزا (سەھرا) دېمىسىمۇ بىزگە بىر خىل تەبىئىي تۇرمۇش، تەبىئىي ھالەت، تەبىئىي مۇھىتتەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

هالبۇكى ئۇ ئاللىقاچان بىتەبىئىي تەبىئىي بوشلۇقتۇر.

ئۇنىڭ تەبىئىيلىكى مۇنداق قۇرۇلما ئىچىدىكى تەبىئىيلىكتۇر: «يېزا (سەھرا) ـ ئىقتىسادىي جەھەتتە دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان، ئۆزىنى ئۆزى قامداش شەكلىدىكى تەبىئىي ئىقتىساد؛ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە، قانداشلىق، يۇرتداشلىقنى بەلباغ قىلغان تەبىئىي مۇناسىۋەت؛ مەدەنىيەت جەھەتتە ئەنئەنىۋى ئادەت ـ يوسۇنلارنى ئاساس قىلىپ تەبىئىي شەكىللەنگەن جەمئىيەتتۇر».④ دېمەك، ئۇ بىر خىل ئۆزگىچە تەبىئىي ئىقتىساد، تەبىئىي ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە تەبىئىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئىچىدىكى ئالاھىدە بوشلۇقتۇر. ئۇنىڭ تەبىئىيلىكى يەرگە باغلانغان؛ دېھقانچىلىققا چېتىلغان؛ قانداشلىقنى ئاساس، يۇرتداشلىقنى بەلباغ قىلغان؛ ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلار تەرىپىدىن كونترول قىلىنىپ تۇرىدىغان تەشكىللىي جەرياندۇر. ناۋادا بىز ئۇنىڭ ئاشۇنداق غەيرىي تەبىئىي تەشكىللىنىشىنىڭ ئۆزىنىلا يەنە شۇنداق تەبىئىي سىياسىي ئەندىزە دەپ قارايدىغان بولساق، دۆلەتنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن يېزىدىكى بۇنداق سىياسىي مۇھىت تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇنداقتا يېزا ــ سەھرا ئۆزىگە سىغدۇرغان مەنە قاتلىمى ئۇنىڭ كىشىگە دەماللىققا بېرىدىغان «جۇغراپىيەلىك» تۇيغۇ ـ تەسىراتىدىن بىراقلا ھالقىپ كېتىدۇ. بىز ئەمدى يېزا ـ سەھرانى ئاددىي تەبىئىي بوشلۇق ياكى جۇغراپىيەلىك تەۋەلىك سۈپىتىدە چۈشىنىشكە ئامالسىز قالىمىز. يېزا (سەھرا) ئۇنىڭدا ياشىغۇچى ئاۋام بىلەن قوشۇلۇپ ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە پۇختا مەۋجۇتلۇق ئاساسىغا ئىگە تەبىئىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، كۇلتۇرەل قۇرۇلمىدۇر. ئۇ تىرىك ئادەملەر پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان «تەشكىللەنگەن جەمئىيەت»، ئىجتىمائىي قۇرۇلما بولۇش سۈپىتى بىلەن «كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى سالام ـ سەھەت يوسۇنىدىن تارتىپ پەرھىز، مۇراسىم، تەرتىپ، تۈزۈم، جازا، تەقسىمات ئادىتىگە بېرىپ تاقىلىدىغان ئامىللار»⑤نىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا بۇ جەريانىدا «دىن، جەمەت، قانداشلىق، ۋەسىيلىك، بازار، شاگىرت، تالىپلىق، ئىبادەتخانا، يەر، سۇدىن پايدىلىنىش يوسۇنى» قاتارلىق جىمى ھوقۇق مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرىدىغان مېخانىزىملارنىڭ يىغىندىسى بولمىش «كۈچلۈك ھوقۇقچىل مەدەنىيەت تورى»⑥ قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇنداق تەبىئىي ھەم ئىجتىمائىي تەركىبلەر بىر ـ بىرىگە مەھكەم گىرەلىشىپ كەتكەن ئالاھىدىلىك يېزا ئۆزىگە سىغدۇرغان مەنە قاتلىمىنى تېخىمۇ موللاشتۇرغان. چۈنكى، تەبىئەتنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى زور دەرىجىدە ساقلاپ قالغان تەبىئىي مەنزىرە (自然景观) يېزىنى سىرتقى جەھەتتىن ئوراپ تۇرىدىغان تاشقى پوست بولسا، كىشىلەرنىڭ ياشاش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن تۈرلۈك مۇناسىۋەت، ئەھكام، ئادەتلىرى ئۇنىڭ ئىچكى تىندىنسىيەسى بولمىش كۇلتۇرەل مەنزىرە (文化景观) سىنى تەشكىل قىلغان. مەدەنىيەت جۇغراپىيەسى تەتقىقاتىنىڭ دەسلەپكى ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان تەتقىقاتچى كارل سائۇر ئوخشىمىغان جايدا ياشىغۇچى ئادەملەرنىڭ «يەر» بىلەن «ھايات كەچۈرۈش» ئارىسىدا ئوخشىمايدىغان ماددىي مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرىدىغانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان. ئۇنىڭ قارىشىچە: «ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر ئوخشىمايدىغان يېزا ئىگىلىك سىستېمىسىنى، بىر ـ بىرىدىن پەرق قىلىپ تۇرىدىغان ئولتۇراقلىشىش سىستېمىسى، شۇنداقلا پەرقلىق ئالاقە (قاتناش) سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرىدىغان بولۇپ، بۇ ئۆزگىچىلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئېتىز ـ دالا سىستېمىسىدا، ئولتۇراق ئۆي شەكلىدە ۋە يول تورى قاتارلىق مەنزىرىلەردە كۆزگە ئېنىق تاشلىنىپ تۇرىدىغان ماددىي ئىز قالدۇرىدۇ. شۇڭا، ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر تەبىئىي مۇھىتقا تەتبىقلانغانسېرى يەنە ئوخشىمىغان مەنزىرە شەكىللەندۈرىدۇ.»⑦ سائۇر بۇنى «كۇلتۇرەل مەنزىرە» دەپ ئاتايدۇ. «كۇلتۇرەل مەنزىرە مەلۇم بىر مەدەنىيەت گۇرۇھىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىنى ۋاستە قىلىپ ئوينىغان رولى ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. مەدەنىيەت (كۇلتۇر) قوزغاتقۇچ كۈچ، تەبىئىي رايون ۋاستە، كۇلتۇرەل مەنزىرە نەتىجىدۇر.»⑧ بىز ئوخشىمىغان مەدەنىيەت تۈركۈملىرى پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايوندا شەكىللەنگەن ئوخشىمايدىغان ماددىي ـ مەنىۋى فولكلور ئامىللىرىغا قارىساقلا بۇ يەردىكى كۇلتۇرەل مەنزىرىنىڭ تەكتىگە يېتەلەيمىز. ھەتتا ئوخشاش بىر رايوندا، ئوخشاش بىر تەبىئىي مەنزىرە ئىچىدە ياشاۋاتقان ئىككى خىل مەدەنىيەت تىپىدىكى ئادەملەر شەكىللەندۈرىدىغان كۇلتۇرەل مەنزىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئوخشاش بىر خىل گۆشنى ئىنگلىز، گېرمان، رۇس، ئەرەب ھەربىر مىللەت ئۆزگىچە شەكىلدە، تۈرك تېخىمۇ ئۆزگىچە شەكىلدە، خەنزۇ يەنىمۇ ئوخشىمىغان شەكىلدە يېيىشى؛ ئوخشاش بىر پارچە رەخت ئوخشىمىغان مىللەت، مەدەنىيەت، رايون خەلقىدە رەڭگارەڭ شەكىل ۋە پاسوندا ئۇستىباشقا چىقىشى، ھەتتا ئوخشاش بىر رەڭ ئوخشىمىغان مەنە ـ ئۇقۇملارنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. بۇ كىشىلەرنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تارىخ جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ يەنە

بىۋاسىتە يەر، سۇ، ھايۋانات... دېگەندەك تەبىئىي مۇھىت
بىلەن بولغان ئالاقە جەريانىدا يېتىلگەن مەنىۋى جۇغلاز-
ما، ئېستېتىك تاللاشتۇر. بۇنداق يەرگە، سۇغا،
ھايۋانلارغا، ئۆي - ئىمارەتكە، ئۆز ئارا ئېلىم - بېرىم،
باردى - كەلدىگە، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا بولغان مۇ-
ئامىلە ئۇنى بېجىرىش ئۇسۇلى ۋە بۇ جەريانىدا تەبىئىي
شەكىللەندۈرگەن پەرھىز - ئەھكاملار يىغىلىپ ئوخشىما-
غان كىشىلەردە ئوخشىمىغان «كونكرېت مەسىلىلەرگە بول-
غان كونكرېت قاراش، ئىدىيە، چۈشەنچە، ئېستېتىك تۇي-
غۇ شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بۇنداق شەيئىلەرگە بولغان
بىۋاسىتە تەسىرات ئاستا - ئاستا بىر خىل كونكرېت ئىدى-
يە - چۈشەنچىگە، شۇنداقلا بارا - بارا ئىنسانلارنىڭ
پۈتكۈل مەۋجۇتلۇق شەكلىگە ئايلانغان.»[9] بۇ مەنىدىن
بىز بىر تەرەپتىن، ئىنگلىز تىلىدىكى مەدەنىيەت (كۇلتۇر)
سۆزىنىڭ ئېتمولوگىيەسىدىكى تېرىقچىلىق، ئېتىز - ئېرىق
ئىشلىرىغا باغلانغان شەرھىيلەشنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ چۈ-
شىنىپ يېتىمىز. يەنە كېلىپ مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىش
جەريانىغا قارىساقمۇ، ئۇنىڭ تىرىكچىلىك، يەر، سۇ بىلەن
باغلانغان ھاياتلىق كۈرىشى جەريانىدا ھاسىل بولغان
جۇغلانما ئىكەنلىكىنى بايقىماق تەس ئەمەس؛ يەنە بىر
تەرەپتىن، مەدەنىيەتنىڭ قانداقتۇر جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى
قاتلام كىشىلىرىگە خاس نەرسە ئەمەس، بەلكى ئومۇمىي
نەرسە، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ۋىلىيامس تەبىرلىگەن «بىر
پۈتۈن تۇرمۇش شەكلى»[10] ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمىز. بۇ
ئەلۋەتتە مەدەنىيەتنى ئوقۇغان، تەربىيەلەنگەن سەر-
خىللارغا مەنسۇپ دەپ قارايدىغان ياكى ئۇنى نوقۇل
ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتى مەنىسىدە چۈشىنىدىغان
ئاددىي، تار قاراشتىن ھالقىغان كەڭ مەنە مۇمكىنچىلىكىگە
ئىگە قىلىدۇ.[11] ھەممىدىن مۇھىمى، بىز بۇ كەڭ نەزەر بى-
لەن قارىغىنىمىزدا، «يەر» بىلەن «مەۋجۇتلۇق» ئوتتۇ-
رىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۇنداق ئاددىي جەريان ئەمەس-
لىكى، ئۇ تەبىئىي مەنزىرە ھەم كۇلتۇرەل مەنزىرە بولۇش
سۈپىتى بىلەن ناھايىتى مۇرەككەپ مۇناسىۋەت تورى
قۇرۇپ چىقىدىغانلىقىنى بايقايمىز. شۇڭا بىز يېزا
(سەھرا)دىن ئىبارەت بۇ ياشاش بوشلۇقىغا قارىغىنىمىزدا
كۆزىمىزگە كۆپىنچە بىر خىل جۇغراپىيەلىك، ئېكولوگىيە-
لىك مۇھىت - مەنزىرە بەكرەك چېلىققاندەك قىلغان بى-
لەن، ئەمما ئۇنىڭ قات - قېتىغا ناھايىتى مۇرەككەپ دى-
نىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئامىللار، پسىخى-
كىلىق، ئېستېتىكىلىق شۇنداقلا كۇلتۇرەل مەنىلەر جۇغلى-
نىپ كەتكەن... ئەلۋەتتە، يېزا (سەھرا)نى بۇنداق چۈشى-
نىش يەنە تېخى يېتەرلىك ئەمەس. يېزا (سەھرا)نى بۇنداق
كۆپ خىل مەنىلەر جۇغلانمىسى سۈپىتىدە چۈشىنىپلا قو-
يۇش ياكى ئۇنىڭ ئاددىي مەنىدىكى ئېكولوگىيەلىك،
جۇغراپىيەلىك تاشقى پوستىنىڭ ئىچىگە يەنە نۇرغۇن سى-
ياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر چەمبىرىكى
نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان پسىخىك، ئېستېتىك، كۇلتۇرەل
ئامىللارنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى دەپلا قويۇش بۇ
جەلپكار، سىرلىق ياشاش بوشلۇقىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى
تېخىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بولۇپمۇ
بىزنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئادەملىرىمىزنىڭ كاللى-
سىدا ئۇ ھېلىھەم ئەنە شۇنداق گۈزەل، سىرلىق، جىم-
جىت، ئۆزگەرمەس ئۇتوپىيە. شۇڭا بىزدە «ئىھ، چىرايلىق
گۈل يېزام» تەرىقىسىدىكى مەدھىيە، قەسىدىلەر ياكى شۇ
تەرىقىدىكى ئومۇمىي ئىماگلار كۆپرەك ئۇچرايدۇ. ئەمما
بىز يېزىدىكى تەبىئىي مەنزىرە بىلەن كۇلتۇرەل مەنزىرى-
نىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان يەنە بىر ھەرىكەتچان، جىددىي
ۋە ھەتتا سۈركىلىشكە تولغان تەرەپنى نەزەردىن ساقىت
قىلساق ھەرگىز بولمايدۇ.

كارل سائۇردىن كېيىنكى مەدەنىيەت، جۇغراپىيە
تەتقىقاتىدا «يەر» بىلەن «ياشاش»تىن ئىبارەت مۇناسى-
ۋەت ئەندىزىسى ئاساس قىلىنغان «تەبىئىي مەنزىرە» بى-
لەن «كۇلتۇرەل مەنزىرە»نى كۆزىتىشتە مۇنداق ئىككى
خىل يۈزلىنىش بەكرەك كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بى-
رى، مەنە، ھوقۇق ۋە قارشىلىقنىڭ بۇ ئىككى «مەنزى-
رە»دىكى ئورنى، رولىنى تەكشۈرۈشكە بەكرەك دىققىتىنى
ئاغدۇرغان «پەرق كۇلتۇرى»؛ يەنە بىرى، بوشلۇق،
يەر، مەنزىرەنى مەركەز قىلىپ شەكىللەنگەن «شائىرانە
ئىپادە سىياسىيسى»[12]دۇر.

«پەرق كۇلتۇرى» مەدەنىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى
ھوقۇق مۇناسىۋىتىگە بەكرەك نەزەر ئاغدۇردى. ئۇلار
«مەدەنىيەت رىقابەتكە تولغان ساھە، ئۇ ئوخشىمىغان
ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ (ئىرق، سىنىپ، جىنس، ياش)
ئارىسىدىكى تۈرلۈك توقۇنۇشقا تولغان سەھنە. ئۇلار
ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى بويىچە دۇنيانى شەرھ-
لەشكە ۋە ئۇنى باشقىلارغا تېڭىشقا ئۇرۇنىدۇ» دەپ قا-
رىدى ھەمدە ئۇ پەقەتلا «ئىقتىسادىي ياكى سىياسىي سا-
ھەدىلا چەكلەنمەيدۇ. مۇشۇ ساھەنىڭ ئۆزىدىمۇ ھۆ-
كۈمرانلىق قىلغۇچى بىلەن قىلىنغۇچى ئارىسىدىكى ئىجتى-
مائىي مۇناسىۋەت توختاۋسىز رەۋىشتە مۇرەسسە، تىرك-
ىشىش ھالىتىدە تۇرىدۇ»[13] دېگەننى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇ-
نىڭغا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى، ھەتتا رايموند ۋىليا-

مس ئىنساننىڭ ھېس - تۇيغۇسى، پسخىك تەسراتىدىن
شەكىللىنىدىغان «ھېسسىيات قۇرۇلمىسى»نىمۇ قاتتى.[14]
دېمەك، «كۇلتۇرەل مەنزىرە» ئىچىگە ئىنساننىڭ ئاشكارا
بىر - بىرى بىلەن يەر، سۇ، بايلىق، ھوقۇق، ئۆزلۈك تا-
لىشىش كۈرىشىدىن باشلاپ، ئۇنىڭ سىرتقا ئاشكارا ئىپا-
دىلەنمەيدىغان زىددىيەتلىك، مۇرەككەپ روھىي ھالەت،
پسخىك كەيپىيات، ھېس - تۇيغۇلىرىغىچە قېتىلىپ كەت-
تى. ئۇ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالەتتىكى ئۇزۇل - كېسىل
ھوقۇق، مەنە، قارشىلىق كۈرىشى بىلەن تولغان جىددىي
تىركىشىش سەھنىسى دەپ قارالدى.

«شائىرانە ئىپادە سىياسىيسى» بولسا كۇلتۇرنىڭ ئى-
پادىلىنىش جەريانىغا بەكرەك نەزەر ئاغدۇرغان بولۇپ،
ئۇ ھەقىقىي رېئاللىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن، ئىپادىلەنگەن
رېئاللىق ئارىسىدىكى زىتلىق ۋە بۇ جەريانغا يوشۇرۇنغان
ھوقۇق مۇناسىۋىتىگە دىققەت قىلغان. مەدەنىيەتنى چۈشە-
نىش ھەرگىز ئاددىي مەنىدىكى ئوبيېكتىپ «رېئال-
لىق»نى، يەنى دۇنيانىڭ مەلۇم بىر يېرىدە تەييار ھازىر-
لىنىپ تۇرغان «رېئاللىق»نى چۈشىنىش جەريانى ئەمەس،
رېئاللىق ھەر خىل بولىدۇ. ھەر بىر توپنىڭ ئۆزلىرىدىلا
مانا بۇ «ھەقىقىي» دەيدىغان دۇنياسى بولىدۇ. ئەمما ئۇ
پەقەت «ئىپادىلىنىش» ئارقىلىقلا ئايان بولىدۇ. «ئۇ چو-
قۇم ھېكايە سۈپىتىدە بايان قىلىنىشى، يېزىلىشى؛ رەسىم
قىلىپ سىزىلىشى؛ كىنو قىلىپ ئىشلىنىشى؛ ناخشا قىلىپ
ئېيتىلىشى؛ تىياتىر قىلىپ ئوينىلىشى كېرەك.»[15] ئەمما كې-
شىنى ئويلاندۇرىدىغىنى شۇكى، ئاشۇ كىشىلەر ئۆزلىرىلا
مانا بۇ «ھەقىقىي» دەيدىغان رېئاللىق بىلەن، يېزىلغان
ھېكايە، ئېيتىلغان ناخشا، ئىشلەنگەن كىنو، سىزىلغان
رەسىم، ئوينالغان تىياتىردىكى ئىپادىلەنگەن رېئاللىق
ئوخشاش بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ گەپ مانا بۇ يەردە. ناۋادا
بىز ستۇئارت تىلغا ئالغان ئىپادىلىگۈچىنىڭ «كودلاش»
جەريانىنى[16] رېئاللىقنىڭ مەنىنىڭ ئىپادىلىنىشى دەپ قارى-
ساق، ئۇنداقتا يازغۇچى، سەنئەتكار، سىنارىست، رەس-
سام، ناخشىچىلار ئەنە شۇ «ھەقىقىي رېئاللىق»نى ئىپادى-
لەش جەريانىدا نېمىلەرنى كۆرۈشى، نېمىلەرنى كۆرمەس-
لىكى؛ نېمىلەرنى يېزىشى ياكى يازماسلىقى؛ نېمىلەرنى
راستچىللىق بىلەن ئىپادىلىمەسلىكى، ھەتتا بۇرمىلىشى،
ئۆزگەرتىۋېتىشى، قايتىدىن يەنە بىر «ھەقىقىي، چىن رې-
ئاللىق» ياساپ بېرىشى مۇمكىن؟ «بىزنىڭ شەيئىلەرنى
كۆزىتىش ئۇسۇلىمىز بىز بىلىدىغان ياكى بىز ئېتىقاد قىلى-
دىغان نەرسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ.»[17] يەنى بىز
ئالدىمىزدا تۇرغان رېئاللىقنىڭ ھەممە تەرىپىنى كۆرەلىشە-
مىز، شۇنداقلا ئۇنى شۇ پېتى ئىپادىلىيەلىشىمىز ناتايىن.
چۈنكى «ھەقىقىي رېئاللىق»نىڭ مۇرەككەپلىكى ئالدىدا
(بىز ئىزچىل ئۇنىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپ قۇرۇلما ئىكەن-
لىكىنى دەپ كېلىۋاتىمىز( ئىپادىلىگۈچىنىڭ كۆزىتىش ۋە
ئىپادىلەش ئۇسۇلى شۇ شەخسنىڭ ئۆزىدىكى بىلىم، ئېتى-
قاد )دىنىي، سىنىپىي، سىياسىي)، ھېسسىيات، ۋاقىت چەك-
لىمىسىگە ئۇچرىغاندىن باشقا، يەنە ئىپادىلىگۈچى ياشاۋات-
قان دەۋرنىڭ رېئال سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت
سىياسىتىنىڭ چەكلىمىسىگىمۇ ئۇچرايدۇ. ھەتتا ئىجتىمائىي
گۇرۇھلارنىڭ سىياسىي مەقسىتى تۈپەيلى بەزى ئىپادىلە-
گۈچىلەر كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئەسلىدىنلا نۇرغۇن
زىددىيەت ئاساسىدا ئاندىن بىرلىشىدىغان رېئاللىقنى ياكى
مۇنداقچە ئېيتقاندا «كۇلتۇرەل مەنزىرە»نى ئاجايىپ
قايناق ھېسسىيات بىلەن باشقىچە گۈزەل ئۇتوپىيەگە
ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. «شائىرانە ئىپادە» دەل مۇشۇنداق
ھالەتكە قارىتىلغان، ئۇنىڭ ئاساسلىق دىققىتىنى ئاغدۇر-
دىغىنى بوشلۇق، يەر، مەنزىرە.

بىز ئەمدى بۇ ئىككى خىل كۆزىتىش ئۇسۇلى بويى-
چە يېزا (سەھرا) غا قارايدىغان بولساق، ئەمدى ئۇ بىز-
نىڭ كۆزىمىزگە تېخىمۇ مۇرەككەپ مەنىلەر سىستېمىسى،
ئىجتىمائىي قۇرۇلما سۈپىتىدە كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ
بىزگە تىنچ، ئۆزگەرمەس، جىمجىت كۆرۈنگەن بۇ بوش-
لۇقنىڭ ئىچكى قىسمى مانا مۇشۇنداق ماددىي، مەنىۋى
پسخىك دولقۇنلار بىلەن تولغان ئۆزگىرىشچان قايناي-
دۇ. بىز ئۇنىڭغا ھەرىكەتتىكى مەۋجۇتلۇق سۈپىتىدە
كۆز تىككىنىمىزدىلا، ئاندىن ئۇنىڭدىكى جۇغراپىيەلىك،
ئېكولوگىيەلىك تەبىئىيلىكىنىمۇ، دىنىي، سىياسىي، ئىجتىما-
ئىي، ئىقتىسادىي، روھىي تەركىبلەردىن تەشكىللەنگەن
مۇرەككەپ كۇلتۇرەل چىنلىقىنىمۇ سەل چوڭقۇر كۆرەلە-
شىمىز مۇمكىن. شۇنداقلا ئۇنى مەنبە قىلغان باشقا ئىپادە
سىستېمىلىرىدىكى يېزا (سەھرا) ئىماگىنىڭ قاتلىمىنى تې-
خىمۇ ئىنچىكە چۈشىنەلىشىمىز مۇمكىن. يېزا (سەھرا) دىكى
ئاشۇ كەڭ، چوڭقۇر، مۇرەككەپ ھالەتلەرنى ئىپادىلەش
ئاساسىدا شەكىللەنگەن يېزا (سەھرا) پىروزىچىلىقنى كۆ-
زىتىشىمىزمۇ دەل شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇ يەردىكى
سەھرا (يېزا) ئۇقۇمى مەلۇم بىر كونكرېت مەمۇرىي بىر-
لىك ياكى ئىستاتىستىكا ئوبيېكتىنى كۆرسەتمەستىن، ئەنئە-
نىۋى تۇرمۇش شەكلى ۋە ھاياتلىق ئەندىزىسىدە تۇ-
رۇۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى كۆر-
سىتىدىغان بولۇپ، ئۇ تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر قاتلاملى-
رىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئۇ پەقەت مەمۇرىي بىر-

لىك سۈپىتىدىكى يېزىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەرنىلا كۆرسەتمەستىن، ئۇيغۇرچە ئەنئەنىۋى تۇرمۇش شەكلىدە ياشاۋاتقان دېھقانلارنى ھەتتا بازارلاردىكى ئادەتتىكى ئاۋامنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەرنىمۇ كۆرستىدۇ.

## ئۇيغۇر يېزا پىروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىيات شەكلى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

بىز ئۇيغۇر يېزا پىروزىچىلىقىنىڭ ئۇلىنى زۇنۇن قادىرى سالدى دەپ كېسىپ ئېيتالايمىز. زۇنۇن قادىرىنىڭ 1945 ـ يىلى يېزىلغان «مۇئەللىمنىڭ خېتى» ناملىق ھېكايىسى چىن، تەبىئىي، ئىنچىكە تەپسىلاتلار ئارقىلىق مەنزىرە بىلەن پىسخىك ئۆزگىرىش، زىددىيەت توقۇنۇشنى يارقىن تەسۋىرلەش جەھەتتە پەۋقۇلئاددە ئۇتۇق قازىنىپ، ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىدىكى بايان سەنئىتىنىڭ نادىر ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەرگەن. يازغۇچى يەنە 1948 ـ يىلى يازغان «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسى ئارقىلىق يېزا پىروزىچىلىقىغىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىنىڭ مۇستەھكەم ئۇلىنى قويۇپ بەردى.

«ماغدۇر كەتكەندە» ئۇيغۇر يېزا پىروزىچىلىقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بەختى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يەر ۋە ئىپتىدائىي مەنىدىكى ئېتىز، ئۆز ـ ئۆزىنى قامداش شەكلىدىكى تىرىكچىلىكتە تايىنىپ كۈن كەچۈرۈۋاتقان ئادەتتىكى دېھقان باقىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى بىر پۈتۈن مىللىي روھ دۇچ كەلگەن تىراگېدىلىك قىسمەت يۈكسەكلىكىدە ئېچىپ بەرگەن مۇنەۋۋەر ئەسەر. ئۇ ئۆزىنى قورشاپ تۇرغان ئىنتايىن ئېغىر، تەڭسىز، ئادالەتسىز تۈزۈم بىلەن ئۆز مەنىۋىيىتىدىكى تەكرار ـ تەكرار ئۆرۈپ ـ سوقۇلۇشلار نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن روھىي ئاجىزلىقىنىڭ قۇربانىدۇر. «ناخشا دېگەننى راسا ئېيتقان، تورغاي چىللىغاندا قويۇپ، ئەل ياتقۇچە ئېتىزدا قوش ھەيدىگەن؛ كەتمەن چاپىدىغان؛ ئورما ئورىدىغان؛ ئېرىق ئېتىش ئۈچۈن قوۋۇرغان چىمنى ئىككى ـ ئۈچ ئادەم كۆتۈرەلمەيدىغان ئەزىمەت»نىڭ «ئەمدى كۈچ يوق، يۈرەك يوق» دەپ مەيۇس خورسىنىشىچە؛ ئۆرۈكلۈك باغدا باھارخانغا ئۆرۈك تاشلاپ چىرايلىق مۇھەببەت دۇنياسىدا لەرزان يايرىغان باقىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز بالىلىرىنىمۇ «يا ئۆلمىدى بۇ ئىنجىمارۇق جىن تەپكەنلەر... خۇدايىم تىلىگەنگە بەرسە بولمامدىغاندۇ بۇ ئىتنىڭ كۈچۈكلىرىنى...» دەپ سەپىرالارچە قارغاپ، تىللايدىغان، قاپاقلىرى ئىششىغان، چىرايى كىشىنىڭ غەشلىكىنى كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە سەت ۋە كۆرۈمسىز ھالغا چۈشۈپ قېلىشىغىچە؛ ھەتتا «ئى ـ ئى» دېگىنىچە قىيسىيىپ قالغان بەترەڭ كالپۇكلىرىغا چىۋىن ئولىشىپ كەتكەن ئۆلۈمى، مۇڭگۈز قويۇلمىغان ئادەتتىكى قەبرىسىگىچە بولغان باياناتلاردىن بىز يېزا پىروزىچىلىقىمىزنىڭ ئوبراز يارىتىش، پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاسلىقىنى ئېچىش، تۇرمۇش بىلەن پىسخىك ئۆزگىرىشنى قويۇق شېئىرىي تەسۋىر ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە يۇغۇرۇۋېتىش، رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەش، تىلىنىڭ ئېنىق، جانلىق، ئادەتتىي، تاۋلانغان بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ پىشىپ يېتىلگەن ئىزناسىنى كۆرەلەيمىز. «ئۇيغۇر يېزىلىرىنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەش، پېرسوناژلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىدا دەۋر رېئاللىقىنى يورۇتۇپ بېرىش، ئەسەردە كۈچلۈك لىرىكىلىق كەيپىيات پەيدا قىلىش ـــ بۇ ھېكايىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيىتى ھېسابلىنىدۇ.»[5] پىروفېسسور ئازاد سۇلتان «ئاپتور ئەسەردىكى قەھرىمانلارنىڭ پاجىئەسىنى تېپىك شارائىت ئىچىدىكى تۇرمۇش مۇقەررەرلىكى بويىچە تەسۋىرلەپ بەرگەن، بۇ يازغۇچىنىڭ روشەن ئىدىيەۋى خاھىشىنىڭ، تۇرمۇش چىنلىقىغا سادىق بولۇشتەك رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنىڭ، شۇنداقلا خېلىلا مۇكەممەللەشكەن تىراگېدىيەلىك ئېڭىنىڭ مەھسۇلىدۇر»[5] دەيدۇ. يازغۇچى ئۆزىمۇ «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسىدىكى باقىنىڭ ئەمەلىي پىروتوتىپىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قەيت قىلغاندىن كېيىن: «يازغۇچىلار ئالدى بىلەن ئۆزلىرى تەسۋىرلىمەكچى بولغان تۇرمۇش بىلەن پىششىق تونۇشۇشى ۋە ئۇنى ئېنىق، ئىنچىكە كۆزىتىشى كېرەك»[5] دەيدۇ. مۇھەممەت پولات ئەپەندى بۇ ئەسەردىكى ئۇتۇقنى «ئوبراز ئارقىلىق سۆزلەش؛ كىشىلەر مۇناسىۋىتىدىكى نازۇك ۋە ئىنچىكە سىرلارنى، ئادەملەر روھىي دۇنياسىدىكى مۇرەككەپ قارىمۇ قارشىلىقلارنى روشەن ۋە كونكرېت ئېچىپ بېرىش؛ ئوبيېكتىپ، ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەرنى تاللاپ بايان قىلىش؛ ھېكايىنى قويۇق لىرىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىپ، مەنزىرە بىلەن ھېسسىياتنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش»[5] قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە يىغىنچاقلايدۇ. نۇرمۇھەممەت زاھان ئەپەندى بولسا ئۇلارغا ئوخشىمايدىغان نۇقتىلاردىن «ئوخشاش، تېپىك ۋەقە ۋە تېپىك كۆرۈنۈشكە ئىنتىلىش؛ كومپوزىتسىيە ۋە سيۇژىتنىڭ مۇكەممەللىكى، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى؛ تەسۋىرنىڭ چىن ۋە يارقىنلىقى؛ تىلدىكى ساددىلىق ۋە

ئېنىقلىق»[*] نى تىلغا ئالىدۇ. بىز بۇ ئالاھىدىلىكلەرگە ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن يەنە بىر مۇنەۋۋەر ھېكايە «مۇڭلۇق ئالچۇق»[*] نىڭ ئىپادىلىگەن بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىدىن «بەدىئىي سەھنىنىڭ ئىخچام، ۋاقىت بىرلىكىنىڭ قىسقا، پېرسوناژلار پائالىيىتىنىڭ يىغىنچاق ۋە مەركەزلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى؛ باياندىكى مۇڭ بىلەن رېئاللىقتىكى جاپاكەش دېھقان نىياز ئائىلىسى دۇچ كەلگەن قىسمەتلەرنىڭ نازۇك بىرلىشىپ، ھەسرەتلىك ھېكايە مۇھىتىنىڭ ھاسىل قىلىنىشى؛ پەردازلانمىغان، ساددا دېھقان تىلى؛ پېرسوناژلارنىڭ ئېنىقلىقى ۋە كونكرېتلىقىقا ئىگە خاراكتېر ئالاھىدىلىكى»[*] قاتارلىقلارنى قوشۇپ كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇيغۇر يېزا پىروزىچىلىقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەرەققىياتىدىكى بەدىئىي يۈزلىنىشنى ئېنىق كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

بۇ يەردە توختىلىپ ئۆتمىسەك بولمايدىغان يەنە بىر مۇھىم ئەسەر مۇھەممەتئىمىن توختايوۋنىڭ «قانلىق يەر» رومانىدۇر. 1945 ـ، 1946 ـ يىللىرى ئۆپچۆرىسىدە قەشقەردە يېزىلغان، خەنزۇچە نۇسخىسى 1951 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 1993 ـ يىلى نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن تامامەن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ ئەسەردۇر. رومان 1930 ـ، 1940 ـ يىللاردىكى قەشقەرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ھالدا، سادىق بىلەن رەناخاندىن ئىبارەت بىر جۈپ ياشنىڭ مۇھەببەت جەريانىنى ئاساس قىلىپ، بېگلىق بىلەن كونىلىق، مۇتەئەسسىپ ئادەت كۈچى بىلەن شەخسنىڭ ئەركىن، باراۋەر، ئەقلىي، ئىدراكىي ياشاش ئارزۇسى ئارىسىدىكى زىددىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئەلەرنى ئېچىپ بەرگەن. ئەسەر «سيۇژېت شەكلى جەھەتتە كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز بىلەن ماھىيەتلىك باغلىنىش ھاسىل قىلغان»[*]لىقى؛ «دىيالوگلىرىنىڭ جانلىق، ئىندىۋىدۇئاللىقى؛ تەپسىلات، مۇھىت، پورترېت، ھەرىكەت، پسىخىك تەسۋىرلەردىكى روشەنلىك ۋە جانلىقلىقى؛ ۋەقە ـ ھادىسىلەرنىڭ مەنتىقىلىق، دولقۇنلۇق، تۇرمۇشلۇق بولۇشى؛ ئوبرازلار خاراكتېرىدىكى جانلىق، مۇرەككەپلىك؛ شۇنداقلا قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە مىللىي ئۆزگىچىلىكلەر ناھايىتى ياخشى يورۇتۇلغانلىقى»[*] بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسەرلەردىكى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى رېئاللىققا بولغان چىنلىق، سادىقلىق، ۋەقە ـ سيۇژېتتىكى تىپىكلىك، مۇكەممەللىك، ئوبرازلار خاراكتېرىدىكى يارقىنلىق، تىلدىكى ئاددىي، جانلىقلىق ۋە مىللىي تۇرمۇش پۇرىقىغا بايلىق قاتارلىق جەھەتلەردە گەۋدىلىنىدىغان بولۇپ، بىز بۇلارنى قىسقىچە خۇلاسىلىسەك: تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە مۇكەممەل ۋەقەلىك ئارقىلىق ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى دېھقانلارنىڭ دەۋر ۋە ئۆزلىرىدىكى ماددىي، مەنىۋى ئاجىزلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېچىنىشلىق ھايات پاجىئەسىنى رېئالىزىملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىغا خاس چىن، يارقىن، سىدام تەسۋىر، كۈچلۈك لىرىك ھېسسىيات، جانلىق، ئوبرازلىق تىل ۋاسىتىسى بىلەن چوڭقۇر تىراگېدىيىلىك تۈستە ئېچىپ بېرىش — يېزا (سەھرا) پىروزىچىلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىك ئالاھىدىلىكىدۇر. بىز بۇ مەزگىلدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىشتىن يازغۇچىلارنىڭ رېئاللىققا بولغان كۈچلۈك ھېسداشلىقى ۋە كۆيۈنۈش ھېسسىياتىنى ئېنىق ھېس قىلالايمىز. بۇ ئەسەرلەردىكى ئوبرازلار ئاساسەن چىرىك كونا جەمئىيەت پەيدا قىلغان تەڭسىزلىك، زۇلۇم بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى ئاجىزلىق ئارىسىدا تېپىرلىغان، ئەمما ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا ئىمكان تاپالمىغان تىراگېدىيىلىك قەھرىمانلاردۇر. ئۇلارنىڭ قىسمەتلىك تەقدىرىگە دەۋرنىڭ قارا تامغىسى بېسىلغان بولسا، ئەسەرلەرگە قىزغىن گۇمانىزملىق روھنىڭ ھىدى سىڭگەن، يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىلاجسىزلىقىمۇ ئەسەردىكى ھېكايە مۇھىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن...

ئۇيغۇر يېزا پىروزىچىلىقىنىڭ 1949 ـ يىلدىن كېيىنكى تەرەققىياتى كۆپ خىل ئىدىيە، ھەرىكەتلەرنىڭ تەسىرىدە دەسلەپتە شەكىللەنگەن بۇ ئەندىزىدىن بۇرۇلۇش، ئايرىلىش ۋە قايتا تەشكىللىنىش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى.

شۈبھىسىزكى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈن جۇڭگو، جۈملىدىن ئۇيغۇر يېزىلىرى، دېھقانلار كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدىغان ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۈچۈن زور بۇرۇلۇش ئېلىپ كەلدى. بىز باشقا تەسىرنى تىلغا ئالمىساقمۇ، يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىدىكى تەشكىللىنىش پرىنسىپىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز. ئۇ زۇنۇن قادىرى، ئابلىز نازىرى، مۇھەممەتئىمىن توختايوپلارنىڭ قەلىمىدىكى يېزىلارغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. بىز فېي شياۋتۇڭ ئەپەندىنىڭ كۆزىتىشى بويىچە ئۇنى «كونكرېت مەقسەت ـ نىشانسىز، پەقەت بىرگە تۇغۇلۇپ ـ ئۆسۈش ئاساسىدا تەشكىللەنگەن جەمئىيەت» تىن «ئورتاق بىر ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن جەملەنگەن جەمئىيەت»[*]كە ئۆزگىرىش جەريانى دەپ بىلسەكلا كۇپايە. بۇ يەردىكى «ۋەزىپە» ئەلۋەتتە ئاددىي



هالدىكى بىرەر كونكرېت ئىش ئەمەس، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسى، سالاھىيىتى، دۇنيا قارىشى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، ھەتتا ئويى ـ خىيال، ئېستېتىك چۈشەنچىسىگىچە ھەممە نەرسىنى «ئورتاق ئورۇنلايدىغان ۋەزىپە» قاتارىغا كىرگۈزگەن ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆزگەرتىش جەريانىدۇر. «كومپارتىيە ئۈچۈن، ئۇنىڭ سىياسىي مەقسىتى بىلەن ئىقتىسادىي مەقسىتى ئارىسىدا تۈپلۈك زىددىيەت مەۋجۇت ئەمەس.»⑤ ئۇ ھەم ئىقتىسادىي جەھەتتىكى دۆلەتنى مۇستەھكەملەش، خەلقنى بېيىتىشتىن ئىبارەت «ئورتاق ۋەزىپە»نى تاماملىشى، ھەم يېڭى دۆلەتتە يارىشا دۆلەت ئېڭى، گىراژدانلىق مەسئۇلىيىتى، پۇقرالىق چۈشەنچىسىگە ئىگە، بىر بايراق ئاستىغا ئۇيۇشقان يېڭى «خەلق»نى يېتىلدۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت تېخىمۇ مۇھىم سىياسىي ۋەزىپىنى تاماملىشى كېرەك ئىدى. «يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ھەققەتەن ئېغىر تارىخىي ۋەزىپىگە دۇچ كەلگەنىدى. ئۇ نامرات، قالاق، كىلەڭسىز بىر دۆلەتتە ھاكىمىيەتنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىشى، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشى، دۆلەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى، دۆشمەنلەردىن ئېشىپ چۈشۈشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال گىراژدانلىق، پۇقرالىق ئېڭى يېتىلدۈرۈشى، يېڭىچە ھاكىمىيەتكە يارىشا يېڭى ئادەم بەرپا قىلىشى كېرەك ئىدى. سىياسىي ھاكىمىيەت ئەندىزىسىگە يارىشا ئىجتىمائىي قۇرۇلما يارىتىشى كېرەك ئىدى. ئۇزۇل ـ كېسىل، رەھىمسىز، كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەت قوزغىماي بۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ئېنىق ئىدى.»⑥ «ئورتاق ۋەزىپىنى تاماملاش ئۈچۈن جەملەنگەن جەمئىيەت» نىڭ تاماملايدىغان، ئورتاقلىققا، بىردەكلىككە كەلتۈرىدىغان، ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆزگەرتىپ، قايتىدىن قۇرۇپ، تەشكىللەپ، تاماملايدىغان «ۋەزىپە»سى ھەقىقەتەنمۇ غايەت زور ئىدى... شۇنداق قىلىپ پۈتكۈل جەمئىيەت ئۇزۇل ـ كېسىل قايتىدىن «ئىجتىمائىي ئىنقىلاب» دەۋرىگە كىردى. ئەدەبىياتمۇ، جۈملىدىن پىروزىمۇ ئۇنىڭ «تاماملايدىغان ئورتاق ۋەزىپە»سىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. يەنە كېلىپ ئۆزىگە خاس ئەكس ئەتتۈرۈش، ئىپادىلەش، بەدىئىي تىپ يارىتىش، كىشىلەرگە بەلگىلىك ئېستېتىك تەسىر كۆرسىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئەدەبىيات ئۆز نۆۋىتىدە «ۋەزىپە تاماملاش»نىڭ ئىنتايىن مۇھىم قورالى بولالايتتى... ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان يېزا پىروزىچىلىقىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى بىرىنچى باسقۇچلۇق ئالاھىدە خاراكتېرى مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ «ۋەزىپە» ئىچىدە بېكىتىلدى...

ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت يىغىندا سۆزلەنگەن نۇتۇقى» يېزا پىروزىلىرىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلىگەن مۇھىم نەزەرىيەۋى يېتەكچىدۇر. بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى «ئىشچى ـ دېھقان ـ ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش»تىن ئىبارەت مۇھىم كۆرسەتمە، ھەم ئازادلىقتىن كېيىن مەيدانغا چىققان سىياسىي لۇشيەنگە بويسۇنۇش، ھەممە سىياسىي ئېھتىياج ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىستىك رېئالىزم، ئىنقىلابىي رېئالىزم بىلەن ئىنقىلابىي رومانتىزم بىرلەشتۈرۈلگەن ئىجادىيەت قاراشلىرىنىڭ تەسىرى ئۇيغۇر يېزا پىروزىچىلىقىنىڭ ئەمدىلەتتىن شەكىللەندۈرگەن ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى زور دەرىجىدە بۇرۇنقەتتى... بىز بۇ مەزگىلدە مەيدانغا كەلگەن «تۇردى قاسىمنىڭ خۇشاللىقى»، «دېھقانلار تويى» (سەيپىدىن ئەزىزى)، «ساراڭ ساقايدى»، «ئۇ ئۆز يولىنى تاپتى»، «ئازاد يېزىنىڭ قىزى»، «دەسلەپكى قەدەم»، «كارىز پالۋانلىرى» (ئابلىمىت مەسئۇدى)، «چېنىقىش» (زۇنۇن قادىرى)، «سادىق بابكار»، «توغرا يول»، «پۇشايمان»، «سىناق»، «قەست»، «ئۆلگىمىز» (ئەرشىدىن تاتلىق)، «گۆرۈچ»، «ھاياتنىڭ باشلىنىشى»، «دەشتكە باھار كەلدى»، «كۈرەش داۋام قىلدۇ» (ئەخەت تۇردى) قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن كۆزىتىدىغان بولساق، يېزا پىروزىچىلىقىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى ئېنىق ھېس قىلالايمىز.

بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن يېزا پىروزىلىرى دىققىتنى دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئۇيغۇر يېزىلىرىدا يۈز بەرگەن چوڭ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرگە ھەمدە كىشىلەرنىڭ بۇ يېڭى دەۋردىكى يېڭىچە كىشىلىك مۇناسىۋەت ئۆزگىرىشىگە تۇتقان پوزىتسىيەسى، كەيپىياتى، روھىي ـ ھالىتى، كونكرېت ئىش ـ ئەمگەك ئەمەلىيىتىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلىرىنى يېزىشقا قاراتتى. ئۇ «كونا بىلەن يېڭى»دىن ئىبارەت سېلىشتۇرما ئەندىزىنى چۆرىدىگەن ھالدا تەبىئىي مۇھىتقىلا ئەمەس، يېزا ـ سەھرادىن ئىبارەت بۇ ياشاش بوشلۇقىنى ھەقىقىي مەنىگە ئىگە قىلغۇچى تەبىئىي «كۇلتۇرەل مۇھىت»نى ئومۇميۈزلۈك باھالاپ، تېما، ۋەقە، ئوبراز، ھەتتا ئىدىيەۋى خاھىش، ئېستېتىك قىممەت، ئۇسلۇبتىكىلىق ۋاستىلەرگىچە روشەن سىنىپىي، سىياسىي پۇراق سىڭگەن پىروزا ئەسەرلىرىنى مەيدانغا كەلتۈردى. دۆلەت ئىجتىمائىي سىستېمىدىكى ئەڭ ئەشەددىي ئىككى خىل شەكىل ھېسابلىنىدىغان «تەرتىپ ـ مىزانسىز جەمئىيەت» بىلەن «مۇراسىمچىل چوقۇنۇش جەمئىيىتى»⑦ نىڭ ھەر ئىككىسىگە خاس مەقسەتلا تەكىت-



لىنىپ، ئۇنىڭ ئىجراسىدىكى توغرا ـ خاتالىقىنى تەكشۈرۈپ
تۇرىدىغان كۈچ يوق، مۇتلەق ساداقەتلا تەكىتلىنىپ ئا-
قىۋەت نەزەرگە ئېلىنمايدىغان پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە تۇ-
رۇۋاتقان، يەنە كېلىپ سىياسىي پۈتكۈل ساھەگە قو-
ماندانلىق قىلىۋاتقان، ئەدەبىيات ـ سەنئەتمۇ، يازغۇ-
چىلارمۇ ئۇنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالغاچقا، يېزا پىرو-
زىلىرى قىممەت قاراش، خاھىش، ئىجادىيەت ئۇسۇلى،
ئېستېتىك يۈزلىنىش، ھەتتا ئىجادىيەت سۇبيېكتى جەھەتتىن
ئوخشىمىغان بۇرۇلۇشنى ئىپادىلىدى. دۆلەتنىڭ غايىسى
بىر پۈتۈن دەۋر تەرىپىدىن مۇتلەق ھەقىقەت دەپ قوبۇل
قىلىنغان، ھەتتا شەخسنىڭ ئارزۇ ـ ھېسسىياتىمۇ ئەنە شۇ
ئىدېئال غايە تەرىپىدىن مۇتلەق كونترول قىلىنغاندا،
ئەلۋەتتە بۇنداق بۇرۇلۇشنىڭ يۈز بېرىشى مۇقەررەر ئى-
دى. شۇنداق قىلىپ ئازادلىقتىن ئىلگىرى يېزا سەھرا پې-
روزىلىرىنىڭ رېئاللىقنى چىنلىق پىرىنسىپى ئاساسىدا ئىن-
چىكە تەسۋىرلەپ، قويۇق يەرلىك پۇراق ۋە مىللىي تۈس
ئىچىدىكى ئادەمنىڭ مۇرەككەپ تەقدىر تىراگېدىيەسىنى
ئېچىپ بېرىدىغان ئالاھىدىلىكى سۇسلىشىشقا باشلىدى.
ئۇنىڭ ئورنىغا شەكىللەنگىنى سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا
ۋە كوپېراتسىيە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۆرەشكە ئاتلانغان
جەڭگىۋار، جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ روھ، سۇلماس ئۈمىد
ۋە قايتماس ئىرادىگە ئىگە يېڭى ئەمگەكچىلەرنىڭ شانلىق
ئىش ئىزلىرىنى قىزغىن مۇھەببەت بىلەن كۈيلەشنى ئاساس
قىلغان، رومانتىزملىق تۈس بىلەن سۇغۇرۇلغان يېڭى
يېزا پىروزىچىلىقى بولدى. ئۇ ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ئېستې-
تىك ئالاھىدىلىك تەرىپىدىن ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلەرگە
ئىگە بولۇپ، ئۇ «شائىرانە ئىپادە سىياسىيسى» ئاساسىدا
ئېيتىلغان ۋە ھەقىقىي چىن رېئاللىقتىن پەرقلىنىپ تۇرىدى-
غان يېڭى بىر بەدىئىي رېئاللىق توقۇغان ئەدەبىيات بو-
لۇش سۈپىتى بىلەن يېڭى دەۋرنىڭ ياڭراق ئەمگەك ناخ-
شىسى ھېسابلىنىدۇ.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئاخىرلىشىشى دۆ-
لەت، دەۋر، خەلق ئۈچۈنلا ئەمەس، يېزا پىروزىچىلىق-
ىمىز ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە ۋەقە ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەدەبىياتقا
قويۇلغان تۆرلۈك چەك، توسۇق، تار ئۆلچەملەرنى بىكار
قىلىپ، يازغۇچىلارغا ئىجادىيەت ئەركىنلىكى بەخش ئەت-
تى. ئەدەبىياتنىڭ، جۈملىدىن پىروزىچىلىقىمىزدىكى غول
ئېقىن ھېسابلىنىدىغان يېزا پىروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغى-
مۇ كەڭرى ئىمكانىيەت ھازىرلاندى. نەتىجىدە قەييۇم
تۇردى، زوردۇن سابىر، ئابلىمىت سابىر، ئېزىز ساۋۇت،
سەمەت دۇگايلى، ئابلا ئەخمىدى، توختى ئايۇپ، جالال-
دىن بەھرام قاتارلىق يازغۇچىلار ئارقا ـ ئارقىدىن يېزا
تېمىسىغا دائىر بىر تۈركۈم ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ بىر
مەزگىللىك بۇرۇلۇش، ئۇزۇلۇش پاتقىقىغا پېتىپ قالغان
يېزا پىروزىچىلىقىنى ئۆز يولىغا قايتۇرۇپ كېلىش ۋە گۈل-
لەندۈرۈشتە ئاز بولمىغان تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى.
بولۇپمۇ قەييۇم تۇردىنىڭ «قىزىلتاغ ئېتىكىدە» («قىزىلتاغ
چىراغلىرى») رومانى، زوردۇن سابىرنىڭ «باھار بوۋاي-
نىڭ كۈنلىرى»، «قوبۇلخانىدا»، «خەزىنە»،«قوشنىلار»
ھېكايىلىرىنى بىر مەھەللىك تار، ئاددىي، قاتمال ھالەتتىن
قۇتۇلۇش جەريانىدىكى زور بۆسۈش، بۇرۇلۇش دېيىش
مۇمكىن. بۇ ئەسەرلەر تېما، قۇرۇلما، ئوبراز يارىتىش،
بايان سەنئىتى، ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكى قاتارلىق جەھەت-
لەردىن 1950 ـــ 1960 ـ يىللاردىكىدىن زور كەڭلىك،
چوڭقۇرلۇق ۋە بىر پۈتۈنلۈكنى ئايان قىلدى. نوقۇل سى-
ياسىي، سىنىپىي رامكىغىلا مىخلانغان سيۇژىت، ئوبراز
ئەندىزىسىنى بۇزۇپ، ئۇنى تۇرمۇش مۇرەككەپلىكىگە
ئىگە قىلدى. بولۇپمۇ ئۇزۇلۇپ قالغان «يەرلىك پۇراق
ۋە مىللىي تۈس»نىڭ يېزا پىروزىلىرىدا قايتىدىن ئۆز
ئورنىنى تېپىشى، ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىشى ئۈچۈن
زور تۆھپە قوشتى. لېكىن ئۇزاق مەزگىللىك يۇقىرى بې-
سىملىق سىياسىي ئاتموسفېرانىڭ تەسىرى ۋە ئۇنى بىر
خىل ئادەتلىق ـ ئاڭسىز ھالدىكى ئەدەبىيات چۈشەنچىسى
سۈپىتىدە قوبۇل قىلىۋالدىغان ئىجادىيەت سۇبيېكتىنىڭ
نەتىجىسىدە، بۇ ئەسەرلەر يەنىلا 1950 ـــ 1960 ـ يىللار-
دىكى رامكىدىن ھالقىپ چىقالمىدى. بولۇپمۇ قەييۇم تۇردى-
نىڭ «قىزىلتاغ ئېتىكىدە» رومانى بىلەن زوردۇن سابىر-
نىڭ «باھار بوۋاينىڭ كۈنلىرى»، «قوشنىلار» ھېكايىسى
ۋە بۇ ئىككىيلەننىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە ئېلان قىلغان
«كۆرەشچان يىللار» («تاڭ ئالدىدا»، «زەرەپشان ئۇس-
تىدە نۇر»، «باھار ناخشىسى») تىرىلوگىيەسى بىلەن
«ئاۋرال شامالىرى» رومانى ھەم باشقا بەزى ھېكايىلە-
رىدە ئەينى يىللاردىكى «كوپېراتىپ ئەندىزىسى»،
«ئەمگەك ئۆلچىمى»، ئۇقۇملىشىپ قالغان سىياسىي
قاراش ـ چۈشەنچىلەر، قاتمال ھالدىكى «كونا ـ يېڭى»
قېلىپى چوڭقۇر ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، يازغۇچىنىڭ
سۇبيېكتىپ ھېسسىياتى ۋە ئىدىيەۋى قارىشى بويىچە «تە-
بىئىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت»نى سىنىپىيلاشتۇرۇش
ياكى ئۇقۇملاشتۇرۇشتەك ئاجىزلىقلار ئىزچىللىق سۈپىتى-
دە داۋاملاشتى. بۇنى ئۇزۇن مەزگىللىك سىياسىي ـ ئىجتى-
مائىي دولقۇننىڭ يوشۇرۇن تەسىرى دەپ چۈشىنىش
مۇمكىن. ئەلۋەتتە تېخى يېڭى شەكىللىنىپلا غايەت زور

قايىنامغا چۈشۈپ كەتكەن ياش ئەدەبىي شەكىل، يۇمران نوتىنىڭ بۇنداق تەبىئىي كۆرۈلىدىغان ئىچكى ئاجىزلىقتىن بىراقلا ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلۇپ كېتىشى ناتايىن ئىدى. ھېلىمۇ ئۇيغۇر يېزا پىروزىچىلىقى مۇشۇ سىناق خاراكتېرلىك ئۇرۇنۇش، سىناق خاراكتېرلىك ئىزدىنىش ئارقىلىق 1950 — 1960 - يىللاردىكى ھەددىدىن زىيادە ئاددىي، تار تېما، سيۇژېت، قۇرۇلما، ئىپادىلەش شەكلىدىن بۆسۈش خاراكتېرلىك ھالقىش ھاسىل قىلدى ۋە تېخىمۇ رەڭگارەڭ ئىزدىنىش ئۈچۈن يول ئاچتى. بىز ئابلىمىت مەسئۇدى، ئەرشىدىن تاتلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن قېيۇم تۇردى، زوردۇن سابىرنىڭ 1980 - يىللارنىڭ بېشىدا يازغان ئەسەرلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باقساقلا تېمىدىكى كەڭلىك، ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى چوڭقۇرلۇق، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىكى ماھىرلىق، ئەسەر قۇرۇلمىسىدىكى مۇكەممەللىك، ۋەقە - سيۇژېتلاردىكى مۇرەككەپلىك، شۇنداقلا ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى پۇختىلىق، تورمۇش پۇرىقىدىكى كۈچلۈكلۈك، پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى يارقىنلىق، تىل - تەسۋىرلىرىدىكى جانلىق، ئوبرازلىقلىقنىڭ زور ئىلگىرىلەشكە ئېرىشكەنلىكىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز. ئەلۋەتتە، بۇ ھەرگىز يازغۇچىلارنىڭ بەدىئىي دىت - تالانتىنى سېلىشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى يېزا پىروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىدىكى قايتىدىن بۇرۇلۇش ۋە ئۆزىگە خاس ئېقىن ئۈستىدە ئىزدىنىش يولىدىكى نەتىجىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتۇر. لېكىن تەن ئېلىش كېرەككى، بۇ ئەسەرلەر 1950 — 1960 - يىللاردا مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەرنىڭ مۇقەررەر داۋامى ۋە ئاخىرقى ۋارىسلىرىدۇر. بىز ئۇلاردىكى كەڭلىك ياكى تارلىق، چوڭقۇرلۇق ياكى تېيىزلىق، ئاددىيلىق ياكى مۇرەككەپلىك، ئاجىزلىق ياكى كۈچلۈكلۈك دېگەندەك دەرىجە - سۈپەت ئۇقۇمىنى چۆرۈۋېتىپ، ئۇلارنىڭ تېما ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى، بۇ ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىدىيەۋى مەيدان، قىممەت قاراش، ئېستېتىك خاھىشى دېگەندەك تۈر - كاتېگورىيە ئۆلچىمى بويىچە قارايدىغان بولساق، بايقاش تەس ئەمەسكى، بۇ ئەسەرلەر ئاساسەن ئوخشاش ياكى يېقىن ئالاھىدىلىككە ئىگە. بولۇپمۇ ئادەمنىڭ ئورنى، رولى، تەقدىرى ۋە ئۇنىڭ مۇرەككەپ پسىخىكىسىنى يېزىش، تۇرمۇشنى ئىگىلەش ۋە ئۇنى بەدىئىي سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ بىر تەرەپ قىلىشتىكى قىممەت قاراش، ئېستېتىك پرىنسىپتا ئۇلار كۈچلۈك بىردەكلىك، ۋارىسلىققا ئىگە...

ئەلۋەتتە يېزا پىروزىچىلىقىنى قاتماللىق، ئاددىيلىق، تار ۋە ئۇقۇملاشقان چۈشەنچىلەرنىڭ قامالىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش ئۇرۇنۇشى توختاپ قالمىدى. سىناق، ئىزدىنىش ئاخىرى ئۈنۈم بەردى. زوردۇن سابىرنىڭ «قەرزدار»، «دولان ياشلىرى» ھېكايىلىرى يېزا پىروزىچىلىقىدىكى يېڭى نەزەر، يېڭى چۈشەنچە ۋە يېڭى ئېستېتىك تۇيغۇنىڭ ئاخىرى باش كۆتۈرگىنىدىن بېشارەت بەردى. بۇ ئەسەرلەر يېزا پىروزىچىلىقىغا خاس چىن، تەبىئىي تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش رېئاللىقىنى، مۇرەككەپ تىنىدۇرمىغا ئىگە كوپېراتسىيە ياكى كوللېكتىپ ئىدېئالىنىڭ ۋاكالەتچىسى ئەمەس، ئۆزىگىلا خاس نازۇك يۈرەك، كۆڭۈل ۋە تۇيغۇنىڭ ئىگىسى بولمىش ئىنسانىي خاراكتېرنى؛ مەستانىلەرچە كۆي - قەسىدە روھىغا كۆمۈلگەن رومانتىزمنىڭ ئاستىدا قالغان ساختا رېئالىزمنى ئەمەس، رېئاللىققا نىسبەتەن كۈچلۈك تەنقىدىي پوزىتسىيە، ئارىلىشىش مەيدانى تۇتالايدىغان ھەقىقىي رېئالىزمنى؛ تىراگېدىك روھنى؛ يەرلىك پۇراق، مىللىي تۈسنى؛ ئىنقىلابىي ئاۋانگارت ناخشىدا ئەسلىي رەڭگى يوقىلىپ كەتكەن سىنىپىي يېزىنى ئەمەس، تەبىئىي مۇھىت ۋە كۇلتۇرەل مۇھىتىنىڭ بىرلىكىدىن پۈتكەن، قاتتىق غۇربەتچىلىك ۋە مەنىۋى قەھەتچىلىك دەستىدىن بىچارىلەرچە شۇمشىيىپ قالغان ھەقىقىي يېزىنى؛ كوپېراتسىيە ئەمگەكچىسىنى، كوللېكتىپنىڭ ئىدېئال ئادىمىنى ئەمەس، يۈكسەك غايە بىلەن رەھىمسىز رېئاللىق ئارىسىدىكى چەكسىز تېگىرقاشتا تىراگېدىك تولغىنىپ تۇرغان رېئال ئادەم، تىپىك ئۇيغۇر دېھقىنىنى؛ يازغۇچىنىڭ قورقۇش، ئەيمىنىش ۋە ئاڭسىز ساداقەتتىن شەكىللەنگەن سۇبيېكتىپ قىزغىنلىقىنى ئەمەس، رېئال، ئەمەلىي، تەنقىدىي مەسئۇلىيەتتىن پۈتكەن ئوبيېكتىپ قايغۇسى ۋە ئەمەلىي ھېسداشلىقىنى قايتۇرۇپ كەلدى! يېزا پىروزىچىلىقى بىر خىللىقتىن رەڭدارلىققا، ھەر خىللىق ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئورتاق يۈزلىنىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى...

بىز ئۇيغۇر يېزا پىروزىچىلىقىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا قارايدىغان بولساق، بۇ ئېقىنغا نۇرغۇن يازغۇچىلارنىڭ قوشۇلغىنىنى ۋە ئاز بولمىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەنلىكىنى بايقايمىز. ھەقىقەتەنمۇ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يېزا پىروزىچىلىقىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئەڭ كۆپ مەزگىلى بولۇپ قالدى. بىز ۋەكىللىك يازغۇچى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن زوردۇن سابىرنىڭ «قەرزدار»، «دولان ياشلىرى»، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ»، «ئېھ، توپىلىق يول»، «بۇ يەر شۇنداق خىسلەتلىك»، «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە»، «تارىم

سۈيى كەينىگە ئاقمايدۇ»، «بوش كەلمە، تۇرپانلىق»، «خەيرلىك ئىش» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى؛ جالالىدىن بەھرامنىڭ «روزىمەت خۇشال»، «مېھرىگىياھ»؛ توختى ئايۇپنىڭ «قۇم باسقان دېڭىز»، «ئاھ يەر» قاتارلىق پوۋېستلىرى، نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ «بەش تۇپ سەگۇ تېرەك»، «ئالتۇن ۋەسۋەسىسى»، «ئاجايىپ كەسپىي ئائىلە»، «ئامانەت»، «شەھلا كۆز»، «قارلىغاچ ئۇۋا سالغان ئايۋاندا»، «ھېلىمنىڭ ھال ئېيتىشى»، «ئېشىپ قالغان بىر نامرات»، «قاغا بولۇپ قايتتى قارلىغاچ» قاتارلىق بىر ـ بىرىدىن ئېسىل ھېكايە ـ پوۋېستلىرى؛ ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئۇيغۇر يېزا پىروزىچىلىقىنى ئۆزگىچە يارقىن ئوبراز، يەرلىك پۇراق، مىللىي تۈس، تىراگېدىيلىك روھقا ئىگە قىلغان «ئاھ، رەھىمسىز دەريا»، «زېمىن قارا ئادەملىرىنىڭگە»، «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل»، «قىيامەتتە قالغان سەھرا»، «قۇملۇق تىترەۋاتىدۇ»، «مەن قان ئىچمەيتتىم»، «يېگانە ئارال»، «باياۋاننىڭ سىرى» قاتارلىق پوۋېست ـ رومانلىرى؛ ياسىنجان سادىق چوغلاننىڭ «ئېھ، سەھرا»، «قۇملۇق»، «قۇرۇپ كەتكەن دەريا»، «چىلان تۇپراق»، «داۋۇت داڭقان»، «بېلىقچى ھەققىدە ھېكايە»، «ئالتۇن جۇۋان» قاتارلىق ھېكايە ـ پوۋېستلىرى؛ ئابباس مۇنىيازنىڭ «خاسىيەتلىك زېمىن»، «ناۋاتخان» قاتارلىق ئەسەرلىرى؛ تۇرسۇنجان مۇھەممەتنىڭ «قۇرۇلتاشتىكى كۇنلەر»، «قۇدۇقتىكى ئاي شولىسى»، «كۆز يامغۇرى» قاتارلىق ئەسەرلىرى؛ مەتسېلىم مەتقاسىمنىڭ «باھار يەنە كېلىدۇ» ناملىق پوۋېستى؛ ئايمۇھەممەت ساھىبنىڭ «ھاكىم كەپىسى»، «ئاچچىق ئالما»، «بۇ يەرنىڭ سوغۇقى قاتتىق»، «خەير ـ خوش جىگدىلىك»، «قاياش»، «چۆل» قاتارلىق ھېكايىلىرى؛ ئەنۋەر مۇھەممەتنىڭ «لاي سۇ ئىچكەن جانلار» ناملىق پوۋېستى؛ ئابدۇكېرىم قادىرنىڭ «تۆتىنچى ئىراغا سەپەر» ناملىق رومانى... قاتارلىقلارنى تىلغا ئالالايمىز. بۇ ئەسەرلەر يېزا ـ سەھرا، دېھقانلار، يەر ـ سۇ، ئېكولوگىيە، مەدەنىيەت نۇقتىلىرىدىن چىقىپ يېزا پىروزىچىلىقىمىزنى تېما، بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەر، ئىستېتىك خاھىشلار جەھەتتىن زور كەڭلىك ۋە رەڭدارلىققا ئىگە قىلدى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھەقىقىي مىللىي ئالاھىدىلىكىنى تۇرغۇزۇشتا ئۆزگىچە ئىزدىنىش رامكىسى، خاسلىق، ئۇسلۇبلار بىلەن تەمىنلىدى.

بىز بۇ ئەسەرلەرنى ۋە يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى مەلۇم بىر ئورتاق سۈپەت بىلەنلا خۇلاسىلىيەلمەيمىز. ناۋادا 1950 ـ يىللاردىن 1980 ـ يىللارغىچە داۋاملاشقان يېزا پىروزىچىلىقىدىكى ئومۇمىي ئالاھىدىلىكنى سىنىپىيلىق ياكى ئىنقىلابىيلىق دېسەك، ئۇندىن كېيىنكى يېزا پىروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىيات شەكلى ۋە ئالاھىدىلىكىنى بۇنداق بىر گەپ بىلەنلا ئومۇملاشتۇرۇش قىيىن. بىز پەقەت ئۇنى ھەر خىللىق، رەڭگارەڭلىك ياكى ھەر خىللىقنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇشى دېيەلىشىمىز مۇمكىن. بىز ئۇنىڭدىن خاراكتېر يارىتىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان يېزا پىروزىلىرىدىنمۇ، يېزىلاردىكى قويۇق ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ساپ كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى تەسۋىرلەشنى ئاساس قىلغان ئەسەرلەرنىمۇ؛ يېزا ـ دېھقانلار دۇچ كېلىۋاتقان ئاچچىق رېئاللىقنى ئېچىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان ئەسەرلەرنىمۇ؛ يېزا بىلەن شەھەر، ھۆكۈمەت بىلەن ئاۋام، كادىر بىلەن پۇقرا، زامانىۋىلىق بىلەن ئەنئەنە، سىياسەت ـ تۈزۈم بىلەن يەرلىك ئادەت، مىللىي چۈشەنچىلەر ئارىسىدا كۆرۈلۈۋاتقان ھەر خىل يىمىرىلىش، زىددىيەت ـ توقۇنۇشلارنى تەسۋىرلەشنى تۈپ نىشان قىلغان ئەسەرلەرنىمۇ ئۇچرىتىمىز. يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر پىروزىچىلىقى ھەققەتەن ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن خەلقىمىزنىڭ ماددىي ـ مەنىۋى ھاياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئوخشىمىغان ئۇسۇللاردا ئەكس ئەتتۈرۈپ، يېزا پىروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى جانلىقلىق ۋە رەڭدارلىققا ئىگە قىلدى. شۇنداقلا رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش؛ مۇئەييەن ۋەقە ـ ھادىسىلەر ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ھاياتىدىكى ئۆزگىرىش، زىددىيەتلەرنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىپ؛ يەرلىك پۇراق ۋە مىللىي تۈسنى ھەقىقىي ئادەم ـ يارقىن خاراكتېر، ئۆتكۈر زىددىيەت، سىدام تىل، بولۇپمۇ بەلگىلىك تىراگېدىيلىك تۈس ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ، يېزا(سەھرا)لار دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا كۈچلۈك ئارىلىشىش مەيدانى ۋە تەنقىدىي پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلىگەن، ئەدەبىياتىمىزدىكى كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ تارتىدىغان ئەدەبىيات ھادىسىسىگە ئايلاندى.

بىز ئۇيغۇر يېزا پىروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا قارىساق شەكىللىنىش، بۇرۇلۇش ۋە قايتا يول تېپىشتەك ئۈچ تەرەققىيات ھالىتىنى بايقايمىز. بۇ ئۈچ ھالەت بىر پۈتۈن يېزا پىروزىچىلىقىنىڭ تارىخىدا ئۆزىگە خاس ئۈچ خىل تەرەققىيات شەكلىنى مەيدانغا چىقارغان. ئۇ ئورتاق بىر ئەدەبىيات ھادىسىسى بولسىمۇ، لېكىن يەنە ئۆز ئالدىغا خاس بەزىبىر ئالاھىدىلىكنى روياپقا چىقارغاچقا، ئۇنى بىر نام بىلەنلا تۈرلەش ياكى ئورتاق ئالاھىدىلىك خۇسۇسىدا بايان قىلىش سەل قىيىن. شۇڭا ئۇنى ئەسەرلەردە ئىپادىلەنگەن ئالاھىدىلىكلەرنى تۇتقا قىلىپ

ئايرىپ كۆزىتىش تېخىمۇ بەك ئەھمىيەتلىك بولۇشى مۇمكىن. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئالاھىدىلىك ۋە تەرەققىيات جەريانىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يېزا (سەھرا) ۋە دېھقانلارنىڭ ھاياتىدىكى ھەر خىل ئۆزگىرىش، زىددىيەتلەرنى رېئاللىزملىق ئۇسۇلغا خاس چىن، يارقىن تەسۋىر، كۈچلۈك لىرىك ھېسسىيات، جانلىق، سىدام تىل ۋاستىسى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشنى ئورتاق ئالاھىدىلىك قىلغان پىروزا ھادىسىسىنى سەھرا پىروزىلىرى، يېڭى يېزا پىروزىلىرى ۋە يېزا پىروزىلىرى دەپ ئۈچكە بۆلۈش مۇمكىن.

**سەھرا پىروزىلىرى** — ئاساسلىقى ئازادلىقتىن ئىلگىرى مەيدانغا كەلگەن «ماغدۇر كەتكەندە»، «مۇڭلۇق ئالچۇق»، «قانلىق يەر» قاتارلىق ئازلا ئەسەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئەسەرلەرنى «سەھرا» دېگەن نامدا ئاتاشتا ئۇنىڭ دەۋرىي، بەدىئىي ئالاھىدىلىكى كۆزدە تۇتۇلغان. ئەلۋەتتە، بۇ ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن دەۋر ئوخشىمايدۇ. بۇ يەردىكى دەۋرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئەسەردىكى دەۋرنىڭ ئوخشىماسلىقى، ئەسەر يېزىلغان دەۋرنىڭ ئوخشىماسلىقى، ئەسەردە ئىپادىلەنگەن ئىدىيەۋى خاھىش، قىممەت قاراش ۋە ئېستېتىك ئۇنۇمنىڭ ئوخشىماسلىقى قاتارلىق ئامىللار سىڭىپ كەتكەن. كۆپ خىل سىياسىي كۈچلەر بىر - بىرى بىلەن توختاۋسىز تىركىشىپ تۇرۇۋاتقان دەۋر. بۇ خىل تۇراقسىزلىق بەئەينى يىراق سەھرادىكى ئەسكى جاڭگالغا ئوخشايدۇ. ئۇ يەردە قارا بورانمۇ مەۋجۇت، سەلكىن شامالمۇ؛ ئازغان تىكەنمۇ بار، رەڭگارەڭ گۈللەرمۇ مەۋجۇت؛ ئۇ يەر توشقانغىمۇ ئۇۋا، يىرتقۇچ قاۋانغىمۇ؛ ئۇيەردىن ئوتۇنچىمۇ مەنپەئەتلىنىدۇ، ئوۋچىمۇ نېسىۋىسىگە ئېرىشىدۇ، ئاچ كۆز بەگ - بايلار ياكى ھۆكۈمدارلار بىھېساب بايلىقىمۇ شۇلۇۋالايدۇ؛ ئۇنى دېھقانمۇ مېنىڭ دەيدۇ، قاۋانمۇ مېنىڭ دەيدۇ؛ يولدىن بىخەۋەر ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يولۇچىمۇ ئۆز ھاجىتىگە يارىشا ئۇنىڭغا تەۋەلىك بىلدۈرىدۇ. ئۇ ئۆزىگە ئۆزى ئىگە ئەمەس، بۇ تەقدىرنى قانداق ھەل قىلىشنىمۇ ئۇقمايدۇ. سەھرادىكى بۇ جاڭگالنىڭ يولۇققان تەقدىرى ھەم ئۆزىدىكى، ھەم ئۆزىدىن سىرتقى كۈچ ئامىللار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. باقىنىڭ، نىيازنىڭ، سادىقنىڭ تىراگېدىيەلىرى مانا شۇ سەھرادىكى قىسمەتكە ئوخشايدۇ. ئۇلار ھەممە تەرەپتىن تالان - تاراج قىلىنغان، ئەمما بۇنىڭغا كىمنىڭ ئىگە بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان، بۇنداق ئېغىر قىسمەتتىن قانداق قۇتۇلۇشنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدىغان تىراگېدىك پېرسوناژلاردۇر. بۇ ئىلاجسىزلىققا ئاپتورنىڭ ھېسداشلىقى سىڭگەن، لېكىن ئۇلارمۇ نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ، ئەسەردىكى بايانچىمۇ كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. تەرەپ - تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئېزىش، خورلۇق، تەڭسىزلىك، زۇلۇم ۋە يوقسۇزلۇق، مەنىۋى نامراتلىق ۋە قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى چەكسىز ئۈمىدسىزلىك ئەسەرنىڭ پۈتكۈل ئەندىزىسىنى چۈمكەپ تۇرىدۇ. ھېچقانداق نۇر، يورۇقلۇق، ئۈمىد كۆرۈنمىگەن ھالدىكى چەكسىز ئۈمىدسىزلىك ۋە بار - يوق كەلگۈلۈكنى ئۈنسىز كۈتۈۋاتقان پەيتتىكى قورقۇنچلۇق جىمجىتلىق ئىچىدە سەھرا پىروزىلىرىدىكى پېرسوناژلارمۇ ھەم يازغۇچىمۇ بېشىنى ئېگىشكە مەجبۇردۇر. ئۇلارنىڭ ئۈمىدسىزلىككە بولغان چەكسىز ئۈمىدسىزلىكى ئارقىلىق بىر دەۋرنىڭ ئاجىزانە قارشىلىقىنى نامايان قىلىش سەھرا پىروزىلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇق لوگىكىسىدۇر. يوشىمى تاكئوچى لۇشۈننىڭ زۇلمەت باسقان دەۋردىكى ئىلاجسىزلىقى، تېڭىرقىشى، ئۈمىدسىز كەيپىياتى ھەققىدە توختىلىپ: «ئۈمىدسىزلىك — ماڭىدىغان يول قالمىغان ۋاقىتتىكى قارشىلىقتا ئىپادىلىنىدىغان نەرسە؛ قارشىلىق — ئۈمىدسىزلىكنىڭ ھەرىكەت شەكلىدە ئىپادىلىنىشى. ھالەت سۈپىتىدە كۆزىتىلسە ئۈمىدسىزلىك؛ ھەرىكەت سۈپىتىدە قارالسا قارشىلىقتۇر»[1] دېگەنىدى. بىز سەھرا پىروزىلىرىدىن ئەنە شۇ جاڭگالدەك قاراڭغۇلۇق ۋە «ماڭىدىغان يول» قالمىغان چاغدىكى چەكسىز ئىلاجسىزلىقنى، يازغۇچىلارنىڭمۇ تەڭقىسلىقىنى سېزىمىز. مانا شۇ تەڭقىسلىق ھالىتىدىن بىر خىل ئىزدىنىش، ئىنتىلىش، تەلپۈنۈش، بۇ چەكسىز قاراڭغۇلۇق ۋە بۇلاڭ - تالاڭدىن قاڭقىپ چىقىپ كېتىش تەقەززاسى چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە كېيىنكى يېزا پىروزىسىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئومۇمىي ئالاھىدىلىكتۇر.

**يېڭى يېزا پىروزىلىرى** — بۇ ئاساسلىقى 1950 - يىللاردىن 1980 - يىللارغىچە مەيدانغا كەلگەن سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش، يەر ئىسلاھاتى، كوپېراتسىيەلىشىش، يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىنى چۆرىدىگەن ھالدا، دېھقانلار ۋە يېزىلارنىڭ قىياپىتىدىكى تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئاساس، «يېڭى ئادەم، يېڭى روھ، يېڭى تىپ ۋە يېڭى ئىماگ» تىكلەشنى مەقسەت، كۈچلۈك رومانتىزىملىق تۈس، ئېنىق سىنىپىي مەيدان ۋە جەڭگىۋار روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان «ئەمگەك»نى مەركەز قىلغان بىر قاتار ئىدىيەۋى، ئېستېتىك پرىنسىپلار ئاساسىدا مەيدانغا چىققان ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. يېڭى يېزا پىروزىلىرى تېما، ئوبراز جەھەتتىن ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئىپادىلەش

ئۇسۇلى، ئىدىيەۋى خاھىش، بەدىئىي ۋاستە، قىممەت قاراش، ئېستېتىك ئۆلچەم، ھەتتا ھېكايە شەكلى، مۇھىتى قاتارلىق جەھەتلەردىنمۇ سەھرا پىروزىلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇردى. ئۇ ئۆزگىچە ئېتىم سىستېمىسى ئىچىدە مەيدانغا كەلگەن ھادىسە بولۇش سۈپىتى بىلەن تىراگېدىيەگە ئەمەس، كۆچلۈك ئۈمىد، جەڭگىۋار روھ، ئۈستۈن كەيپىياتقا تولغان؛ پېرسوناژلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرى، جەمئىيەتتىكى ئورنى، ۋەزىپىسى، بۇرچى ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە كىشىلەردۇر، ياكى قىزغىن، غايىلىك، ئىرادىلىك ئەمگەكچىلەردۇر. ئۇلار دەۋرگە بولغان مىننەتدارلىق، بۈگۈنگە بولغان ئىشەنچ، ئەتىگە بولغان ئۈمىدتىن قوپۇرۇلغان سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋرنىڭ ئاۋانگارت قۇرغۇچىلىرى بولۇپ، سەھرا پىروزىلىرىدىكى يىراق ئۆتمۈشكە تالىق ئەسلىمىلەردىن باشقا ھېچنېمىسى قالمىغان، بۈگۈنى زۇلمەتلىك، ئەتىسى تېخىمۇ قاراڭغۇ؛ ئۆتمۈشىمۇ، بۈگۈنىمۇ نامەلۇم؛ كېلىچەكىمۇ يەلكىسىدىن مەھكەم بېسىپ تۇرغان ئىلاجسىز پېرسوناژلارغا ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئىپادىلەيدىغان بەدىئىي، ئېستېتىك ئۇنۇممۇ ئوخشىمايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە تېما، سيۇژېتتىكى ئەمەس، دەۋر تارتۇقلىغان ئىپادىلەش ئىستراتېگىيەسى ۋە گۈزەللىك قارىشى، بەدىئىي ئۆلچەم بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

يېزا پىروزىلىرى — يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن يېزىلاردا، دېھقانلارنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن ئۆتكۈر، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كۆچلۈك تەنقىدىي تۈس، ئارىلىشىش مەيدانى، چىن، تەبىئىي تەسۋىر، چوڭقۇر ھېسسىيات، جانلىق، سىدام تىل بىلەن تىراگېدىك يۈكسەكلىكتە ئېچىپ بېرىپ، يېزىلارنىڭ يەرلىك پۇراق ۋە مىللىي تۈسىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى تۈپ ئالاھىدىلىك قىلغان ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. يېزا پىروزىلىرى سەھرا پىروزىلىرىغا ئوخشىمايدۇ، يېڭى يېزا پىروزىلىرىدىن تېخىمۇ پەرقلىنىدۇ. ئۇ يېزا (سەھرا) نى ھەقىقىي مەنىدە تونۇغان ۋە چىن، رېئال ئىگىلىگەن پىروزا ھادىسىسىدۇر. ئۇ سەھرا پىروزىلىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە بىۋاستە ۋارىسلىق قىلدى ھەم ئۇنى كېڭەيتتى، شۇنداقلا يېڭى يېزا پىروزىلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، كەمچىلىكلىرىنى يېڭىپ، ئۇنىڭ تار چەكلىمىسىدىن ھالقىپ چىقىپ، ھەقىقىي يېزا (سەھرا)نىڭ تەبىئىي مۇھىت بىلەن كۈلتۈرەل مۇھىتىنىڭ بىرلىكىدىن پۈتكەن مۇرەككەپ، كۆپ قىرلىق ئىچكى قاتلىمىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەردى. يېزا پىروزىلىرى دېھقانلار ۋە يېزىلاردىكى ھەر قانداق ئۆزگىرىشكە كۆزنى يۇمۇپ تۇرۇپ چاۋاك چالمىدى، قارىغۇلارچە مەدھىيە ئوقۇمىدى، بەلكى يېزىلاردا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ھەر بىر سىياسەت، ھەر بىر تۈزۈمنىڭ تەبىئەتكە ۋە كۈلتۈرەل مۇھىتقا ئېلىپ كېلىدىغان ئاقىۋىتى ھەققىدە تەنقىدىي ئويلاندى، ھەرقاچان تەنقىدىي ئارىلىشىش مەيدانىنى ئىپادىلىدى. پېرسوناژلارنىڭ (يالغۇز دېھقانلارنىڭلا ئەمەس، يېزا ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەنە قاتلىمى كەڭ ۋە مۇرەككەپ بولغانلىقتىن، يېزا پىروزىلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئۇقۇم دائىرىسىمۇ كەڭدۇر) تىراگېدىيەسى ئارقىلىق، ئادەمنىڭ قىممىتى، ئورنى ۋە ئۇ يولۇققان پاجىئەلەرنىڭ يىلتىزى ھەققىدە ئويلاندى. سەھرا پىروزىلىرىدىن پەرقلىنىدىغان يېرى يېزا پىروزىلىرىدىكى پېرسوناژلار ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنى ياخشىلاش ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىدۇ، قايتا ـ قايتا مەغلۇپ بولسىمۇ يەنە جاھىلانە تىركىشىدۇ. ئۆزلىرى دۇچ كېلىۋاتقان پاجىئەنىڭ يىلتىزىنى تولۇق چۈشەنسۇن ـ چۈشەنمىسۇن، ئىنسانغا خاس نازۇك ھېسسىياتى، مۇرەككەپ خاراكتېرى، مەنىۋى سۈپەتلىرىگە تايىنىپ تۇرۇپ بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتىنى يېڭىلاش يولىدا ئىزدىنىدۇ. يازغۇچىلارنىڭ ئىدىيەۋى مەيدان ۋە ئېستېتىك قىممەت يۈزلىنىشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئۇ مەۋجۇت پاجىئەلەرگە قارىتا كۆچلۈك ئارىلىشىش، تەنقىد، ھېسداشلىق، ھەتتا مەرىپەتچىلىككە خاس يول كۆرسىتىش، يېتەكلەش مەيدانىنى ئىپادىلەيدۇ. يېزا پىروزىلىرىدىكى ئاپتورنىڭ مەيدانى يېڭى يېزا پىروزىلىرىنىڭكىدىن دەۋر ـ ئاپتور ـ ئەسەرلەر ئارىسىدىكى مۇتلەق مەنىدىكى بىرلىك زەنجىرىدىن پۈتكەن ئەمەس، ئۇ دەۋر بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ھارماس تەنقىدچى، كۆچلۈك ئارىلاشقۇچى، شۇنداقلا يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئېغىر ئىلاجسىزلىق، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تىپىرلىغۇچىدۇر. بۇ ھال يېزا پىروزىلىرىنى ئۆتكۈر تەنقىدىي تۈس، كۆچلۈك ئارىلىشىش مەيدانى ۋە تىراگېدىك روھقا ئىگە قىلغان.

قىسقىسى، يېزا (سەھرا) پىروزىچىلىقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى كۆچلۈك ئىجادىيەت ئەنئەنىسى ۋە خاس بەدىئىي ئالاھىدىلىككە ئىگە پىروزا ھادىسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن سەھرا پىروزىلىرى، يېڭى يېزا پىروزىلىرى، يېزا پىروزىلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل مەۋجۇتلۇق شەكلىنى نامايان قىلدى. ھەر بىر پىروزا شەكلى ئۆزىگە تۇشلۇق قىممەت يۈزلىنىشى ۋە ئېستېتىك خاسلىقنى ئىپادىلەپ، يېزا پىروزىچىلىقىنى تېخىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە قىلدى ھەمدە ناھايىتى مۇرەككەپ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، كۈلتۈرەل مەنە مۇناسىۋەتلەر جۇغلانغان يېزا

(سەھرا) دىكى ھاياتنى ئوخشىمىغان ئۇسۇللار بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. بىز يېزا پىروزىچىلىقىنىڭ ئۆچ خىل تەرەققىيات شەكلىنى يەنىمۇ ئىنچىكە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىدىيەۋى خاھىش، بەدىئىي يۈزلىنىش، ئېستېتىك تاللاشلارنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى، شۇنداقلا يازغۇچىلىرىمىزنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭى، ئەدەبىيات چۈشەنچىسىدىكى بۇرۇلۇشلارنىڭ قاتلىمىنى تېخىمۇ ئېنىق يېشىپ بېرەلەيمىز.

---

ئىزاھاتلار:


① فېي شىياۋتۇڭ: «يېزا جۇڭگوسى. تۇغۇت تۈزۈمى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 - يىل نەشرى، 9 - بەت.

② رايموند ۋىلىيامس: «كۇلتۇر ۋە جەمئىيەت»، جىلىن نەشر گورۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، 2011 - يىل نەشرى، 108 - بەت.

③ ژان ژاك روسو: «ئىنسانلار تەڭسىزلىكىنىڭ مەنبەسى»، شاڭخەي ئۈچ بىرلەشمە كىتابخانىسى، 2009 - يىل نەشرى، 94 - بەت.

④ چېن گوخې: «1990 - يىللاردىن بۇيانقى يېزا پىروزىلىرىدا چاغداشلىق»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 2008 - يىل نەشرى، 5 - بەت.

⑤ جوز لېپېز، جون سكوت: «ئىجتىمائىي قۇرۇلما»، جىلىن خەلق نەشرىياتى، 2007 - يىل نەشرى، 2 - ، 4 - بەتلەر.

⑥ پىراسېنجىت دۇئارا: «مەدەنىيەت، ھوقۇق ۋە دۆلەت»، جياڭسۇ خەلق نەشرىياتى، 2010 - يىل نەشرى، 13 - بەت.

⑦ ئېلېيىن بولدۇېن قاتارلىقلار: «كۇلتۇرال تەتقىقاتقا كىرىش»، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، 2004 - يىل نەشرى، 138 - بەت.

⑧ يۇقىرىقى كىتاب، 139 - بەت.

⑨ رايموند ۋىلىيامس: «كۇلتۇر ۋە جەمئىيەت»، 13 - بەت.

⑩ يۇقىرىقى كىتاب، 337 - بەت.

⑪ تاۋ دوڭفېڭ، خې شى: «كۇلتۇرال تەتقىقات»، گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 - يىل، نەشرى، 2 - بەت.

⑫ ئېلېيىن بولۇۋېن قاتارلىقلار: «كۇلتۇرال تەتقىقاتقا كىرىش»، 141 - بەت.

⑬ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

⑭ رايموند ۋىلىيامس: «ماركسىزم ۋە ئەدەبىيات»، خېنەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008 - يىل نەشرى، 143 - بەت.

⑮ ئېلېيىن بولۇۋېن قاتارلىقلار: «كۇلتۇرال تەتقىقاتقا كىرىش»، 143 - بەت.

⑯ لوگاڭ قاتارلىقلار: «كۇلتۇرال تەتقىقات ئوقۇشلۇقلىرى»، 348 - بەت.

⑰ جوۋ شيەن: «كۆرسەل كۇلتۇردىكى بۇرۇلۇش»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008 - يىل نەشرى، 92 - بەت.

⑱ ئازاد سۇلتان، كېرىمجان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 - يىل نەشرى، 57 - بەت.

⑲ ئازاد سۇلتان: «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،1997 - يىل نەشرى، 114 - بەت.

⑳ ئەنۋەر ئابدۇرېھىم: «ئۇستازدىن قالغان ئېسىل مىراس»، «يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2000 - يىل نەشرى، 11 - بەت.

㉑ مۇھەممەت پولات: «زۇنۇن قادىر ئىجادىيىتىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى» ۋە « زۇنۇن قادىر ئەسەرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،2006 - يىل نەشرى،6 - بەتتىن 10 - بەتكىچە.

㉒ نۇرمۇھەممەت زامان: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» —4 قىسىم، «ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى قىسمى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1995 - يىل نەشرى، 328، 321- بەتلەر.

㉓ ئابلىز نازىرىنىڭ بۇ ھېكايىسى 1949 - يىلى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئورگان گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان. ئاپتورنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2004 - يىل نەشر قىلىنغان «كۆڭلۈم سەندىدۇر» ناملىق توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن. 146 - 144 - بەتلەر.

㉔ مۇھەممەت پولات: «ئابلىز نازىرى بەدىئىي ئىجادىيىتىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىزدا تۇتقان ئورنى»، « ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە مۇھاكىمە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 - يىل نەشرى، 279 - ، 280 - بەتلەر.

㉕ كېرىمجان ئابدۇرېھىم: «بىر خىل سيۇژېت شەكلىنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىزچىللىقى ھەققىدە»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە مۇلاھىزىلەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2012 - يىل نەشرى، 79 - بەت.

㉖ ئازاد سۇلتان قاتارلىقلار: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، (1 - كىتاب)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 - يىل نەشرى، 146 - ، 147 - بەتلەر.

㉗ فېي شياۋتۇڭ: «يېزا ئالاھىدىلىكى»، «يېزا جۇڭگوسى. تۇغۇت تۈزۈمى»، 9- بەت.

㉘ فېي جىڭچىڭ (ئامېرىكا) قاتارلىقلار: «كامبىرىج جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخى (19649—1962)»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1990 - يىل نەشرى، 100 - بەت.

㉙ نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن : «»تارىخنىڭ ئەرۋاھى، بوسۇلغەن تور ۋە ئۆلمەس ئۇتوپىيە»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 2012 - يىل 4 - سان. 20 - ، 40 - بەتلەر

㉚ جوز لوپېز، جون سكوت: «ئىجتىمائىي قۇرۇلما»، جىلىن خەلق نەشرىياتى، 2007 يىل نەشرى، 50 - بەت.

㉛ يوشىمى تاكېئۇچى: «زامانىۋىلىقنى يېڭىش»، بېيجىڭ ئۈچ بىرلەشمە كىتابخانىسى، 2005 - يىل نەشرى، 206 - بەت.



ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى



# ئۇيغۇر تور ئەدەبىياتىنىڭ ئوبيېكتى ۋە سۇبيېكتى



ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى



**مەن نېمىشقا يېزىقچىلىق قىلىدىغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى بىلمەن. ئىچىم پۇشقانلىقتىن يېزىقچىلىق قىلىشىم مۇمكىن. لېكىن يېزىقچىلىق قىلىشتىكى مەقسىتىم ئىچ پۇشۇقنى چىقىرىش ئۈچۈن ئەمەس. ئىچ پۇشۇقى ئۈچۈن يازىدىغانلار بار، ھېچقانداق مەقسەتسىز يازىمەن، يازسام ئىچىم بوشاپ قالىدۇ دەيدىغانلارمۇ بار. يېزىقچىلىق مېنىڭ ئۆز ئاۋازىمنى ئاڭلىتىشتىكى بىر ئۇسۇلۇم، خالاس.**

تور ئەدەبىياتى بولغان ئىكەن ئۇنىڭ يازغۇچىلىرى ۋە ئوقۇرمەنلىرى بولىدۇ. تور ئەدەبىياتى يەنە كېيىن كېلىپ چىققان بىر تۈر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت سۇبيېكتى ۋە ئوبيېكتى بولىدۇ. دېمەك، ئۇنى تەتقىق قىلىش مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، تور ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىيەت سۇبيېكتى بولغان تور ئەدەبىياتىنىڭ يازارمەنلىرى يېزىش مۇددىئاسى ۋە تەربىيەلىنىش سەۋىيەسى، ئەدەبىياتنى چۈشىنىش دەرىجىسى بويىچە ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتتىكى يازارمەنلەر بىلەن كەسكىن پەرقلىنىدۇ. تور ئەدەبىياتىنىڭ ئوقۇرمەنلىرىمۇ پسىخىك خاراكتېرى ۋە تەربىيەلىنىشى، ياش قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتنىڭ ئوقۇرمەنلىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ. بىز بۇ ماقالىمىزدا مەخسۇس تور ئەدەبىياتىنىڭ سۇبيېكتى بولغان تور يازارمەنلىرى ۋە ئۇنىڭ ئوبيېكتى بولغان تور ئوقۇرمەنلىرى ھەققىدە مەخسۇس توختىلىمىز. بۇلارنى ئىلمىي چۈشىنىش تور ئەدەبىياتىنى ئىلمىي چۈشىنىش ئۈچۈن بەكمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

## تور ئەدەبىياتى يازارمەنلىرىنىڭ ئەھۋالى

ئۇيغۇر تور ئەدەبىياتىنى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ۋە 21 ـ ئەسىرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يىللىرى رەسمىي شەكىللەندى، دەپ قارايدىغان بولساق، بۈگۈنكى كۈندە 2010 ـ يىلىغا قەدەر تەخمىنەن ئون يىلنى بېسىپ ئۆتتى. مۇشۇ ئون يىل ئىچىدە يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كۆلەملەشتى، گۈدەكلىكتىن پىشىپ يېتىلدى. ھەتتا ئەنئەنىۋى مەتبۇئاتلارنىڭ ئەدەبىياتى بىلەن ھۆسن تالىشىدىغان مەنزىرە ھاسىل قىلدى. ھەتتا توردىكى بەزى ئەسەرلەرنىڭ ئوقۇلۇش قېتىم سانى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كۆپ بولۇپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە بىرەر مىليون قېتىملىق چېكىلىش قېتىم سانىدا (بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان چېكىلىش قېتىم سانى بىلەن كۆرگەن ئادەم قېتىم سانى بىر سان ئەمەس، ئۇنى باراۋەر دەپ قاراشقا بولمايدۇ) رېكورت يارىتىپ، تەسىر جەھەتتە ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتتىن ھالقىپ كەتتى. ئەرتۇركنىڭ «زىنا ئالدىدا ئولتۇرغان قىز»، «كاۋاپچىنىڭ چىرايلىق خوتۇنى» دېگەن رومانلى-

ري دەل مانا مۇشۇ جەرياندا بارلىققا كەلگەن ئەڭ مۇ-
نەۋۋەر ۋە ئوقۇشچانلىقى كۈچلۈك تور رومانلىرىدۇر.
ھەتتا تورنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ھازىرجاۋابلىقى بەزى تور
يازغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇرمەننى جەلپ قىلىش ئۈچۈن روما-
نىڭ سيۇژېت قۇرۇلمىسىنى يېڭىلىشىغا، ئەڭ يېڭى ۋە
جەلپكار شەكىللەرنى ئىجاد قىلىشىغا سەۋەب بولدى. بىز
تۆۋەندە تور يازارمەنلىرى ھەققىدە بىر نەچچە تېمىدا
ئايرىم توختىلىمىز. ئەلۋەتتە، قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىشكە
ئەرزىيدىغان بىر مەسىلە تور ئەدەبىياتىنىڭ شائىر - ياز-
غۇچى ۋە ھەۋەسكارلىرىنى يازارمەن دەپ ئاتاش مەسى-
لىسى. ئەسلىي ئۇلارنى ئۆزى يازغان ژانىرىنىڭ تەۋەلىكى
بويىچە شائىر ۋە يازغۇچى دەپ ئاتىغان بولساق توغرا
بولاتتى. لېكىن شائىر ۋە يازغۇچىلىق مۇقامىغا يەتمەك
ئۈنچە ئوڭاي ئىش بولمىغاچقا، شۇنداقلا ئۇيغۇر جامائىتى
بىر - ئىككى پارچە شېئىر ۋە يازما بىلەن شائىر ۋە ياز-
غۇچى بولغىلى بولىدۇ دەپ قارىمىغاچقا، ئۇلارنى ئۇيغۇر
تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە يېڭى ياسالغان سۆز «يازار-
مەن» دەپ ئىپادە قىلىشنى لايىق كۆردۈم. بۇنداق دې-
سەك، بىرىنچىدىن، توردا يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىد-
غان ھەممە ئادەمنى شۇنداق ئاتاشقا لايىق كېلىدۇ. ئىك-
كىنچىدىن، توردا يەنە يازغۇچى - شائىر دەپ ئاتىسا
مۇۋاپىق كەلمەيدىغان، لېكىن تېخى ژانىرى ھەققىدە ئېنىق
بىر نەرسە دېگىلى بولمايدىغان يازمىلارنى يېزىۋاتقانلار-
مۇ بار. ھەتتا بەزىلەر مۇستەقىل ئەسەر يازماي ئىنكاس
يېزىش بىلەنلا شۇغۇللىنىدۇ. ئىنكاس يېزىشتىكى ئۆزگە-
چىلىكى تۈپەيلىدىن مەشھۇر بولغانلارمۇ بار. ئۈچىنچى-
دىن، ئۇلارنى دەماللىققا يازغۇچى - شائىر دەپ ئاتىغىلى
بولمىغان ئىكەن چوقۇم ۋاقىتلىق بولسىمۇ بىر نەرسە دەپ
ئاتاپ تۇرۇش كېرەك.

### 1. تور يازارمەنلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى

كومپيۇتېرنىڭ يېڭى شەيئى سۈپىتىدە بارلىققا كېلى-
شى ۋە 1990 - يىللىرىدىن باشلاپ تۇرمۇشىمىزغا كىرىپ
كېلىشى ۋە جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن ساھەلەرگە كەڭ ئومۇم-
لىششى بىلەن كومپيۇتېر بىلەن ئۇچرىشىپ باققان ئادەم-
لەرنىڭ نىسبىتى نوپۇسىمىزدا مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدىغان
بولدى. ئالىي مەكتەپلەردە كومپيۇتېرغا ئائىت دەرسلەر
تەسىس قىلىندى. ھەتتا بەزى كارخانا ۋە كەسپىي ئو-
رۇنلار كومپيۇتېر ئارقىلىق ئىشخانىلىرىنى ئاپتوماتلاشتۇ-
رۇشقا باشلىدى. لېكىن كومپيۇتېر ۋە ئۇنى كونترول قى-
لىدىغان تىل تەبئىي پەنگە تەۋە بولغانلىقى تۈپەيلىدىن
كومپيۇتېر رايونىمىزغا كىرىپ كەلگەندىن كېيىن بىلىپ -
بىلمىگەن ھالدا تەبئىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىلەن ئىجت-
مائىي پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ كومپيۇتېر بىلەن ئۇچرى-
شىش نىسبىتىدە پەرق كۆرۈلدى. تەبئىي پەن ساھەسى-
دىكىلەرنىڭ كەسىپ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن كومپيۇتېر بى-
لەن قويۇق ئۇچرىشىپ تۇرۇشى ئىجتىمائىي پەن ساھە-
سىدىكىلەردىن كۆپرەك بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەن
ئوقۇش تارىخى بارلارغا قارىغاندا يۇقىرى ئوقۇش تارىخى
بارلارنىڭ كومپيۇتېر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇش نىسبىتى
تەبئىي ھالدا يۇقىرى بولىدى. لېكىن بۇ ئەھۋال بەك
ئۇزاققا بارمىدى. كومپيۇتېرنىڭ تورلىششى نەتىجىسىدە
شەھەر - شەھەرلەردە تورخانىلار ئېچىلدى. ئىلگىرى
كومپيۇتېر بىلەن ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق تىجارىتى قىل-
غانلار تەبئىي ھالدا تورخانا ئېچىشقا قاراپ تەرەققىي
قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئويۇنچۇق ئويناش باھانى-
سىدە ياش جەھەتتىن ئوتتۇز ياشتىن تۆۋەنلەر كۆپ نىس-
بەتنى ئىگىلەيدىغان، بىلىم قۇرۇلمىسى نىسبەتەن تۆۋەن
ياكى ئوقۇغۇچىلارنى ئاساس قىلغان بىر تۈركۈم ئادەم
كومپيۇتېر بىلەن ئۇچرىشىدىغانلار سېپىگە قېتىلدى. شۇ-
نىڭ بىلەن بۇ سەپنىڭ ئادەملىرى غولداپ مەلۇم كۆلەمنى
شەكىللەندۈردى.

1999 - يىلى «ماكانىم» قاتارلىق تور دوسكىسى
ياكى ب ب س بىلەن تەمىنلەيدىغان بىر نەچچە تور بېك-
تى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇلار تۈنجى بولۇپ توردا پاراڭ-
لىشىدىغان ئورۇن «چايخانا»لارنى تەسىس قىلدى. شۇ
ئاساستا توردىكىلەر يېزىق ئارقىلىق پىكىر ئالماشتۇرىد-
غان ب ب س لار پەيدا بولدى ۋە بۇ ئەركىن پىكىر قى-
لىش سەھنىسى بىلەن تەمىن ئېتىدىغان جاي تەبئىي ھالدا
كومپيۇتېر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئۆزئارا پىكىرلىشىد-
غان، تەجرىبە تونۇشتۇرىدىغان، كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇ-
رىغا قويىدىغان جايغا ئايلاندى. ھەتتا بەزى كىشىلەر مۇ-
شۇ جايلاردا ئۆزىنىڭ جەمئىيەت، ھايات، تارىخ ھەققىد-
كى كۆز قاراشلىرىنى ئويلىغانلىرى بويىچە ئىنتايىن ئاد-
دىي، پەردازسىز ئەكس ئەتتۈرۈشكە باشلىدى. ب ب س
نىڭ بىر ئالاھىدىلىكى يازغان نەرسىنى ئوتتۇرلۇق جاما-
ئەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگىلى بولاتتى. ئۇنىدىن باشقا
يازارمەننىڭ سالاھىيىتى ئېنىق بولمىغاچقا ئوقۇرمەنمۇ
يازمىنى كۆرۈپ كاللىسىغا نېمە كەلسە شۇنى دادىل يېزىپ
ئوتتۇرىغا قويىدىغان بولدى. ئوقۇرمەننىڭ چاقماق تېز-
لىكىدىكى ئىنكاسى يازارمەننىڭ كاللىسىغا چاقماق تېزلى-
كىدە تەسىر قىلىپ، تەبئىي ھالدا بەزىلەرنىڭ داۋاملىق

يېزىش ئىستىكى قوزغالسا، بەزىلەرنىڭ مۇنازىرە قىلىش ھەۋىسىنى قوزغىدى. كىشىلەر بارا - بارا بۇ خىل پىكىرلىشىش ۋە مۇنازىرە قىلىش، ئويلىغانلىرىنى بىۋاسىتە جامائەت بىلەن ئورتاقلىشىش ئۇسۇلىنى ياقتۇرۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىلىپ - بىلمەي بىر تۈركۈم تور يازارمەنلىرى بارلىققا كەلدى.

كۆرۈپ تۇرۇشقا بولىدۇكى، سالاھىيەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئەڭ دەسلەپكى تور يازارمەنلىرى ئىچىدە كومپيۇتېر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، كومپيۇتېر ئاساسى كۈچلۈك، تەبىئىي پەن بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر نىسبەتەن كۆپ سالماقنى ئىگىلەيتتى. كېيىن بۇ خىل مۇنبەرلەرنىڭ تەسىرىنىڭ كۈنسېرى كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ بۇ سەپكە كومپيۇتېر تېخنىكىسى بەك يۇقىرى بولمىسىمۇ كومپيۇتېردا مەشغۇلات ئېلىپ بارالايدىغان بىر تۈركۈم ئادەملەر قېتىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەلۇم ساندا ئىجتىمائىي پەن بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەرمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن توردىكى مۇنازىرە ۋە يازمىلارنىڭ ساپاسىدا زور دەرىجىدە كۆتۈرۈلۈش بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئەڭ دەسلەپكى كومپيۇتېر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار دۇچ كېلىدىغان مۇھىم ئۆتكەللەرنىڭ بىرى ئۇيغۇر يېزىقىنى توردا قانداق بىرتەرەپ قىلىش ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئەڭ دەسلەپكى كومپيۇتېر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بىلىپ - بىلمەي ئۇيغۇر يېزىقىنى توردا ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ ئەڭ دەسلەپتە كومپيۇتېر بىلىدىغان ئادەملەر ۋە تەبىئىي پەن ساھەسىدىكىلەرنى ئاساس قىلغان تور يازارمەنلەر قوشۇنىنىڭ كۆلىمى ئاستا - ئاستا كېڭىيىشكە باشلىدى. ئەمما ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان ئىش ئومۇمىي قوشۇنىنىڭ ئەدەبىيات قابىلىيىتى بەكمۇ يۇقىرى بولمىسىمۇ ساپاسى خېلى يۇقىرى ئىدى.

ياش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، 18 ياشتىن يۇقىرى 35 ياشتىن تۆۋەنلەر بۇ قوشۇنىنىڭ غول ئېقىمىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ پۈتۈن كومپيۇتېر ۋە تور قوشۇنىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئومۇمىي قوشۇنىنىڭ 70% نى تەشكىل قىلاتتى. 2005 - يىللىرىدىن باشلاپ كومپيۇتېر ۋە تورخانىلارنىڭ كۆپىيىشى، تور ئورنىتىش ھەققىنىڭ تۆۋەنلىشى نەتىجىسىدە تور قوشۇنىنىڭ سانى زور دەرىجىدە ئاشتى. بىر قىسىم ياش قۇرۇلمىسى نىسبەتەن يۇقىرى ئادەملەرنىڭ تور قوشۇنىغا كېلىپ قېتىلىشىغا ئەگىشىپ تور قوشۇنىنىڭ ياش قۇرۇلمىسى نىسبەتەن مۇرەككەپلەشتى. توردا ھەتتا 70 ياشلىق بوۋاي بىلەن يەتتە ياشلىق كىچىك بالا مۇنازىرە قىلىدىغان ئالاھىدە مەنزىرە شەكىللەندى. مەسىلەن، داڭلىق تور بېكەتلىرىنىڭ بىرى بولغان «ئىزدىنىش» توردا بورتالا موڭغۇل ئوبلاستىنىڭ جىڭ ناھىيەسىدىن تورغا چىقىدىغان ئۆردەك ئىسىملىك بىر ئابونت يېشى يەتمىشكە يېقىنلىشىپ قالغان ئادەم ئىكەن. شۇنداقتىمۇ ياشىنىپ قالدىم دېمەي كومپيۇتېر ئۆگىنىپ، تورغا چىقىپ توردىن نۇرغۇن روھىي لەززەتكە ئېرىشىپتۇ. بۇ لەززەت ئۆزى ئويلىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن باشقىلارنىڭ تەبىئىي ۋە زېننەتسىز يېزىلغان يازمىلىرىدىن ھوزۇرلىنىش ئىكەن.(ئىزدىنىش تورىغا قاراڭ) ئۇنىڭدىن باشقا بەرقى توردا ئون ياشلىق بالىنىڭ چوڭلار بىلەن قىلغان مۇنازىرىسى ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، كېيىن بۇ بالا ئاتىسى تەرىپىدىن بايقىلىپ قېلىپ نەسىھەت بىلەن توردىن چېكىنگەن. بۇ خىل ئەھۋال تور يازارمەنلىرىنىڭ چېتىلىش دائىرىسىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، يازمىنىڭ مەزمۇنى ۋە ساپاسىغىمۇ زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى.

ئىلگىرى تور يازارمەنلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئالىي مەلۇماتلىق كىشىلەر ياكى كاللىسى تەبىئىي پەن تەپەككۇرى بىلەن تولغان كىشىلەر بولۇپ، يازمىلارنىڭ سانى ئاز، لېكىن سەۋىيەسى يۇقىرى، قاتلىمى مۇرەككەپ ئىدى. كېيىن قېتىلغان ئادەملەرنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ مۇرەككەپلىكى تۈپەيلىدىن تور يازمىلىرىنىڭ سۈپىتى چۈشۈشكە، ھەتتا بىر قىسىم ئادەملەر توردىكى تايىنى يوق ئەخلەت يازمىلاردىن بىزار بولۇپ ب ب س لارغا قارىمايدىغان مەنزىرە شەكىللەندى. يازمىلارنىڭ تىل ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكىدىن تارتىپ، ئىملاسىغا قەدەر ئېغىر دەرىجىدە كىرىزىس پەيدا بولدى. ھەتتا بەزى كىشىلەر ئۇيغۇر تىلىدا تۈزۈكرەك جۈملە تۈزۈش ئىقتىدارىنى ھاسىل قىلماي تۇرۇپ يازما يېزىشقا، باشقىلار بىلەن مۇنازىرە قىلىشقا باشلىدى. قىسقىسى، تور پۇقرالىرىنىڭ ساپاسى بارغانسېرى ئۇنىۋېرساللىشىپ ۋە ئومۇمىي قۇرۇلما بويىچە تۆۋەنلەپ شاللىنىش ۋە تاللىنىش، سەرخىللىرى ئېشىپ قېلىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى.

خۇلاسە قىلغاندا، تور يازارمەنلىرىنىڭ ياش قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا ھېلىمۇ ياشلار - ئۆسمۈرلەر تور يازارمەنلەر قوشۇنىنىڭ غول قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. تور ئابونتلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى يازارمەنلەر قۇرۇلمىسىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان بولۇپ، تور ئابونتلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكىنىڭ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ بولۇشى، مەلۇم دەرىجىدە ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ كۆلەم ھاسىل قىلىشى بۈگۈنكى تور دۇنياسىدىكى ئومۇمىي ۋەزىيەتتۇر.

ئۇلارنىڭ جىنسىي قوزغىلىشىنى ئېنىق ئىستاتىستىكا
قىلىشقا مۇمكىن بولمىدى. لېكىن تور دۇنياسىنىڭ ئومۇمىي
ئەھۋالىدىن قارىغاندا، تور بىلەن ئۇچرىشىۋاتقان ئا-
ياللارنىڭ سانى بارغانسېرى ئېشىۋاتىدۇ. تور ۋە مۇنبەر-
لەر بارلىققا كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردا، ئايال ئابونتلار-
نىڭ سانى ئۇنچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئايال تور يازار-
مەنلىرى يوقنىڭ ئورنىدا تۇراتتى. كېيىن بۇ نىسبەت بار-
غانسېرى ئېشىشقا، بىر قىسىم ئايال يازارمەنلەر تور بەت-
لىرىدە ئۆزىنىڭ دۇنياسىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى. ئەڭ
يېڭى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا بۈگۈنكى كۈندە توردىكى
ئايال ئابونت ۋە يازارمەنلەرنىڭ نىسبىتى ئەرلەردىن تۆ-
ۋەن ئەمەس. ھەتتا ئۇلار مەلۇم كۆلەمدىكى يازارمەنلەر
قوشۇنىغا ئىگە.

2. تور يازغۇچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى

مەدەنىيەت سەۋىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا تور
يازارمەنلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخىنى ئېنىقلاپ چىقماق نىس-
بەتەن تەس. لېكىن تورنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە كومپيۇتېر
تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملىشىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا تور
ئەدەبىياتى يازارمەنلىرىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنى ئې-
نىقلاپ چىقماق بەك تەس ئەمەس.

ئەڭ دەسلەپتىكى تور يازارمەنلىرىنىڭ كۆپىنچىسى
تەبىئىي پەن بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ۋە ئوقۇش تارىخى
نىسبەتەن يۇقىرى كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ما-
تېماتىكا، فىزىكا، كومپيۇتېر كەسىپلىرىنىڭ ئاسپىرانت،
دوكتورلىرىنى تاپماق ئۇنچە تەس ئەمەس ئىدى.

كېيىن تور قوشۇنىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ بۇ
سەپكە ئىجتىمائىي پەندە ئوقۇغانلار قېتىلىشقا باشلىدى،
ئۇنىڭدىن باشقا ئەڭ ئاخىرىدا يەنە بىر تۈركۈم ئىش-
سىزلار، تۆۋەن ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ئادەملەر كېلىپ
قوشۇلدى. ئۇلارمۇ ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە يازارمەنلەر سېپىگە
قېتىلدى.

ئەلۋەتتە، ئوقۇش تارىخى تۆۋەنلەر ئىچىدىمۇ ئۆز-
لۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق يۇقىرى ساپا ھازىرلىغانلار
يوق ئەمەس. لېكىن بىر تۈركۈم ئوقۇش تارىخى تۆۋەن
ئادەملەرنىڭ تورغا قېتىلىشى نەتىجىسىدە تور يازمىلىرى-
نىڭ خاراكتېرىدە پۇچەكلىشىش ۋە پاخاللىشىش كۆرۈ-
لۈشكە باشلىدى. ئەدەبىياتقا بېغىشلانغان تورلار ۋە بە-
لوكلارنىڭ ئاۋۇشى بىلەن ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ
ساپاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى بىر خىل ماس ھالەتنى شە-
كىللەندۈردى.

بۈگۈنكى ئۇيغۇر تور ئەدەبىياتىدا يېزىقچىلىق بىلەن
شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ ئېنىق سانىنى ئىگىلەپ چىقماق نا-
ھايىتى تەس. مەلۇم نۇقتىدا توردا يېزىقچىلىق بىلەن شۇ-
غۇللىنىدىغانلارنىڭ سانى ئەنئەنىۋى مەتبۇئاتتا يېزىقچىلىق
بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ سانىدىن كۆپ بولسا كۆپ،
ئاز ئەمەس. چۈنكى توردىكى بىر تۈركۈم ئادەم ھەتتا
ئۆزىنى يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى ياكى يازارمەن
دەپ قارىمايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ يەردىكى سالاھىيىتىگە بول-
غان تونۇشى كۆپىنچە بىز ئويلىمىغان يەردىن چىقىدۇ. بە-
زىلەر تور مۇنبەرلىرىگە ئەسەر يېزىپ قويۇشى ھەرگىز
يېزىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى كاللىسىغا
كەلگەن پىكرىنى يېزىق بىلەن ئىپادىلەش ئارقىلىق باش-
قىلار بىلەن ئورتاقلىشىش بولسا، يەنە بەزىلەرنىڭ تورغا
بىر نەرسىلەرنى يېزىپ قويۇشى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش
ئۈچۈندۇر. ھەتتا بەزى ئادەملەرنىڭ ئەسلىي يېزىقچىلىق
قىلىش، ھەتتا تورغا بىر نەرسە يېزىپ قويۇش ئويى
ئەسلا يوق. لېكىن توردىكى مەلۇم يازمىنى كۆرۈپ ھايا-
جانلىنىدۇ ياكى ئاچچىقى تۇتىدۇ ۋە ياكى بايان قىلىنغان
كۆز قاراشقا قېتىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بە-
لەن كاللىسىغا «مەنمۇ نېمىشقا ئويلىغانلىرىمنى يېزىپ،
كۆز قارىشىمنى ئىپادە قىلمايمەن؟!...» دېگەندەك ئوي
كېلىدۇ ۋە شۇ سەۋەبتىن ئىختىيارسىز ھالدا يېزىقچىلىققا
كىرىشىپ كېتىدۇ.

توردىكى يازارمەنلەرنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنى
ئېنىقلىماقنىڭ يەنە بىر تەس تەرىپى توردا نۇرغۇن ئادەم
مەۋھۇم كىملىك قوللىنىدۇ. ئىسمىدىن ئەرلىكى بىلىنىپ
تۇرىدىغان بىر تورداش بىر كۈنلىرى توساتتىن چىرايلىق
بىر قىز بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. سىز يېشى مەن بىلەن
تەڭ دەپ قاراپ يۈرگەن ئادەم سىزدىن ياش ياكى قېرى
چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. ھەتتا بەزىلەر ماتېرىيالىنى تول-
دۇرغاندا ئۆزىنى دوكتور دەپ يېزىۋالغان بىرسىنىڭ
باشلانغۇچ مەكتەپنى ئاران پۈتكۈزگەن بولۇپ چىقىشى
مۇمكىن. شۇڭا ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ ئومۇ-
مىي قۇرۇلمىسىنى ئىستاتىستىكا قىلماق نىسبەتەن تەس.
لېكىن تورنىڭ شىنجاڭدىكى ئومۇملىشىش ۋە نىسبەتەن
ئوڭاي كۆرۈۋالغىلى بولىدىغان ياش قۇرۇلما ئالاھىدىلى-
كىدىن قارىغاندا، تور يازارمەنلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋ-
يەسىنى ئومۇمىي خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيە كۆرسەتكۈ-
چىدىن يۇقىرى دەپ قاراش مۇمكىن. چۈنكى شىنجاڭنىڭ
نوپۇس قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، تەخمىنەن 38% ئادەم
شەھەردە ياشايدۇ. ئۇيغۇر تور ئەدەبىياتىنى بارلىققا كەل-

تۈرگۈچى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەخمىنەن 30% كە يېقىن ئادىمى شەھەردە ياشايدۇ. قالغان 70% ئادەم يېزىدا ياشايدۇ. شىنجاڭدا ھازىرمۇ توك يوق ياكى توك ئاپىرىش مۇمكىنچىلىكى يوق جايلار مەۋجۇت. ئۇنىڭدىن باشقا 70% ئۇيغۇر ياشايدىغان يېزىلاردا كومپيۇتېرنىڭ ئومۇملىشىش دەرىجىسى بەكمۇ تۆۋەن. بەزى يېزىلاردىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ھېلىمۇ كومپيۇتېر دەرسى تەسىس قىلىنمىغان. كومپيۇتېرنىڭ شەھەردە ئومۇملىشىش دەرىجىسى يۇقىرى، يېزىدا ئومۇملىشىش دەرىجىسى تۆۋەن. شۇ سەۋەبتىنمۇ بىز تورغا چىقالايدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسىنى شەھەر - بازار نوپۇسىدىكىلەر دەپ قاراش بىلەن بىرگە تور يازارمەنلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيە قۇرۇلمىسى خېلى يۇقىرى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ نىسبىتى خېلى كۆپ، دەپ قارايمىز. تولۇق كۇرستىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخى ھازىرلىغانلارنىڭ تورغا كىرىش نىسبىتى بۈگۈنكى تورنىڭ تەرەققىيات ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدىن تۆۋەنلەرگە قارىغاندا نىسبەتەن يۇقىرى ياكى ئۇلارنىڭ نۇرغۇن پائالىيەتلىرى تور بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان دەپ قارايمىز. بۇ خىل قاراش تور يازارمەنلىرىنىڭ قاتلام قۇرۇلمىسىغىمۇ ئۇدۇل كېلىدۇ.

لېكىن توردىكى ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى بىر تۈركۈم ساپاسى تۆۋەن كىشىلەرنىڭ تورغا كىرىشكە مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، يەنە بىر مۇھىم تەرەپ، توردىكى يازارمەنلەرنىڭ زور كۆپچىلىكىنىڭ كەسپىي ئەدەبىيات بولمىغانلىقى، ھەتتا بەزىسىنىڭ ئۆزىنى زادى بىر يازارمەن دەپ قارىماي، پەقەت ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ياكى باشقىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش جەريانى دەپ قارىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان.

### 3. تور يازارمەنلىرىنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئىجادىيەت مۇددىئاسى

ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتىمىزدىكى يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ئىجادىيەتكە كىرىپ كېلىشى مەلۇم تەييارلىق باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەن بولىدۇ. ئۇلارنى تاسادىپىي ھالدا يېزىقچىلىققا كىرىشىپ قالدى دېگەن تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ مەلۇم ئەسەرنى يېزىپ، ئوقۇرمەننىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ بولغۇچە مەلۇم ۋاقىت كېتىدۇ. مەسىلەن، بىرەيلەن تاپشۇرۇق ياكى مەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن بىر پارچە ياخشى ئەسەر يېزىپ قالدۇ. ئاندىن كېيىن بۇ ئەسەرنى كىمدۇر بىرى بايقاپ مەتبۇئاتقا تونۇشتۇرىدۇ. مۇشۇ جەريانى تاماملاپ بولغۇچە خېلى ۋاقىت كېتىدۇ. يازغۇچى ياكى شائىر بولىمەن دېگۈچىلەرنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭدىنمۇ قىيىن. ئۇلار يېزىقچىلىققا ھەۋەس باغلىغاندىن كېيىن سىستېمىلىق ھالدا ئەسەر يېزىش مەشىقىگە كىرىدۇ ۋە نۇرغۇن ئەسەر يازىدۇ. ئۆزى بىر قەدەر ياخشى يېزىلدى دەپ قارىغان ئەسەرلىرىنى گېزىت - ژۇرناللارغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. تاكى ئۇنىڭ ئەسىرى تەھرىرگە ياراپ ئېلان قىلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئىزچىل ئەسەر يازىدۇ ۋە مەتبۇئاتقا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. بەزىلەر بىر نەچچە يىل ئەسەر ئەۋەتىپ بېقىپ بىر كۈنلىرى ئىختىيارسىز ئەسەر يېزىشتىن توختاپ قېلىشى، ئەسىرىنى ئېلان قىلالمىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئەسەرلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ بۇ ئىشتىن قول ئۈزۈشىمۇ مۇمكىن.

ئەمدى بىز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىش مەسىلىسىگە نەزەر سالايلى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا مەتبۇئات بايلىقىنى ئۇنچە كۆپ دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ رايوندا بىرەر ئاپتورنىڭ ئەسەر يېزىپ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشى نىسبەتەن تەس. بىر پارچە ئەسەر تەھرىر بۆلۈمىگە كەلگەندىن كېيىن شۇ يەردە مۇھەررىرلەرنىڭ بىرتەرەپ قىلىشىغا سۇنۇلىدۇ. ئادەتتە «تارىم» قاتارلىق چوڭ ژۇرناللارنىڭ ھەركۈنى تاپشۇرۇۋالىدىغان ئەسەر سانى بىرەر يۈز پارچىدىن كەم بولمايدۇ. دېمەك، بۇ ئەسەرلەرنى تەپسىلىي كۆرۈپ، بۇغداينى ساماندىن ئايرىتىشى ئۈچۈن خېلى كۈچ كېتىدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە ئەسەرنى تەھرىر ئوقۇپ چىقىدۇ. ناۋادا ئەسەر مەتبۇئات تەلىپىگە ياراپ قالسا باش مۇھەررىرگە يوللىنىدۇ. باش مۇھەررىرمۇ تەستىقلاپ بولغاندىن كېيىن يەنە سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ بېكىتىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ بىر پارچە ئەسەرنىڭ يېزىلىپ نەشىردىن چىقىپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقى بىر نەچچە ئايدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

بىر پارچە ئەسەر مانا مۇشۇنداق مۈشكۈل جاپادا ئېلان قىلىنغان تەقدىردىمۇ يەنە نۇرغۇن ئادەم ئەسەر يېزىشنى خالايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسەر يېزىشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئامىلنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپكە يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

بىرىنچى، ئۇلاردا ئەدەبىياتقا بولغان غەرەزسىز مۇھەببەت بار، بۇ مۇھەببەت ئۇلارنى يېزىشقا مەجبۇرلايدۇ.

ئىككىنچى، يېزىقچىلىق قىلىش ئارقىلىق نام چىقە-

رىش، تونۇلۇش مەقسىتىگە يېتىش. ئۇيغۇر مىللىتى ئۆزىنىڭ ئەدىبلىرىنى چوڭ بىلىدىغان بىر مىللەت. شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن ئادەم بۇ خىل چوڭ بىلىش ۋە ھۆرمەتلىنىشنى يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ يوشۇرۇن مۇددىئاسى سۈپىتىدە تاللىۋالغان.

ئۈچىنچى، يېزىقچىلىق قىلىش ئارقىلىق پۇل تېپىش ياكى مەنپەئەتكە ئېرىشىش. گەرچە ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ قەلەم ھەققى بەك يۇقىرى بولمىسىمۇ، يەنىلا بىر تۈركۈم ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغاپ تۇرىدۇ.

تۆتىنچى، ئۆزىنىڭ مەلۇم ئىدىيە ۋە كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئەسەر يازىدىغانلار.

مۇشۇ تۆت خىل ئادەم ئىچىدە بىرىنچى ۋە تۆتىنچى تۈردىكى ئادەمنىڭ سانى ئەڭ ئاز، لېكىن ئىككىنچى، ئۈچىنچى تۈردىكى ئادەملەر يېزىقچىلىق قوشۇنىنىڭ ئەڭ غول قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

لېكىن تور يازارمەنلىرىنىڭ ئەھۋالى سەل باشقىچە. بىز باشتا تەكىتلىگەندەك ئۇلار مەن يېزىقچىلىق قىلىمەن ياكى مەشھۇر بولىمەن دەپ ئەسەر يازمايدۇ. پۇلغا ئېرىشىمەن دەپ تېخىمۇ ئەسەر يازمايدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر تور بەتلىرى ئىچىدە ھازىرغا قەدەر ئاپتورلارنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە بولسىمۇ قەلەم ھەققى بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغانلار ئاساسەن يوق دېيەرلىك. دېمەك، تور يازارمەنلىرىنىڭ يېزىقچىلىق قىلىش مەقسىتىنىڭ ئىچىدە پۇل تېپىش دېگەن مەقسەتنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. تور يازغۇچىلىرىغا مەشھۇر بولۇش ئۈچۈن يازىدۇ دېگەن گەپمۇ مۇۋاپىق كېلىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى توردا ئەسەر يازىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى تەخەللۇس ئىشلىتىدۇ ۋە ئۆز سالاھىيىتىنى يوشۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تورغا كىرىدىغان ئادەملەرنىڭ مۇرەككەپلىكى تۈپەيلىدىن بىر پارچە ئەسەر ئېلان قىلىنغان ھامان ھەرخىل ئادەملەرنىڭ ئۆز سەۋىيەسىگە ئۇيغۇن ھالدا ھەرخىل باھالىشىغا دۇچ كېلىدۇ. ھەتتا ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا تاپا ـ تەنە، تىل ـ ھاقارەتلەرگىمۇ قالىدۇ.

شۇڭا تور يازارمەنلىرىنىڭ پىسخىكىسى ئەنئەنىۋى مەتبۇئاتتىكى يازارمەنلەرنىڭ پىسخىكىسىغا ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ.

تور يازارمەنلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئەنئەنىۋى مەتبۇئاتتىكى ئەسەرلەردەك كۈچلۈك مەقسەتچانلىقنى ئۆزىگە مەنبە قىلمىغان. ئۇلار پەقەت ئۆزىنى ئىپادىلەپ بېقىش، ئۆز كۆز قارىشىدا باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىش، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش، ئاچچىقىنى چىقىرىش مەقسىتىدە تاسادىپىي يېزىقچىلىق قىلىپ سالغان بولىدۇ. ئۆزىنى ئەدەبىياتچى ساناپ توردا ئەسەر يازىدىغانلارنىڭ سانى بەكمۇ كۆپ ئەمەس. بارلىرىمۇ توردا ئەسەر ئېلان قىلىشنىڭ تېزلىكى ۋە دەرھاللا ئەسەر ھەققىدىكى ھەرخىل باھالارغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى تۈپەيلىدىن تورنى قەلىمىنى پىشۇرىدىغان ياكى ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى جامائەت بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ سىناپ باقىدىغان جاي قىلىپ تاللىۋالغان.

شۇڭا ئۇلارنىڭ يېزىقچىلىق مۇددىئاسى نىسبەتەن ساپ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كۆپىنچە ئادەمنىڭ ئەسەرلىرى تېخى پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن. ھەتتا بەزىسى ئۆزىنىڭ يېزىۋاتقان يازمىسىنىڭ ئەدەبىيات بولىدىغانلىقىدىنمۇ خەۋەرسىز. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەشەددىي جىلخور ئادەملەردىن تارتىپ ھەممە نېمىگە ھەۋەس بىلەن قارايدىغان ئۆسمۈرلەرمۇ بار. ئۇلارنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىش خاراكتېرى، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئارقىلىق تەسەللىگە ئېرىشىش ۋە ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇشى تور يازارمەنلىرىنىڭ مۇھىم پىسخىك بەلگىلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. كۆپىنچە تور يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەر يېزىشتىكى مەقسىتى ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئىپادىلەپ بېقىش. شۇنداقلا ئۆزى ياراتقان ئوبراز ۋە قىممەت قاراشلار ئارقىلىق باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش. بەزىلەر مۇشۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆز كۆزقاراشلىرىنى تەشۋىق قىلىشىمۇ مۇمكىن. يەنە بەزىلەر بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىقتىدارىنى سىناپ بېقىشىمۇ مۇمكىن.

## 4. تور يازغۇچىلىرىنىڭ ئەدەبىيات چۈشەنچىسى

تور يازغۇچىلىرىنىڭ ئەدەبىيات چۈشەنچىسىنى يورۇتۇپ بەرمەك نىسبەتەن قىيىن، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ئادەم ئۆزىنى ئەدەبىياتچى دەپ قارىمايدۇ ياكى يازغانلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەر ئىكەنلىكى ھەققىدىمۇ ئېنىق كۆز قاراش يوق.

2005 ـ يىلىدىن بۇرۇن بۇ مەسىلە نىسبەتەن كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىدى. ھەتتا توردا يېزىلغان مەلۇم ئەدەبىي ئەسەرنىڭ پېرسوناژلىرى ھەققىدە تالاش ـ تارتىشلارمۇ يۈز بەرگەن. بەزىلەر بۇ ئەسەردىكى پېرسوناژنى راست ئادەم دەپ قاراپ قېلىپ، بۇ قانداق ئادەم دەپ پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىنى تەنقىد قىلغان، بۇ پېرسوناژنى تىللىغان ئادەملەرمۇ بولغان.

لېكىن بىزنىڭ بۇ يەردە سۆزلەيدىغىنىمىز تور يازار-
مەنلىرىنىڭ ئەدەبىيات كۆز قارىشى ياكى چۈشەنچىسى بو-
لۇپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قا-
رىغاندا، تەبىئىي يەن ساھەسىدىكىلەر ئىجتىمائىي يەن
ساھەسىدىكىلەردىن كۆپ، رەسمىي ئەدەبىيات كەسپىدە
ئوقۇغانلارنىڭ سانىمۇ كۆپ ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن
ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدىكى چۈشەنچىسى باشلانغۇچ
ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيەسىدە توختاپ قالغان. شۇ
سەۋەبتىنمۇ ئۇلار ئەسەر يازغاندا مەخسۇس تەربىيەلەنگەن
ئەدىبلەردەك يېزىقچىلىق تاكتىكىسى ۋە ئىجادىيەت ماھا-
رەتلىرىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىپادە قىلىپ كېتەلمەيدۇ.
شۇڭلاشقىمۇ ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەبىئىيلىكى يۇقىرى.
ئىنتايىن چىن، ھەتتا زور كۆپ قىسمى رېئال ۋەقەلەرنى
ئاساس قىلغان.

2005 ـ يىلىدىن كېيىن ئەدەبىياتتا مەخسۇس تەر-
بىيەلەنگەن بىر تۈركۈم ئادەملەر تورغا قەدەم تەشرىپ
قىلىپ، تور يازارمەنلىرىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىغا زور
دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى. «تەڭرىتاغ» قاتارلىق تەس-
رى بار ژۇرناللار «تەڭرىتاغ تور بېتى»، كېيىنكى «ئەنقا
تور بېتى»، ئەدەبىياتچىلار ۋە ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇ-
غانلار تەسىس قىلغان «سۇمرۇغ»، «بەرقى»، «گۈلىس-
تان»، «ئەسرىم»، «چۈشتەك»... قاتارلىق تور بېكەتلى-
رى بىر تۈركۈم ئەنئەنىۋى مەتبۇئاتنىڭ ئىخلاسمەنلىرىنى
تور دۇنياسىغا باشلاپ كىردى. شۇنىڭ تەسىرىدە تور ئە-
دەبىياتىدا بىر تۈركۈم يۇقىرى سەۋىيەلىك مۇنازىرىلەر
يۈز بېرىپ، توردىكى يازارمەنلەرنىڭ ئەدەبىيات ھەققى-
دىكى چۈشەنچىسى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

«سۇمرۇغ» توربدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇيغۇر بۈگۈن-
كى زامان چاغداش شېئىرىيىتىدىكى ئۈچىنچى ئەۋلاد شا-
ئىرلار ھەققىدىكى مۇھاكىمە، «بەرقى» توربدىكى گۇڭگا
شېئىرلار ھەققىدىكى مۇنازىرە، «ئەنقا» توربدىكى ھېچ-
نېمىزم ئەدەبىيات ئېقىمى ھەققىدىكى مۇھاكىملەر بىر قى-
سىم كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى ۋە تور دۇنياسىدىكى
يازارمەنلەر ۋە تورخانلارنىڭ ئەدەبىيات چۈشەنچىسىنىڭ
ئۆزگىرىشىگە ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتتى.

قىستۇرۇپ قويۇشقا تېگىشلىك نۇقتا ئەنئەنىۋى مەت-
بۇئاتتا ئەدەبىيات قارىشى ھەققىدىكى مەلۇم بىر پارچە
ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئوقۇرمەن بۇ ھەقتىكى
ئىنكاس بىلەن ئەڭ تېز بولغاندا بىر ـ ئىككى ئايدىن كې-
يىن ئۇچرىشالايدۇ. لېكىن بۇ چاغدا ئوقۇرمەننىڭ ئەينى
ماقالە ھەققىدىكى تەسىراتى خېلى كونىراپ قالغان بول-
دۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇنداق ماقالىلەرنىڭ تەسىرى ئانچە
يۇقىرى بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ماقالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى
مۇنازىرىسىز قالىدۇ. مۇنازىرە يۈز بەرمىگەنلىكى تۈپەي-
لىدىن ھەزىم قىلىنمايدۇ. لېكىن تور ئەدەبىياتىدا مەلۇم
بىر ئەدەبىي كۆز قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھامان قىز-
غىن مۇلاھىزىگە سازاۋەر بولىدۇ. نۇرغۇن ئادەم ماقالە
ئىگىسىنىڭ ئېغىزىنى كوچىلايدۇ ياكى ماقالە ھەققىدە ئۆز
كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. چۈشەنمىگەن سو-
ئاللارنى ئوتتۇرىغا تاشلايدۇ. كۆز قاراش مانا مۇشۇ سى-
ناقلارغا بەرداشلىق بېرەلىگەندىن كېيىن كىشىلەر ئېتىراپ
قىلغان كۆز قاراشقا ئايلىنىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن تور ئەدە-
بىياتى سەھىپىلىرىدە قانات يايغان ئەدەبىيات ھەققىدىكى
بىر قىسىم مۇلاھىزىلەر ئۈنسىز ھالدا كىشىلەرنىڭ كاللىسى-
غا تەسىر قىلدى. نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدىكى
كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتتى. بۇنداق ماقالىلەرنىڭ تەسىرى
ئەنئەنىۋى مەتبۇئاتتىكى ماقالىلەرنىڭ تەسىرىدىن ئۈستۈن
بولدى.

شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇيغۇر تور ئەدەبىياتىنىڭ 2000 ـ
يىلىدىن تارتىپ 2010 ـ يىلىغا قەدەر بولغان ئون يىللىق
جەريانىنى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن. بىرى،
2000 ـ يىلىدىن 2005 ـ يىلىغا قەدەر داۋاملاشقان
ئۇيغۇر تور ئەدەبىياتىنىڭ گۆدەكلىك باسقۇچى ياكى شە-
كىللىنىش باسقۇچى. يەنە بىرى، 2005 ـ يىلىدىن
2010 ـ يىلىغا قەدەر داۋاملاشقان پىشىپ يېتىلىش ۋە
جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىش باسقۇچى.

خۇلاسە قىلغاندا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تور يازار-
مەنلەر قوشۇنى 2005 ـ يىلىدىن باشلاپ ماھىيەتلىك
ئۆزگىرىش ياساپ ئەنئەنىۋى مەتبۇئاتتىن بىر تۈركۈم ئە-
دىپلەرنىڭ كېلىپ قېتىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. شۇ سە-
ۋەبتىن تور يازارمەنلىرىنىڭ ئەدەبىيات قارىشى مۇشۇ
يىللارغا كەلگەندە شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلدى. تې-
خىمۇ قىزىقارلىق تەرەپ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەن-
ئەنىۋى مەتبۇئاتتا توختاپ قالغان بىر قىسىم ئەدەبىيات
ھەققىدىكى مۇھاكىملەر توردا قايتىدىن قانات يايدى.
مەسىلەن، «بەرقى» توربدا قانات يايغان گۇڭگا شېئىر
ھەققىدىكى مۇنازىرە ئاخىر ئەينى دەۋردىكى گۇڭگا شې-
ئىرلارنىڭ داڭلىق ۋەكىلى شائىر پەرھات ئىلياسنىڭ قات-
نىشىپ ماقالە ئېلان قىلىپ «ئۆز ئاۋازىمىز ھەممىدىن مۇ-
ھىم» دەپ جاكارلىشى بىلەن ئەۋجىگە چىقتى ۋە بىر قە-
دەر ئىلمىي يوسۇندا خۇلاسىلەندى. تا ھازىرغا قەدەر
گۇڭگا شېئىر ھەققىدە بىرەر سىستېمىلىق خۇلاسىگە ئىگە



بولالماي كەلگەن ئاۋام بۇ مۇنازىرە جەريانىدا گۇڭگا شىئىر هادىسىسى توغرىسىدا مەلۇم ئىلمىي چۈشەنچىگە ئىگە بولدى.

يەنە بەرقى توردا ئېلىپ بېرىلغان «سەمەندەر»، «ياغاچ مېدال» قاتارلىق رومانلارنىڭ ئاپتورى، يازغۇچى چوپانى بىلەن بەرقىنىڭ سۆھبىتىدە بازارلىق ئەدەبىياتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە بەزى مۇھاكىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. كىشىلەرنىڭ بازارلىق ئەدەبىيات كۆز قارىشى سىستېملاشتى.

لېكىن ئەنئەنىۋى مەتبۇئاتنىڭ بىر قىسىم سەركەردە ئەدىبلىرىنىڭ تور ئەدەبىياتىغا قەدەم قويۇشى بىلەن تور يازارمەنلىرىنىڭ كۆز قارىشى ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتنىڭ يازارمەنلىرىنىڭ ئەدەبىيات كۆز قارىشى بىلەن ئوخشاش بولۇش يولىغا قاراپ ماڭدى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئەسلىدىن بار بولغان تور ئەدەبىياتچىلىرىنىڭ ئەدەبىيات قارىشى بىلەن ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات سېپىدىكىلەرنىڭ قاردىشىنىڭ قېتىلىشى نەتىجىسىدە تېخىمۇ ئىلمىي بولغان ئەدەبىيات كۆز قارىشى توردا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشقا باشلىدى. چۈنكى توردىكى ئەركىن مۇنازىرە، پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى ئىختىيارىيلىق ئەدەبىيات ھەققىدىكى مۇنازىرىلەرگە بىر تۈركۈم تەبىئىي پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ قوشۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدىكى بەزى سوغۇققان كۆز قاراشلىرى تور ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىيات كۆز قاراشلىرىنىڭ ئەقلىيلىكىنى كۈچەيتىدىغان ئامىل بولۇپ قالدى.

## تور ئەدەبىياتى ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئەھۋالى

تور ئەدەبىياتى ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىقلاش سەل مۇرەككەپ ۋە كۈچ كېتىدىغان مەسىلە. لېكىن ئۇلارنىڭ ئەھۋالى مەلۇم ۋاقىتتا تور ئەدەبىياتى يازارمەنلىرىنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. بۇ ئوخشاشلىقنى توردىكى يېزىش ۋە پىكىر بېرىش چەكلىمىسىنىڭ بۇزۇپ تاشلىنىشىدىن كېلىپ چىققان يېزىقچىلىق ئەركىنلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان. چۈنكى نۇرغۇن تور ئەدەبىياتى ئوقۇرمىنى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تور ئەدەبىياتى يېزىقچىلىق پائالىيىتىنىڭ ئەڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىلىرى بولۇپ، مۇستەقىل ئەسەر يازمىغان تەقدىردىمۇ ئەسەرلەرنى باھالاپ سېلىشتىن خالىي بولالمايدۇ. تورنىڭ ئەركىن مۇھىتى ۋە ئادەمنى مۇنازىرىگە چىللايدىغان ئەركىن كەيپىياتى ئادەمنى ئىختىيارسىز توردا ئەسەر يېزىش كويىغا سالىدۇ. شۇڭا بىز تور ئەدەبىياتىنى تىلغا ئالغاندا ئىختىيارسىز ھالدا تور يازارمەنلىرى بىلەن ئوقۇرمەننىڭ چېگراسىنى بۇزۇپ تاشلىدى دەپ ھۆكۈم چىقىرىشقا مەجبۇر بولىمىز.

تور ئەدەبىياتى ئوقۇرمەنلىرى ھەققىدە تىلغا ئېلىپ قويۇشقا ئەرزىيدىغان بىر مەسىلە شۇكى، بىر قىسىم تور ئەدەبىياتى ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئەسلىي مەدەنىيەت سەۋىيەسى ۋە جەمئىيەتنى چۈشىنىشى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش تور دۇنياسىدا بەزى داۋالغۇشلارنى پەيدا قىلدى. ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەر ھەققىدە بەرگەن پىكىرلىرى ئۇلارنىڭ چۈشىنىش سەۋىيەسىدىن ھالقىيالمىغانلىقى ۋە توردا بۇنداق ئادەملەرنىڭ نىسبەتەن كۆپلۈكى تۈپەيلىدىن توردا بىر قىسىم ساپ سەنئەتلىك ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك بولغان ئەسەرلەر ئوقۇرمەننىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشەلمىدى. شۇ سەۋەبتىن تور ئەدەبىياتى بىلىپ ـ بىلمەي چەكسىز ئاممىباپلىق ۋە بارغانسېرى تور ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىغا قاراپ يېقىنلىشىدىغان تۈيۈق يولغا كىرىپ قالدى.

قارىماققا بۇ ئەھۋال ئاپتور بىلەن ئوقۇرمەننىڭ ئارىلىقىنى يېقىنلاشتۇرغاندەك قىلسىمۇ، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئەدەبىياتنى يېتەكلەش ۋە ئوقۇرمەننىڭ ئەدەبىيات چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىقتىدارى بۇ خىل غۇلغۇلا مۇھىتى تېگىشلىك ئورۇنغا ئېرىشەلمەي، تور ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق يۈنىلىشى ئاممىباپلىق ۋە ئاممىباب سەنئەت يۈنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلدى. ناۋادا بۇندىن كېيىن ئۇيغۇر تور ئەدەبىياتى يۇكسەك دەرىجىدە ئاممىباپلىشىپ قېلىش ۋە ئوقۇرمەننىڭ سەۋىيەسىگە چەكسىز يېقىنلىشىش خاھىشىدىن خالىي بولالمىسا، بارغانسېرى ئەدەبىي قىممىتىنى يوقىتىشى ۋە قايتىدىن خەلق تەرىپىدىن مەنسىتىلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن.

بۈگۈنكى ئۇيغۇر تور يازارمەنلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات زېمىنىدىن كىرگەن يازارمەنلەرنىڭ يەنە بىر ۋەزىپىسى تور ئوقۇرمەنلىرىنى تەربىيەلەش ۋە ئۇلارنىڭ ئېستېتىك ھۇزۇرلىنىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش تەرىپىگە يۈزلىنىپ تەرەققىي قىلىشى كېرەك. ئەدەبىيات مەسىلىلىرى ھەققىدە مۇھاكىمىلەر بارغانسېرى چوڭقۇر ۋە سەنئەتلىك تۈس ئېلىشى كېرەك. شۇندىلا تور ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنى بارغانسېرى گەۋدىلىنىدۇ.

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدا



# قەدىمكى كۇسەن بەگلىكى قۇيۇپ تارقاتقان مىس پۇللار

مۇھەممەد تۇراپ

ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئارخېئولوگلىرى 20 - ئەسىر كىرگەندىن بۇيان، كۇچا، قاراشەھەر ئەتراپىدىكى قەدىمكى يادىكارلىق ئىزلىرى، قەدىمكى شەھەر خارابىلىقلىرىدىن كۇسەن يېزىقىدىكى زور بىر تۈركۈم ئەدەبىي ئەسەر، بۇددا نومى، شېئىر، سەھنە ئەسىرى، ھۆكۈمەت خەت - چەكلىرى، خۇسۇسىي خەت - چەكلەر ۋە قەدىمكى كۇسەن يېزىقى ۋە قەدىمكى خەنزۇ يېزىقى چۈشۈرۈلگەن قەدىمكى مىس پۇللارنى قېزىۋالدى. قەدىمكى كۇسەن يارماقلىرى كۇچا، بۈگۈر، قاراشەھەر، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغاندىن سىرت يەنە خوتەندىنمۇ تېپىلغانلىقى مەلۇم.

قەدىمكى كۇسەن يارمىقى — قىزىل مىس ۋە سېرىق مىستىن قۇيۇلغان يۇملاق شەكىللىك، تۆت چاسا تۆشۈكلۈك مىس پۇلدىن ئىبارەت. مەزكۇر پۇلنىڭ قېلىنلىقى 0.1 — 0.15 سانتىمېترغىچە بولۇپ، چۈشۈرۈلگەن يېزىقلاردىكى خەتنىڭ بەزىلىرى تولۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، خەتلەرنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ. پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىگە قەدىمكى كۇسەن يېزىقى، تەتۈر يۈزىگە خەنزۇچە «五铢» (بەش جۇ) دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. قەدىمكى كۇسەن يارمىقىنى چوڭ - كىچىكلىكى ۋە ئېغىرلىقىغا قاراپ مۇنداق تۆت تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

بىرىنچى تۈرى: بۇ خىلدىكى مىس پۇلدىن جەمئىي 12 دانە تېپىلغان بولۇپ، سىرتقى قىسمىنىڭ دىئامېتىرى ئىككى سانتىمېتىر (بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر دانە پۇلنىڭ دىئامېتىرى 2.2 سانتىمېتىر كېلىدۇ)، ئىچكى قىسمىنىڭ تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 2.8 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى تەخمىنەن ئىككى گرام كېلىدۇ.

ئىككىنچى تۈرى : بۇ خىلدىكى مىس پۇلدىن جەمئىي 113 دانە تېپىلغان بولۇپ، سىرتىنىڭ دىئامېتىرى تەخمىنەن 1.8 سانتىمېتىر، ئىچكى قىسمىنىڭ تەرەپ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 0.7 — 0.8 سانتىمېترغىچە، ئېغىرلىقى 1.8 گرام كېلىدۇ.

ئۈچىنچى تۈرى: بۇ خىلدىكى مىس پۇلدىن جەمئىي 113 دانە تېپىلغان بولۇپ، سىرتىنىڭ دىئامېتىرى 1.5 — 1.6 سانتىمېترغىچە، ئىچكى قىسمىنىڭ تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 0.6 — 0.7 سانتىمېترغىچە، ئېغىرلىقى 1.2 گرام كېلىدۇ.

تۆتىنچى تۈرى: بۇ خىلدىكى مىس پۇلدىن جەمئىي 42 دانە تېپىلغان بولۇپ، سىرتىنىڭ دىئامېتىرى تەخمىنەن 1.3 — 1.4 سانتىمېترغىچە، ئىچكى قىسمىنىڭ تەرەپ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 0.5 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى تەخمىنەن 0.9 گرام كېلىدۇ.

خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى يازغان «تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك خاتىرىسى» ناملىق ئەسەرنىڭ 601 - بېتىگە ئاساسلانغاندا، كۇچا رايونىدىن يەنە بىر خىل تۆردىكى خەنزۇچە - كۇسەنچە يېزىق چۈشۈرۈلگەن قەدىمكى كۇسەن مىس پۇلدىن پەقەت ئىككى دانە تېپىلغان. بۇنىڭدىكى بىر دانە پۇلنىڭ سىرتقى قىسمىنىڭ ئايلانمىسى تەخمىنەن ئىككى سانتىمېتىر، ئىچكى قىسمىنىڭ



دىئامېتىرى 0.8 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى تەخمىنەن 2.2 گىرام كېلىدۇ. يەنە بىر دانىسىنىڭ سىرتقى قىسمىنىڭ ئايلانمىسى تەخمىنەن 1.8 سانتىمېتىر، ئىچكى قىسمىنىڭ دىئامېتىرى 0.9 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 1.6 گىرام كېلىدۇ. قەدىمكى كۇسەن يارمىقىنىڭ قۇيۇلغان ۋە ئوبوروت قىلىنغان ۋاقتىنىڭ باش - ئاخىرقى چېكى ئەلۋەتتە كۇسەن يېزىقىنىڭ تارقىلىپ ئومۇملاشقان ۋاقتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. قەدىمكى كۇسەن يېزىقى بىراھما ھەرپلىرىنىڭ يانتۇ شەكلىدە يېزىلغان بىر خىل يېزىق بولۇپ، 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بايقالغاندىن بۇيان، جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى، ئارخېئولوگلىرى، يېزىقشۇناسلىرى ۋە تىلشۇناسلىرى كۇسەن يېزىقى ئۈستىدە يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، كۇسەن يېزىقىنىڭ مىلادىيە 3 - ئەسىردىن باشلاپ كۇسەن رايونىدىن ئىبارەت بۇ بىپايان كەڭ زېمىنغا يىلتىز تارتىپ كۇسەندە ئۆتكەن ئەجدادلارنىڭ ئاساسلىق يېزىقلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغانلىقىنى يەكۈنلەپ، «كۇسەن يارمىقى مىلادىيە 3 - 4 - ئەسىردىن باشلاپ مىلادىيە 7 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە قۇيۇلۇپ ئوبوروت قىلىنغان» دېگەن كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

1982 - يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئارخېئولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى يۈ ۋېيچاۋ ئەپەندى مەزكۇر پۇللاردىكى «五铢» دېگەن ئىككى خەتتىكى «五» دېگەن خەت بەش دېگەن سانىنى، «铢» دېگەن خەت «مىسقال» دېگەن مىقدار سۆزىنى ئىپادىلەيدۇ دەپ ئوتتۇرىغا قويىدى.

قەدىمكى كۇسەندە قۇيۇلغان پۇللارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن قەدىمكى كۇسەن بەگلىكىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ مىتال تاۋلاش ۋە قۇيمىچىلىق تېخنىكىسى بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى.

## كۇسەن بەگلىكى ۋە ئۇنىڭ مىتال تاۋلاش ۋە قۇيمىچىلىق تېخنىكىسى

كۇسەن — خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەگلىكلەر ئىچىدىكى چوڭ بەگلىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»نىڭ كۇسەن بەگلىكى دېگەن قىسمىدا : «خان كۇسەن شەھىرىدە تۇرىدۇ، كۇسەن شەھىرى چاڭئەنگە 7480 چاقىرىم كېلىدۇ. خەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا 6970 ئائىلە، 81 مىڭ 317 نوپۇس، 21 مىڭ 716 سەرخىل لەشكەر بار ئىدى. بەگلىكنىڭ جەنۇبى نىيەگە، شەرقىي جەنۇبى چەرچەنگە، غەربىي جەنۇبى ئۇزۇن تېتىرغا، شىمالى ئۇيسۇنغا، غەربى ئاقسۇغا تۇتىشىدۇ... قوغۇشۇن چىقىدۇ، شەرقتە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى جايلاشقان، بۆگۈرگە 350 چاقىرىم كېلىدۇ. خاننىڭ فامىلىسى بەي بولۇپ، كۇسەن شەھىرى (ھازىرقى كۇچا ناھىيەسىدىكى پىلاڭ قەدىمكى شەھىرى) دە تۇرىدۇ، كۇسەننىڭ ئاستانىسى ھەيۋەتلىك بولۇپ، ئەتراپى 17 — 18 چاقىرىم كېلەتتى» دېيىلگەن.

خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ھونلار قۇدرەت تاپقاندا كۇسەن خانى ھونلار غەربىي يۇرتتا تەسىس قىلغان چاكارلار كاھېبگىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. بەزىدە ھۇنلارنىڭ تەسىر كۈچى غەربكە سوزۇلۇپ قۇم، ئونسۇ، سەپەرباي قاتارلىق بەگلىكلەرگە، ئەڭ يىراق بولغاندا يەكەن، سۇلې (ھازىرقى قەشقەر) ئەتراپلىرىغا سوزۇلغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۇسەننىڭ تېررىتورىيەسى ئاساسەن ئۆگەن دەرياسى، كۇچا دەرياسى ۋادىسى سۇغۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۇچا، باي، توقسۇ، شايار قاتارلىق تۆت ناھىيەنىڭ زېمىنىدىن ئىبارەت بولغان. كېيىن شىمالدىكى ھونلارنىڭ غەربكە قاراپ كۆچۈشىگە ئەگىشىپ، كۇسەن بەگلىكى يېقىن ئەتراپتىكى قۇم، ئونسۇ، ۋە سەپەرباي قاتارلىق ئۈچ بەگلىكنىڭ زېمىنىنى قوشۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ زېمىنى شەرقتە كورلىدىكى باشئەگمىگە، غەربتە مارالبېشىنىڭ شەرقىگە، شىمالدا تەڭرىتېغىغا، جەنۇبتا چۆللۈككىچە تۇتاشقان. شەرق بىلەن غەرب تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق، جەنۇبى بىلەن شىمالىي تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 600 چاقىرىمدىن ئارتۇق بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى چوڭ بەگلىككە ئايلانغان. ئىككى جىن سۇلالىسى ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە كۇسەن رايونىنىڭ ئىقتىسادى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلانغان. كۇسەن چېگراسى ئىچىدە بۇددا دىنى تارقالغان، ماددىي بايلىقلىرى مول بولۇپ، ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرىدىن سېپتا توقۇلغان گىلەم، مىس، تۆمۈر، قوغۇشۇن، مەرگىمۇش، ئارساك ئەترىسى، ئالتۇن قاتارلىقلار قېزىپ چىقىرىلغان. ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئېرىتىپ ياسالغان تۆمۈر قوراللار 36 بەگلىكنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالىغان. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە : «كۇسەندە باج - سېلىق ۋە يەرلەردىن ئىجارە ئېلىنىدۇ، يېرى يوقلاردىن كۈمۈش ئېلىنىدۇ» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تېز بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ۋېي، جىن، شىمالىي ۋە جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە كۇسەندە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، كۇسەننىڭ كە-

چىك يارمىقى، بەش جۇلۇق يارماق (كۇسەن خەنزۇ يېزىقىدىكى پۇل دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قۇيۇپ تارقىتىلغان بولۇپ، بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىقتىساد ۋە سودىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. كۇسەنىنىڭ ئۆزىدە يېزىق بارلىققا كەلگەنلىكى، خەلقىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر ئىكەنلىكى بىلەن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەنشىدىكى تۆت قورغاننىڭ بىرى بولۇپ قالغان. «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە : «كۇسەندىن مىس، تۆمۈر، قوغۇشۇن... چىقىدۇ» دېيىلگەن. «تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە : «كۇسەندىن ئالتۇن چىقىدۇ» دېيىلگەن. بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە : «كۇسەندە يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن ئالتۇن، مىس، تۆمۈر، قوغۇشۇن، سىنىك چىقىدۇ. ئالتۇن، كۈمۈش ۋە كىچىك يارماق ئىشلىتىلىدۇ» دېيىلگەن.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول سانائەت، كۈندىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، كۇسەن بەگلىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپلا ئۆز بەگلىكىنىڭ كان ئېچىش، مېتال ئېرىتىش ۋە قۇيۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرغان. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە : «كۇسەندە تۆمۈر ئېرىتىلىدۇ، قوغۇشۇن چىقىدۇ» دېيىلگەن بولۇپ، شۇ دەۋرلەردە كۇسەن بەگلىكىنىڭ كان قېزىش ئىشلىرى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان. يېقىنقى زاماندا ئارخېئولوگلار كۇچا ناھىيەسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى خارابىلىكلەردىن خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تۆمۈر تاۋلايدىغان تېگىلچە، تۆمۈر ئۈۋۈندىسى، تۆمۈر رودىسى، ساپال كوزا قاتارلىقلارنى قېزىۋالدى. بۇ يەردىكى خارابىلىكتىن قېزىۋېلىنغان كوزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 26 سانتىمېتىر، ئىچكى دىئامېتىرى 4.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىكى سەيياھ لى داۋيەن ئۆزىنىڭ «دەريالار تەپسىرات ئىزاھلىرى. دەريا سۈيى» ناملىق كىتابىدا: بۇددا دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ غەربىي يۇرت خاتىرىسىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ: «كۇسەنىنىڭ شىمالىدىكى 200 چاقىرىم يىراقلىقتا بىر تاغ بار بولۇپ، كېچە - كۈندۈز ئىس چىقمايدۇ، بىراق كېچىسى ئوت يورۇقىنى كۆرگىلى بولىدۇ، كىشىلەر بۇ تاغدىن تاش، كۆمۈرلەر بىلەن تۆمۈرلەرنى ئېرىتىپ، 63 بەگلىكنى تەمىنلەيدۇ» دەيدۇ. «ئوت يورۇقىنى كۆرگىلى بولىدۇ، بىراق كېچە - كۈندۈز ئىس چىقمايدۇ» دېگەن سۆز شۇ دەۋردىكى تۆمۈر تاۋلاش ئىشچىلىرىنىڭ كېچە - كۈندۈز ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارغانلىقىنى ئىسپاتلىسا، «بۇ تاغدىن تاش كۆمۈرلەر بىلەن تۆمۈرلەرنى ئېرىتىدۇ» دېگەن سۆز كۇسەندىكى ئىشچىلارنىڭ كۆمۈردىن پايدىلىنىپ تۆمۈر ئېرىتىشتەك ئىلغار تېخنىكىلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، «36 بەگلىكنى تەمىنلەيدۇ» دېگەن سۆز قەدىمكى كۇسەن بەگلىكىنىڭ ئەينى زاماندىكى قۇيمىچىلىق ئىشلىرىنىڭ زور دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقى، مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ نەقەدەر ئىشەنچلىك ئىكەنلىكى، ئۆز بەگلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئەتراپىدىكى بەگلىكلەرنىمۇ تەمىنلەپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

تۆۋەندە مەن كۇسەندە ئۇزۇن مەزگىل ئىشلىتىلگەن بەش جۇلۇق يارماق بىلەن كۇسەن كىچىك يارمىقىنى ئوقۇرمەنلەر دىققىتىگە سۇنماقچىمەن:

## كۇسەنىنىڭ بەش جۇلۇق يارمىقى

كۇسەنىنىڭ بەش جۇلۇق يارمىقى - كۇسەن يېزىقى چۈشۈرۈلۈپ قۇيۇلغان پۇل بولۇپ، ماتېرىيالىغا قىزىل مىس ئىشلىتىلگەن. بۇ پۇلدىن ھازىرغىچە 10000 دانىدىن كۆپرەك تېپىلدى. ئۇنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ بەش تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. ئادەتتە، پۇلنىڭ ئايلانمىسى 1.3 — 2.1 سانتىمېتىر، ئوتتۇرىسىدىكى تۆشۈكنىڭ ئايلانمىسى 0.5 — 0.9 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 1.43 — 2.2 گىرام كېلىدۇ.

جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئارخېئولوگلىرى يېقىنقى يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىن خېتى ھەم نەقىشمۇ يوق، كۆپىنچىسىدە خەنزۇچە، كۇسەنچە ئىككى خىل يېزىق ئويۇلغان نۇرغۇن بەش جۇلۇق كۇسەن يارمىقىنى تاپقان. ئىككى خىل يېزىقلىق بەش جۇلۇق مىس پۇللارنى خەتلىرىگە ئاساسەن ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. بىرىنچى تۈرى: پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىگە خەنزۇچە، كۇسەنچە ئىككى خىل يېزىق چۈشۈرۈلگەن. ئارقا يۈزىدە يېزىقمۇ، نەقىشمۇ يوق پۇللار. ئىككىنچى تۈرى: ئوڭ يۈزىگە خەنزۇچە جۇەنشۇ خېتى شەكلىدە بەش جۇ دېگەن خەت، ئارقا يۈزىگە كۇسەنچە خەت چۈشۈرۈلگەن. بۇنداق مىس پۇللار قۇيۇلۇشى ئەڭ كۆپ ۋە بىر قەدەر نەپىس بولۇپ، خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۈچىنچى تۈرى: ئوڭ يۈزىدە كۇسەنچە خەت بار، تەتۈز يۈزىدە خەت يوق. بىراق بۇ تۈردىكى مىس پۇلدىن پەقەت ئۈچ دانىلا بار. خەنزۇچە، كۇسەنچە ئىككى خىل يېزىقلىق مىس پۇلنى ئىشلىتىلگەن ماتېرىيالىغا قاراپ قىزىل مىس پۇل، سېرىق يارماق دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. بىراق سېرىق يارماق ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. خەنزۇچە - كۇسەنچە ئىككى خىل يېزىقلىق يارماق خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەش جۇلۇق مىس پۇلنىڭ ئەنئەنىۋى قېلىپىدا قۇيۇلۇپلا

قالماي بەلكى، جىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىن بۇيانقى
چۆرىسى يۇملاق، ئوتتۇرىسى چاسا تۆشۈكلۈك مىس پۇل.
نىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، مىلادىيە
3 ـ ئەسىردىن 6 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئوبوروت
قىلىنغان.

1957 ـ يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئو.
لوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ شىنجاڭ ئەترىتى كۇچادىكى سۇ
بېشى بۇددا ئىبادەتخانا خارابىلىقىدىن بىر يۇزىگە كۇ.
سەنچە يېزىق چۈشۈرۈلگەن مىس پۇلدىن سەككىز دانە
تېپىۋالغان. مارالبېشى ناھىيەسىدىكى توققۇز ساراي خارا.
بىلىقىدىن بىر يۈزىگە كۇسەنچە يېزىق چۈشۈرۈلگەن مىس
پۇلدىن خېلى كۆپ تېپىلغان. 1980 ـ يىلى ئاپتونوم
رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى بۇگۇر قەدىمە.
كى شەھىرى خارابىلىقىدىن كۇسەن بەگلىكىنىڭ 200
دانىدىن ئارتۇق مىس پۇللىرىنى قېزىۋالغان. 1983 ـ يە.
لى مارالبېشىدىن ئايلانمىسى ئىككى سانتىمېتىر، تۆشۈكى.
نىڭ ئايلانمىسى 0.8 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى ئىككى گىرام
كېلىدىغان بىر يۈزىگە كۇسەنچە يېزىق چۈشۈرۈلگەن مىس
پۇلدىن بىر دانە تېپىلغان. 1986 ـ يىلى 4 ـ ئايدا كۇچا
ناھىيەسىدىكى دۆڭمەھەللە مەسچىتىدە قۇرۇلۇش قىلىۋاتـ
قاندا ياخشى ساقلانغان مىس پۇلدىن 10 مىڭ 76 دانە
تېپىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى خەنزۇچە ـ كۇ.
سەنچە ئىككى خىل يېزىقلىق مىس پۇلدىن 10 مىڭ 64
دانە، خەن سۇلالىسىنىڭ بەش جۇلۇق يارماق، چۆرىسى
كېسىلگەن يارماق ۋە خېتى يوق كىچىك مىس پۇللاردىن
بولۇپ، جەمئىي 12 دانە تېپىلغان. ھەممىسى ئىنتايىن مۇ.
ھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. كۇچا ناھىيەلىك مەدەنىيەت
يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى كۇسەن بەگلىكىنىڭ
10000 دانىدىن ئارتۇق مىس پۇللىرىنى قېزىۋالغان بو.
لۇپ، بۇ پۇللارنىڭ سانى ۋە تۈرى كۆپ، دائىرىسى
كەڭ، مەزمۇنى مول بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن كۇ.
سەننىڭ غەربىي يۇرتتىكى باشقا بەگلىكلەردىن ئۈستۈن
تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ..

## كۇسەننىڭ كىچىك مىس پۇللىرى

كۇسەننىڭ كىچىك مىس پۇللىرى كۇسەننىڭ بەش
جۇلۇق مىس پۇلدىن كىچىكرەك، قىزىل مىستىن قويۇل.
غان، قىرى يوق، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشىمايدىغان،
شەكلى يۇملاق، ئوتتۇرىسىدا چاسا تۆشۈكى بار يارماق
بولۇپ، ئايلانمىسى 1.7 ــ 1.9 سانتىمېتىر، تۆشۈكىنىڭ
ئايلانمىسى 0.5 ــ 0.9 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 0.2 ــ
1.4 گىرام كېلىدۇ. 20 ـ ئەسىردە بۇ خىل پۇللار كۇچا،
مارالبېشى، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن كۆپ تېپىلغان بو.
لۇپ، ئوبروت دائىرىسى كۇسەننىڭ بەش جۇلۇق يارمە.
قىدىن كەڭ بولغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئاۋرېل. سە.
تەيىن تارىم ئويمانلىقىنى ئېكسپېدىتسىيە قىلغاندا كۇسەن
بەگلىكىنىڭ بىر قانچە دانە كىچىك يارمىقىنى بايقىغان. يا.
پونىيەنىڭ داگۇ گۇاڭرۇي ئارخېئولوگىيە ئەترىتى كۇسەن
بەگلىكىنىڭ 263 دانە پۇلىنى قېزىۋالغان. بۇنىڭدىن 63
دانىسى قۇمتۇرا مىڭئۆيىدىن قېزىۋېلىنغان. 1958 ـ يىلى
كۇچانىڭ تاختاچىن قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن كۇسەن.
نىڭ كىچىك مىس پۇلدىن خېلى كۆپ تېپىلغان. 1989 ـ
يىلى يەنە باي ناھىيەسىنىڭ ئونباش خارابىلىقىدىن 400
دانىدىن كۆپ تېپىلغان.

خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى كۇسەننىڭ كىچىك مىس پۇل.
لىرىنى ئالتە سۇلالە دەۋرىدە قويۇپ ئوبوروت قىلىنغان
پۇل دېگەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىلىم ساھەسىدە
چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى. لىۇ سۇڭبو ئەپەندى مىلادى.
يەدىن بۇرۇنقى 1 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 10 ـ
ئەسىر (غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن شىمالىي سۇڭ
سۇلالىسىنىڭ دەسلىپى) گىچە قويۇپ ئوبروت قىلىنغان
دېگەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

كۇسەن بەگلىكىنىڭ كىچىك مىس پۇللىرىنىڭ ئالاھـ
دىلىكى شۇكى: كىچىك، نېپىز، خەتسىز، تۆشۈكى چوڭ،
نۇسخىسى كۆپ خىل بولۇپ، كۆپىنچىسى قىزىل مىستىن
قۇيۇلغان. ئالاقىدار مۇتەخەسسىلەرنىڭ بۇ يارماق بىلەن
بىللە قېزىلغان باشقا بۇيۇملارنى ۋە قېزىلىش ئەھۋالىنى
بىرلەشتۈرۈپ دەلىللىشىگە قارىغاندا، بۇ يارماق تەخمىنەن
مىلادى 5 ـ ئەسىردىن 7 ـ ئەسىرگىچە ئوبوروت قىلىنغان.

## كۇسەن بەگلىگىنىڭ كىچىك يارماق قېلىپلىرى

1989 ـ يىلى 9 ـ ئايدا كۇچا ناھىيەسىدىكى كۇ.
سەن قەدىمكى شەھەر خارابىلىقىنى تەكشۈرۈش جەريا.
نىدا، قەدىمكى شەھەرنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى ئې.
گىز ئىمارەت خارابىلىقىدىن ئون نەچچە دانە كىچىك يار.
ماق قېلىپلىرى، بىر قانچە دانە يارماق ۋە ئەينەك ساپال
قاچىلارنىڭ پارچىلىرى تېپىلغان. كىچىك يارماق قېلىپلىرى
لايدىن ياسالغان. پۇل قېلىپلىرىنىڭ بەزىلىرى قىزىل قو.
ڭۇر رەڭ، بەزىلىرى كۈل رەڭ بولۇپ، بۇ قېلىپلار پار.
چىنلىپ كەتكەن. قېلىپنىڭ چوڭلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بەش
سانتىمېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن تۆت سانتىمېتىر كېلىدۇ.
ئوتتۇرا ھال قېلىپنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن تۆت سانتىمې.
تىر، كەڭلىكى تەخمىنەن ئۈچ سانتىمېتىر، كىچىكلىرىنىڭ
ئۇزۇنلۇقى ئىككى سانتىمېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن بىر

سانتىمېتىر كېلىدۇ. قېلىپنىڭ قېلىنلىقى 0.2 سانتىمېتىردىن 0.3 سانتىمېتىرغىچە كېلىدۇ.

1989 ـ يىلى 10 ـ ئايدا كۇسەن قەدىمكى شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا تەخمىنەن 20 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىن، كۇسەن بەگلىكىنىڭ 100 نەچچە دانە كىچىك يارمىقى، قازان، مىس داشقال تېپىلغان. پۇل قېلىپلىرى كۆل رەڭ، قىزىل رەڭدە بولۇپ لايدىن ياسالغان. ئۇنىڭدا پۇل قۇيۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئىزلار ساقلىنىپ قالغان. بۇ قېتىم پۇل قۇيۇش قېلىپلىرىدىن تۆت دانە تېپىلغان بولۇپ، چوڭلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن ئىككى سانتىمېتىر، كىچىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن بىر سانتىمېتىر كېلىدۇ، قېلىپنىڭ قېلىنلىقى 0.4 ـ 0.2 سانتىمېتىرغىچە كېلىدۇ. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئوخشاش بىر قېلىپنىڭ ئۈستىدىكى ئىزنىڭ تاشقى دىئامېتىرى ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكى پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

1989 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، باي ناھىيەسىنىڭ ئونباش يېزىسىدىكى مىڭئۆيلەرنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، كۇسەن بەگلىكىنىڭ كىچىك يارماق قۇيۇش قېلىپلىرى تېپىلغان. يارماق قۇيۇش قېلىپى تېپىلغان ئورۇن جىلغا ئىچىدىكى تەكشى يەر بولۇپ، ئۇنىڭ شىمالىدا بىر بۇلاق بار. پۇل قۇيۇش قېلىپى بايقالغاندا خارابىلىك پۈتۈنلەي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، پۇل قۇيۇش قېلىپى، داشقال، قازان، ساپال قاچىلارنىڭ سۇنۇقلىرى قاتارلىقلار چېچىلىپ ياتقان. گەرچە خارابىلىك قالايمىقانلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما نۇرغۇن پۇل قۇيۇش قېلىپلىرى رەتلىك قۇيۇلغان، دەسلەپكى ئىستاستىكىغا ئاساسلانغاندا، بۇ قېتىم تېپىلغان پۇل قۇيۇش قېلىپلىرى 400 دىن ئاشىدۇ. بۇ پۇل قۇيۇش قېلىپلىرىنىڭ چوڭلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن توققۇز سانتىمېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن يەتتە سانتىمېتىر، كىچىكلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تۆت سانتىمېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 2.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ، قېلىپنىڭ قېلىنلىقى 0.3 ـ 0.2 سانتىمېتىرغىچە، بەزىلىرى 0.4 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

1989 ـ يىلى قىزىل مىڭئۆيىنى رېمونت قىلىش داۋامىدا كۇسەن بەگلىكىنىڭ يارماق قۇيۇش قېلىپلىرى تېپىلغان. ئونباش ۋە قىزىل مىڭئۆيدىن تېپىلغان كۇسەن بەگلىكىنىڭ كىچىك يارماق قۇيۇش قېلىپلىرى بۇددا دىنى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا كۇسەن بەگلىكىنىڭ كىچىك يارماق قۇيۇش قېلىپلىرى 3 ـ 4 ئەسىرلەر ئارىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

1958 ـ يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى «كۇسەن قەدىمكى شەھىرىنى قېزىشتىن دوكلات» ناملىق ئەسەردە: كۇچادىكى كۇسەن قەدىمكى شەھەر خارابىلىكىدىن قېزىۋېلىنغان كۇسەن بەگلىكىنىڭ كىچىك يارماق قۇيۇش قېلىپلىرى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن. خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى قېزىۋالغان كۇسەن بەگلىكىنىڭ كىچىك يارماق قۇيۇش قېلىپلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارنىڭ بىر قىسمى ھازىر بېيجىڭدىكى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا، بىر قىسمى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۆرگەزمىخانىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ پۇل قۇيۇش قېلىپلىرىنىڭ رەڭگى كۆل رەڭ بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 8.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 3.5 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.2 سانتىمېتىر كېلىدۇ. كۇسەن بەگلىكىنىڭ كىچىك يارماق قۇيۇش قېلىپلىرى تېپىلغان باي ناھىيەسىدىكى ئونباش قىزىل مىڭئۆيىنىڭ جەنۇبىدا مىس تاغ، شىمالىدا موزات دەرياسى بار بولۇپ، بۇ قەدىمكى زاماندا مىس كانلىرىنى ئېچىش ۋە ئېرىتىشتىكى مۇھىم سورۇن بولۇپ قالغان. تەكشۈرۈپ چىققان مىس ئېرىتىش خارابىلىكىدىن دۆڭمەھەللە، شەيخ مەھەللىسى قاتارلىق مىس ئېرىتىش خارابىلىكى بار. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مىس ئېرىتىش خارابىلىكىنىڭ كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، شەرقىي بىلەن غەربىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 200 مېتىر، جەنۇبىي بىلەن شىمالىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 60 مېتىر كېلىدۇ. بۇ يەرلەردىن تاۋلاش سايمانلىرى، پۇل قۇيۇش قېلىپلىرى ۋە كىچىك يارماق قۇيۇش قېلىپلىرى تېپىلغان. بەزى كىچىك مىس پۇللار ئاشۇ پۇل قۇيۇش قېلىپلىرىغا چاپلاقلىق ھالەتتە تۇرغان.

دېمەك، كۇچا ناھىيەسى ۋە باي ناھىيەسىدىكى خارابىلىكلەردىن تېپىلغان پۇل قۇيۇش قېلىپلىرىدىن ئەينى زاماندىكى پۇل قۇيۇش تېخنىكىسىنىڭ نەقەدەر يۇقىرى ئىكەنلىكى، بۇ پۇل قۇيۇش قېلىپلىرىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى ئىلمىي ھۈنەر ـ سەنئەتنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار

(1) ئادىل مۇھەممەد، تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۈمەن بىرلىكتە يازغان «قەدىمكى كۇسەن» ناملىق كىتاب.

(2) «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى پۇللىرى» ناملىق ژۇرنال (خەنزۇچە)، 1986 ـ يىللىق 8 ـ سان.

(3) «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق ئۇيغۇرچە كىتاب، 1 ـ قىسىم.

ئاپتور: توقسۇ ناھىيەلىك خەلق بانكىسىدا





# مۇھەببەت، جاۋابلىك نىمە

(ھېكايە)

**ئەزىز ئىمىر يانغىن**

ئارسلان !

مانا بۈگۈن ئۆزۈم ئارزۇلاپ تۇتقان ئۆينى تاشلاپ
كېتىش ئالدىدا يەنە نېمە ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئېلىۋاتقاند-
لىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ھاياتنىڭ بوران ـ چاپقۇنلى-
رى مېنى ھېچقاچان بۇنداق ئېغىر قامچىلىغان ئەمەس. بۇ
خېتىم بەلكىم ھاياتلىق يولىدا قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى
بىلەلمەي چۆل ـ جەزىرىلەردە تەمتىرەپ يۈرگۈچىلەرگە
ۋە ئۇلارنى خارلىغۇچىلارغا قارىتىلغان تەنىدۇر. بەلكىم
مۇشۇ زېمىندا ئۆز تەقدىرىنى باشقىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇ-
زۇپ قويۇپ پەرياد چېكىۋاتقانلارنىڭ ئاچچىق نالىس-
دۇر...

ئارسلان، سەن سەپەردىن قايتىپ كېلىپ ئۆز ئۇۋ-
يۇڭگە كىرگەندە، مېنىڭ ھىدىم سېنىڭ كۆڭلۈڭدىن ئاللى-
بۇرۇن يوقالغان ئوبرازىمغا ئوخشاش غايىب بولىدۇ. شۇ
چاغدا سەن مېنىڭ بۇ تاللىشىمدىن خۇشال بولارسەنمۇ يا-
كى ئازابلىنارسەنمۇ؟ ئەگەر سەن كېيىنكى چاغلاردا مېنى
ئۆزۈڭنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغۇشلايدىغان بوغقۇچ دەپ
چۈشەنگەن بولساڭ، ئۇ ھالدا سەن چوقۇم سېنى ئازاد
قىلغانلىقىم ئۈچۈن مەندىن خۇرسەن بولسەن، ھەتتا ماڭا
چىن دىلىڭدىن رەھمەت ئېيتىسەن. ئەمما سەن بىز بىرگە
ئۆتكۈزگەن ئاشۇ چاغلارنى ئەسكە ئالغان ۋاقتىڭدا، ھەر-
بىر كىچىككىنە ئەسلىمىلەرگىمۇ ئالەمچە مۇھەببەتنىڭ
سىڭدۈرۈلگەنلىكىنى، بەختسىزلىككە يۈزلەنگەندە ئاشۇ شېرىن
نەپەسلەرنىڭ ئادەمنىڭ جېنىنى قىينايدىغان قەپەسكە ئاي-
لىنىپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلالارسەنمۇ؟ يوقالغانلىقىمنى
بىلىشكىنىڭدە، سېنىڭ يېقىن ـ يورۇقلىرىڭ مېنى ھارغىچە
ئەيىبلىشەر. بەلكىم مېنى بۇزۇق، ۋاپاسىز خوتۇن دەپ
ماڭا نەپرەت بىلەن قارىشار. بىلىمەن، ئۇلار سېنىڭ تەرد-
پىڭنى ئېلىپ، مەندىن ئۆچۈڭنى ئېلىپ بەرمەكچىدەك ئې-
غىزغا ئالغۇسىز تىللار بىلەن مېنى ھاقارەتلەيدۇ. بۇنداق
دېسەم يازغانلىرى ئۆزى ئۈچۈن بولسا كېرەك، دەپ
ئويلاپ قالما. سەن نېمە دەپ ئويلىساڭمۇ مەن ئۆزۈمنىڭ
ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىم ئالدىدا گۇناھسىزمەن. ئەگەر
مەن ئۆزگىلەرنىڭ نەپرەتلىرىگە كۆمۈلۈپ قېلىشتىن قورق-
قان بولسام، ئاجىز جىسمىمنى ھەر تەرەپتىن قورشاپ ـ
قاپساپ تۇرىدىغان ئەلەم ـ ئاھانەتلەرگە تاشلاپ بەرمە-
گەن بولاتتىم. شۇڭا مەن ھازىر كىشىلەرنىڭ سوغۇق نە-
زەرى ئاستىدا قالسامۇ، لېكىن بىرخىل كۆڭۈل ئازادىلى-
كىنى ھېس قىلماقتىمەن. بەلكىم سەن بۇ سۆزلىرىمنى ئە-
يىبلەرسەن، زاڭلىق قىلىپ كۈلسەڭمۇ مەيلى. ھازىرچە
سەن كۈلىۋەر، قانغۇچە كۈلۈۋال! ئەمما ئاخىرقى ھېسابتا
ھامان بىر كۈنى ئۆز قىلمىشىڭنىڭ ئاچچىق ئازابىنى يەت-
كۈچە تارتىسەن. كۆز ياشلىرىڭنى بۇ زېمىنغا سىڭدۈرەل-
مەي قالىسەن. بايلىقىڭنىڭ سەلتەنەتى يۈرىكىڭگە قادىلى-



دۇ. بىر چاغلاردا سېنى مەست قىلغان، ئەقلى - ھوشۇڭدىن ئايرىغان نازلىق بېقىشلار ۋىجدانىڭنى باسماقتا ئوخشاش قىسىپ، ئۇنىڭ شاخلىرىنى سۇندۇرۇپ ئەيىبناك قىلىپ تاشلايدۇ. ئارسلان، مېنىڭچە دۇنيا يەنىلا ياخشىلار بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ. ھايات ھەقىقىي جان كۆيدۈرۈپ ياشىغۇچىلار بىلەن كۆكلەيدۇ. بۇنىڭغا ئىشىنەمسەن ئارسلان؟!

※ ※ ※

ئارسلان، بالىلىق چاغلىرىمىز ئېسىڭدىمۇ؟ ئىككىمىز بىر مەھەللىدە تۇغۇلۇپ، بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان ئىدۇق. مەھەللىمىز دەل - دەرەخلەر بىلەن پۈركەنگەن ئىدى. تاغ باغرىدا يېيىلىپ ياتقان بۈك - باراقسان كىچىك ئورمانلىق مەھەللىمىزگە خۇددى توز قانىتىدەك چىرايلىق ھەم يارىشىملىق تۈس بېرىپ تۇراتتى. مەھەللىنى كېسىپ ئۆتكەن ئۆستەڭ گويا بۇ يۇرتنىڭ ھاياتلىق يۈرىكىگە ئوخشايتتى. بىز ئەنە شۇ مەھەللىدە تاغ قۇشلىرىدەك ئەركە، ئېقىن سۇدەك ئەركىن چوڭ بولغان ئىدۇق. ھازىر ئويلىسام بۇ ئەڭ گۈزەل چاغلار ئىكەن. سېنىڭ ئۆيۈڭ تاغنىڭ ئالدىدا، مېنىڭ ئۆيۈم ئېدىرلىقتا يەنى ئۆستەڭنىڭ يېنىدا ئىدى. بىز ئۆستەڭنى شۇنداق ياخشى كۆرەتتۇق، ئۆستەڭ بويىدا جىمجىت ئولتۇرۇپ، شىددەت بىلەن مېنگىشىپ كېتىۋاتقان بۇژغۇنلارنى بىرلىكتە تاماشا قىلاتتۇق. ئۇ جاي بىز ئۈچۈن گۈزەل بىر ماكانغا ئايلانغان ئىدى. بىز ئۇنىڭغا شۇقەدەر كۆنۈپ كەتكەن ئىدۇقكى، بىز ئۇ جايغا بېرىپ تۇرمىساق شوخلۇقىمىزدىن، خۇشاللىقىمىزدىن،ئوتلۇق ناخشىلىرىمىزدىن مەھرۇم قالىدىغاندەك بولۇپ قالغان ئىدۇق. ئىككىمىز مەكتەپتىمۇ بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلمايتتۇق تاكى مەكتەپ پۈتكۈزگىچە بىر سىنىپتا ئوقۇدۇق. مەكتەپتە ھەم مەھەللىدە ھېچكىشى مېنى تاك ئېتىپ چېكەلمەيتتى. چۈنكى سەن مېنىڭ ھىمايىچىم ئىدىڭ. نېمىدېگەن گۈزەل چاغلار ئىدى - ھە!

تەقدىر ئىنساننىڭ ئەڭ گۈزەل چاغلىرىنى بەك قىسقا قىلىدىغان ئوخشايدۇ. شۇنداق قىلىپ كۆزلىرىمىزدىكى سەبىي، مەسۇم نۇرلارنىڭ ئورنىغا ياشلىق ئۇچقۇنلىرى ئالمىشىشقا باشلىدى. شۇندىن كېيىن بىز ياشلىق، كەلگۈسى توغرىلىق پىكىرلىشىدىغان، مۇڭدىشىدىغان بولدۇق. سېنىڭ بىر ئىشلارغا تېز ھاياجانلىنىپ، قىزىشىپ سۆزلەپ كېتىدىغان مىجەزىڭ بار ئىدى. شۇڭا مەن ساڭا چاقچاق قىلىپ «قىز بالا مىجەز» دەپ تېرىكتۈرەتتىم. سەن مېنى «قېرى مىجەز» دەيتتىڭ. مەن: «قىز بالا دېگەن ئاشۇنداق ئۆزىنى تۇتۇۋالغان بولسا ياخشى ئەمەسمۇ» دەپ كۈلۈپ قوياتتىم. شۇنداقتىمۇ سەن مېنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتىڭ. دۇنيادا نۇرغۇن يىگىتلەرنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلمايدىغان ۋە ئۇنىڭدىن زوقلانمايدىغان قىز بالا بولمىسا كېرەك. مەنمۇ سېنىڭ كۆزلىرىڭدە ئويناپ تۇرىدىغان ئىشق تۇيغۇسىدىن، ھارارەتلىك بېقىشلىرىڭدىن چەكسىز ھۇزۇرلىناتتىم، شادلىناتتىم.

شۇ يىلقى قىش ھازىرغىچە يادىمدىن چىقمايدۇ. ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى مۇز قاپلاپ، ئەتراپ ئاپپاق قار بىلەن ئورالغان چاغ ئىدى. قىشتا ئاسانلىقچە قار ياغمايدىغان بۇ قۇرغاق دىيار قېلىن قارنىڭ ئاستىدا تاتلىق ئۇيقۇغا باش قويغان ئىدى. بۇ ھال بىزگە ئوخشاش تۇرمۇش غېمى يوق، ياشلىق ھەۋەسى ئۇرغۇپ تۇرغان قىز - ئوغۇللارغا كۆڭۈللۈك ئويۇن بولۇپ بەرگەن ئىدى. شوخلۇق تىزگىنىنى ئۆز ئەركىگە قويۇپ بەرگەن كەپسىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىيالىغا نە دەرس ۋاقتىنىڭ توشقانلىقى، نە مۇئەللىملەرنىڭ چاقىرغان ئاۋازى كىرىپ چىقمايتتى. بىز شۇ كۈنى مەكتەپتىن قايتقاندا مەھەللىداشلىرىمىز بىلەن بىرگە ماڭدۇق. قىزلار بىر تەرەپ، ئوغۇللار بىر تەرەپ بولۇپ قار ئېتىشىپ ئوينىدۇق. ئاتا - ئانىمىزنىڭ «بالدۇر كەل» دېگەنلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك قارلىق دالىدىن ئايرىلغۇمىز يوق ئىدى. بىر چاغدا قارىسام سەن ئالدىمدا ئولتۇرۇپ قار پومزىكى ياساۋېتىپسەن. مەن تۇيدۇرماستىن چاپىنىڭنىڭ ياقىسىدىن بىر كاللەك قارنى تىقىۋېتىپلا قاچتىم، بار كۈچۈم بىلەن قاچتىم. سەنمۇ مېنى قوغلىدىڭ، جېنىڭنىڭ بارىچە قوغلىدىڭ. ئۆزۈمنى گويا سەن بىلەن قوغلاشقانچە يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بەختىيار قۇشتەك سەزگەن ئىدىم. بىر چاغدا سېنىڭ كۈچلۈك تىنىقىڭ قۇلىقىمغا ئۇرۇلدى. ئارقىدىنلا مۈرەمدىن تۇتۇۋالدىڭ. ئۇ چاغدا مېنىڭ يۈگۈرۈپ ھالىم قالمىغان ئىدى. شۇندىن كېيىن بىز يەنە قانچىلىك ئۇزۇن تارتىشماق ئوينىدۇقكىنتاڭ، ئېسىمگە كەلسەم ھەر ئىككىلىمىزنىڭ كۆزلىرى چۈچۈش ئىلكىدە قېتىپ قاپتۇ. لەۋلىرىمىز يېرىم ئېچىلغان، چىرايىمىزدا قان دىدارى يوق ئىدى. خۇددى بىر كۈچ بىزنى سېھىرلەپ قويغاندەك قېتىپ قالغان ئىدۇق. بۇ كۈچلۈك يانغىن، ۋەھىمە پەيدا قىلىدىغان كۈچ ئىدى. مەن ئۇنداق بولۇشنى بىلگەن بولسام قوينۇڭغا قارنى سالمىغان ھەم بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە يول قويمىغان بولاتتىم. بۇ بەلكىم شۇنداق بىر تاسادىپىيلىقتۇر. ئىككىمىزنىڭ خۇشاللىق - خاپىلىقلىرىمىزنىڭ مۇقەددىمىسىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى بىر - بىرىمىزنى قوغلىشىپ

باشقا باللاردىن يىراقلاپ كەتكەن ئىكەنمىز. بولمىسا مەن قانداقمۇ قىلاردىم؟ سەن كۆكسۈمگە بېرىپ قالغان قولۇڭنى تارتىۋېلىشنى ئۇنتۇغان ھالدا قېتىپ تۇراتتىڭ. مەن ئولتۇرۇۋالدىم، قىزلىق تارتىنىش، نومۇستىن كۆيۈپ چوغقا ئايلانغان ۋۇجۇدۇمنىڭ ھارارىتى پەسەيگەندىلا ئاندىن ئورنۇمدىن تۇردۇم. كۆزۈمنى ئاچسام ئەتراپ جىمجىت، ۋۇجۇدۇم قانداقتۇر بىر تۇيغۇدا چايقىلاتتى.

ئارسلان! ئىشەنسەڭ، مەن شۇ كېچىنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزدۈم. تومۇرلىرىمدا قاندىن باشقا نەرسىنىڭمۇ ئېقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. يۈرىكىم ئۇنى سىغدۇرالماي چاراسلاپ كۆيەتتى، پۈتۈن بەدىنىم لاۋۇلداپ قىزىيتتى، كۆڭلۈم نېمىنىدۇر بىر نەرسىنى ئىستەيتتى ... ئاھ، قىزلىق ھېسسىيات! ئۆي قاراڭغۇ بولسىمۇ يۈزۈمدىكى قىزىللىقنى، كۆڭلۈمدە باش كۆتۈرۈۋاتقان ئىنتىلىشلەرنى باشقا بىرى كۆرۈپ قالىدىغاندەك يىشمنى يوتقان ئىچىگە يوشۇراتتىم...

شۇندىن كېيىن بىر ھەپتىلەرگىچە بىز نېمە دېيىشىمىزنى بىلەلمەي يۈرۈشتۇق. ئىككىلىمىز يۈزتۇرانە كۆرۈشۈپ قېلىشتىن قاچاتتۇق. پەقەت يىراقتىنلا بىر ـ بىرىمىزگە ئوغرىلىقچە قارىشاتتۇق. كۆڭۈل كۆزىمىز بىر ـ بىرىمىزنى ئىزدەپلا تۇراتتى. بىز مەكتەپكە بېرىپ ـ كېلىشمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ماڭىدىغان بولدۇق. سېنىڭ بۇرۇنقى شوخلۇقۇڭدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى. ئاشۇ چاغدا ھەر ئىككىلىمىزنىڭ بىر ـ بىرىمىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلىپ يەتكەن ئىدىم. مەن سېنىڭ مېنى ئاشۇ ئوتلۇق قۇچىقىڭدا ئەركىلىتىشىڭنى زارىقىپ كۈتەتتىم. ھەركۈنى دېگۈدەك ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇراتتىم، مۇڭلىناتتىم، شېرىن بىر ئۈمىدتىن شادلىناتتىم. جاۋابى نائېنىق تۇيغۇلارغا ئەسىر بولاتتىم، ئۇنىڭدىن ئاللىنېمىلەرنىدۇر ئىزدەيتتىم. يەنە تۇرۇپلا ئۈمىدسىزلىنەتتىم، «مۇھەببەت، ياخشى كۆرۈش» دېگەن مۇشۇمىكىنە، دەيتتىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە، مۇرەككەپ تۇيغۇلىرىمنى ئۆزى بىلەن يىراقلارغا ئېلىپ كېتىۋاتقان شاۋقۇنلۇق ئېقىنغا قاراپ.

بىر كۈنى سەن مەن بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان بىر ئىشنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ، كەچتە ئۆستەڭ بويىغا چىقىشىمنى تاپىلىدىڭ. مەن ماقۇل بولدۇم ھەم كەچتە ئۆيدىن چىقتىم. ئالدىڭغا كېلىپ ئۈن ـ تىنسىز تۇردۇم، ئەمما بەك ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتىم. سەنمۇ شۇنداق تۇراتتىڭ، ھەدېگەندە تىلىڭ گەپكە كەلمەي قالدى. بىز خېلى ئۇزۇنغىچە ھودۇقۇش ئىلكىدە جىمجىت ئولتۇردۇق. بىر ۋاقىتتا سەن غارالڭ ـ غۇرۇلڭ ئاۋازىڭ بىلەن شۇنداق دېدىڭ:

ــ مەن سېنى نەچچە يىلدىن بېرى، ھەتتا ئېسىمنى بىلگىنىمدىن تارتىپ ياخشى كۆرىمەن، بۇ مۇھەببەت ئازابلىرى دەستىدىن كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ گۈلبەر. بۇ ھەسرەت مەن بىلەن تەڭ تۇغۇلغان، مەن ئۆلگەندە تۈگەيدۇ. ئۇنىڭ شۇ ئازابلىرىنىمۇ ياخشى كۆرىمەن. بۇنداق ئازابلار بولمىسا ھاياتنىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن؟ يىشىم چوڭايغانسېرى سەندىن باشقا ھېچكىمگە قىزىقماس بولۇپ قالدىم ... ــ يىشمنى كۆتۈرۈپ چىرايىڭغا قارىدىم. سېنى ھېچقاچان بۇنچىلىك يېقىملىق ھېس قىلمىغان ئىدىم. سەن كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرىڭ بىلەن قوللىرىمنى تۇتتۇڭ. مەن ئالقانلىرىمنى ئاستا ئاچتىم ...

ئارسلان، بىز شۇ كۈندىن باشلاپ ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. كاككۇكلارنىڭ مۇڭلۇق سايرىشىنى چۈشىنەلەيدىغان بولدۇق، ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرۇپ سۇلارنىڭ قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇشىدىن، مەجنۇنتاللارنىڭ تولغىنىپ ئەركىلىشىدىن ھاياجانغا چۆمۈلىدىغان بولدۇق. ھازىر ئويلاپ باقسام مۇھەببەت قايىنىمىغا كىرىپ قالغان كىشى ئۆز ۋۇجۇدىدا يانغان ئىشق ـ مۇھەببەتكە توغرا مۇئامىلە قىلىپ ئۇنىڭغا ئۆز كۆڭلىدىن تېگىشلىك ئورۇن بەرسە، ئۇ مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا مۇيەسسەر بولالايدىكەن. ھەئە، كىشى ئۆزىنىڭ بارلىق ئىمكانىيەتلىرىنى ئارزۇلىرى ئۈستىگە قويۇپ، شۇنىڭ ئۈچۈنلا نەپەس ئالسا، مۇھەببەت ئۇنى شەرتسىز ۋەيران قىلىپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى داغلايدىكەن. بەلكىم سەنمۇ بۇنى ئىنكار قىلمايسەن. ئەمما كۆڭلۈڭنىڭ بىر يېرىدە بىزنىڭ ئارىمىزدىمۇ ھەقىقىي مۇھەببەت بىلەن ياشاۋاتقانلار بارغۇ،دېيىشىڭ مۇمكىن. مېنىڭچە ئۇلارنى مۇھەببەتلىك ياشاۋاتىدۇ دېگەندىن كۆرە، مۇھەببەتلىك ياشاشنى ئارزۇ قىلغۇچىلار، مەلۇم ئەقىدىسىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇپ ئۇنىڭغا كېچە ـ كۈندۈز ئىنتىلگۈچىلەر، دېگەن تۈزۈك.

ئارسلان، مەن بىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىمىزنى مۇھەببەتنى تولۇق چۈشەنمەي تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنى ئۇرغانلىقىمىزدىن بولدى دەپ ئويلايمەن. ھازىر سەنمۇ شۇنى ھېس قىلىۋاتقانسەن ياكى بولمىسا يەنىلا سەن ئۆزۈڭ تۇرمۇشنىڭ رىتىمىغا ماسلىشالماي قالدىڭ، دەپ مېنى مەسخىرە قىلىدىغانسەن. مەيلى خالىغانچە ئويلاۋەر. بىراق شۇ نەرسە ئېسىڭدە بولسۇنكى، شۇ بىر يىلدا تازا يايرىدۇق دېگەن بىلەن ھالقىلىق ئوقۇش مەۋسۇمىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتتۇق. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان نەتىجىسىمۇ ئېلان قىلىندى. سەن ئۆتەلمەپسەن، مەن نومۇرۇم ئارانلا چىشلەشكەن ھالدا ئۇرۇمچىدىكى بىر ئالىي مەكتەپكە قو-



بۇل قىلىنىپتىمەن. مەن دەسلەپتە سەندىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيماي مېڭىشقا ئۇنىمىدىم. كېيىن ئۆيدىكىلەرنىڭ بېسىمى، ئەڭ مۇھىمى سېنىڭ قايتا ـ قايتا نەسىھەت قىلىشىڭ بىلەن يولغا چىقىشقا تەرەددۇت قىلدىم. مەن ئۈرۈمچىگە ماڭغان شۇ كۈن ھېلىھەم ئېسىمدە. مەن ئەمدىلا ماشىنىغا چىقىپ تۇراتتىم، سەن قوللىرىڭنى پۇلاڭلىتىپ بىر نېمىلەرنى دېدىڭ. گەرچە ئاۋازىڭنى ئاڭلىيالمىغان بولساممۇ، نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى يۈرىكىم سېزىپ تۇراتتى. بىز تۈنۈگۈن يېرىم كېچىگىچە مۇڭدىشىپ بارلىق گەپ ـ سۆزلەرنى دېيىشىپ بولغان ئىدۇق. مەنمۇ قولۇمنى كۆتۈرۈپ يېنىك تەۋرەتتىم. كۆزلىرىڭدە شەبنەم دانىچىلىرىدەك ياش تامچىلىرى يالتىرايتتى. ماشىنا قوزغالدى، مەن تاكى يولنىڭ تەڭ يېرىمىغىچە ئىككىمىزنىڭ گۈزەل كەچمىشلىرىمىزنى ئەسلەپ يىغلاپ ئولتۇردۇم.

شۇنداق قىلىپ ئالىي مەكتەپ ھاياتىمنى باشلىۋەتتىم. گاھى يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قاراپ خىيال قىلسام، گاھ كىتابلار ئارىسىغا چۆكۈپ بىلىم ئىزدەيتتىم. كۈن ـ كۈنلەپ قورسىقىمنى ئاچ قويۇپ، ياتاقتا قاتتىق نان غاجىلاشقا رازى ئىدىمكى، ئۆيدىكىلەر ئەۋەتكەن پۇلنى قىسىپ يۈرۈپ ساڭا تېلېفون ئۇرۇپ سائەتلەپ پاراڭلىشاتتىم. تېخى بۇنى ئاز دېگەندەك ھەرھەپتىدە تورخانىغا چىقىپ، سەن بىلەن كامېرالىق مۇڭدىشىپ، ئۆزۈمنىڭ بارلىق ئەھۋالىمنى ساڭا تەپسىلىي دوكلاد قىلاتتىم. ئۇنىۋېرسىتېتتىكى بىر يىللىق ھاياتىم جىددىي ئۆگىنىش، ھەرخىل كۇرژۇكلار بىلەن شۇنداق تېز ئۆتۈپ كەتتى. يازلىق تەتىلدە يۈرىكىمگە سىغمايۋاتقان سېغىنىش ئوتلىرىدا كۆيگەن پېتى ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. ئۆيىمىز بىر ئائىلە كىشىلىرى جەم بولۇش شادلىقىغا چۆمۈلگەن ئىدى. ئانام خۇشاللىقىدا ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئۇنى ـ بۇنى سورايتتى. كاللام جايىدا بولمىغاچ ئانامنىڭ سوئاللىرىغىمۇ تاققا ـ تۇققا جاۋاب بېرىپ ئولتۇراتتىم.

— يول ئازابى گۆر ئازابى دەپتىكەن، قىزىمىز چارچاپ كەتتى. ئۇنى ئارام ئالغىلى قويۇڭلار، — دېدى دادام. مەن تېزرەك كەچ بولۇشىنى، سەن بىلەن يۈز كۆرۈشۈشنى تۆت كۆز بىلەن كۈتەتتىم. ئۈرۈمچىدىن مېڭىشىنىڭ ئالدىدا ساڭا تېلېفون بېرىپ بۈگۈن كەچ كۆرۈشۈشنى دېيىشىپ قويغان ئىدۇق. ئۆيدىكىلەرمۇ مىڭ تەستە ئۇيقۇغا كەتتى. مەن پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆيدىن چىقتىم ـ دە، كونا جايىمىزغا قاراپ چاپتىم. ئۆستەڭ بويىغا يېقىنلاشقاندا سېنىڭ كۆلەڭگەڭنى كۆردۈم. سەنمۇ ئاياغ تىۋىشىمنى ئاڭلاپ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدىڭ، بىز بىرنەچچە دەقىقە بىر ـ بىرىمىزگە تويماي قاراشقىنىمىزچە قېتىپ قېلىشتۇق، تۇيۇقسىز سەن مېنى چىڭگىدە قۇچاقلىۋالدىڭ. شۇتاپتا ئۆزىمىزنى باشقۇرالمايلا قالغان ئىدۇق، سېنىڭ ئوتلۇق لەۋلىرىڭ لەۋلىرىمگە تەگدى. بىرخىل يېقىملىق سېزىم يۈرىكىمگە، ئاندىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا يامرىدى. يىللار بويى خىيالىمدىن چىقمىغان بۇ ئوتلۇق سۆيۈشلەر ھاياتنى، مەۋجۇتلۇقىمىزنى كۆز ئالدىمدىن پۈتۈنلەي غايىب قىلىۋەتكەن ئىدى. كۆزلىرىمىز ئۇيقۇغا كەتكەندەك يۇمۇلغانىدى ...

مۇشۇ تەرىقىدە قانچىلىك تۇرغىنىمىزنى بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ نەپەسلىرىمىز توختاپ قالاي دېگەندە ئاندىن بىر ـ بىرىمىزدىن ئاجرىدۇق.

— خىجىل بولمايدىغان، — دېدىم مەن يۈزلىرىمنى بىلىكىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ تۇرۇپ.

— نېمىدىن ؟

— ئاسماندىكى ئايدىنچۇ ؟

— ھىم، ئۇنىڭ ئۆزى خىجىل بولۇشنى بىلمىسە ...

— نېمە؟

شۇ گەپتىن كېيىن بىز بىر ـ بىرىمىزنى قوغلاشقىنىمىزچە ئۆستەڭ بويىدىن يىراقلاپ كەتتۇق ...

ھەش ـ پەش دېگۈچە تەتىل كۈنلىرىمىز ئاياغلاشتى. سەن بىلەن خوشلىشىپ كۆزۈم كەينىدە قالغىنىچە يەنە ئۈرۈمچىگە يۈرۈپ كەتتىم. قاينام ـ تاشقىنلىق ئىستۇدېنتلىق ھاياتىم ئالدىراش ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئادەتتىكىچە بولغاچقا سىنىپتىكى ھاللىق ئائىلىنىڭ قىزلىرىدەك مودا كىيىنىپ يۈرەلمەيتتىم. لېكىن مەكتەپكە كەلگەندىن باشلاپ بارلىق ئىمتىھانلاردىن يۇقىرى نومۇر ئېلىپ، ئۆگىنىشتە ھەممە ساۋاقداشلىرىمنى ئارقىدا قالدۇرغان ئىدىم. ماڭا يېقىنلىشىشنى خالايدىغان ئوغۇللار بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىغان بولسىمۇ، ئۇلارغا قاراپمۇ قويمايتتىم. چۈنكى، قەلبىم ساڭا، بىر ساڭىلا مەنسۇپ ئىدى. خۇددى تىلسىملاردا سېھىرلەنگەندەك سەندىن باشقا ئوغۇللارغا كۆزۈمنىڭ قىرىنىمۇ سالغۇم كەلمەيتتى. شۇ سەۋەبلىك فاكۇلتېتتىكى ئوغۇللار ماڭا «ياۋايى»، «ئەركەك زەدەك»، «ھالى يوغان»... دېگەندەك لەقەملەرنىمۇ قويۇپ ئۈلگۈردى. مەن ئالىي مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىغا چىققاندا، سەن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىمىز مۇراتنىڭ باشلىشى بىلەن تىجارەت قىلىشقا كىرىشتىڭ. ئارسلان، سېنىڭمۇ ئېسىڭدىدۇر، مۇرات دادىسىدىن كىچىك يېتىم قېلىپ، ئانىسىنىڭ ھىمايىسىدە ئىككى سىڭلىسى بىلەن چوڭ بولغان، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا ئاز قالغاندا ئۇنىڭ بىردىنبىر غەمگۇزارى بولغان ئانىسىمۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئىككى سىڭلىسىنى

تەربىيەلەپ قاتارغا قوشۇش مەجبۇرىيىتى مۇراتقا يۈكلەنگەن ئىدى. مۇرات شۇندىن كېيىن ئىمتىھان بېرىشتىنمۇ ۋاز كېچىپ، سىڭىللىرىنىڭ بويىنى قىسىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندى. شۇنداق قىلىپ مۇراتنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىغا خېلىلا پىشىپ قالغانىدىڭ. تىجارەت جەريانىدا مېنى يوقلىغاچ نەچچە قېتىم ئۈرۈمچىگە مالغىمۇ كەلدىڭ ...

※ ※ ※

ھەش - پەش دېگۈچە بەش يىللىق ئوقۇش ھاياتىمنى غەلىبىلىك ئاياغلاشتۇرۇپ مەكتەپنىڭ تۈتقىنىغا قارىماي يۇرتقا قايتىپ كەلدىم. كادىرلار ئىدارىسى ھازىرچە مېنىڭ ئوقۇغان كەسپىمگە لايىق ئىش يوقلۇقىنى، ئۆيگە قايتىپ ئۇلارنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى كۈتۈشۈم كېرەكلىكىنى ئېيتىپ مېنى يولغا سالدى. ئاتا - ئانام بولسا ئاددىي دېھقان، ئەمەل تۇتقان بىرەر ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىزمۇ يوق. ئامالىم قانچە؟ شۇ كۈنلەردە سەن ئۆيىمىزگە ئىككى كۈندە بىر دېگۈدەك ئەلچى كىرگۈزۈپ توينى قىلىۋېتەيلى دەپ سۆيلەپ كېتىۋاتاتتىڭ. مەن بولسام ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا كىرەلمىسەممۇ، ھېچبولمىغاندا بىرەر مەكتەپتە سائەتلىك دەرس ئۆتۈپ بولسىمۇ، ئۆگەنگەن بىلىملىرىمنى زايە قىلماسلىقنى ئويلايتتىم.

— مەن سېنى باقالماسمەنمۇ گۈلبەر؟ — دېدىڭ سەن بىر كۈنى پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، — ھېلىمۇ سېنى بەش يىل ساقلىدىم، ئۆيىمىزدە مەندىن كىچىك ئىككى ئىنىم تېزرەك ۋەزىيەمنى ئادا قىلىپ نۆۋەتنى بوشىتىشىمنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ، مەھەللىمىزدە مەن بىلەن تەڭ دېمەتلىك باللار ئاللىقاچان بىر - ئىككى بالىنىڭ دادىسى بولۇپ بولدى، ئەمدى ئارتۇق ساقلاتما گۈلبەر.

دېمىسىمۇ سېنىڭ گەپلىرىڭنىڭ ئاساسى بار ئىدى، ئەڭ مۇھىمى سېنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرەتتىم، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي تويىمىزنىمۇ قىلىۋالدۇق، ئەمدى ئويلاپ باقسام، بىزنىڭ تويغا قەدەم قويغان ۋاقتىمىز دەل مېنىڭ بەختسىزلىكىمنىڭ باشلانغان ۋاقتىكەن. بۇنى تولىمۇ كېچىكىپ ھېس قىلىپتىمەن.

ئارسلان، يېڭى ئۆي تۇتقان چاغلىرىمىز تولىمۇ تاتلىق ئۆتۈپتىكەن. مەن كۆڭلۈمدىن خالىمىساممۇ ئەل - ئاغىنىلىرىڭنىڭ سۆز - چۆچەك قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، سېنى تالا - تۈزگە چىقىپ ئايلىنىپ كىرىشكە دەۋەت قىلاتتىم. سەن بولساڭ دۇكاندا ئىنىڭنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ،كۈن بويى مەن بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتىڭ.

بىز بەزى كېچىلىرى تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىمايتتۇق، مۇڭدىشىپ، كۈلۈشۈپ ھارمايتتۇق. ئەتىسى بولسا ھۇجرا ئۆيدە ئۇخلاشتىن خىجىل بولۇپ، چوڭلارغا كۆرسەتمەي ئەددىيالدىن بىرنى قولتۇقلاپ ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ ئۇخلايتتۇق. بىر كۈنى بىز ئۆستەڭ بويىدا كىچىك باللاردەك لاي ئويناپ ئولتۇراتتۇق، قولۇڭنى بىر سىلكىشىڭ بىلەن بىر پارچە لاي چاچراپ چىقىپ سول مەڭزىمگە چاپلىشىپ قالدى.

— يۈزۈمنى چاققان يۇيۇپ قوي، مەينەت قىلىۋەتتىڭ، — دېدىم مەن تۇمشۇقلىرىمنى ئۇچلاپ ئەركىلىگىنىمچە.

— يېقىنراق كېلە خوتۇن، تازا پاكىز بىر يۇيۇۋېتەي، — سەن شۇنداق دېگىنىڭچە مېنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتىڭ. بىز قىقاس - چۇقانلار ئىچىدە لاي - توپىلارغا مىلىنىپ كەتتۇق. بىر چاغدا قارىسام يۈزۈمدىكى لايىنىڭ يۇقۇندىلىرىمۇ قالماپتۇ ...

بىز توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي دۇكاننىڭ سودىسى بارغانسېرى يۇرۇشكىلى تۇردى. ئايپاق خوتۇنۇمنىڭ ئايىغى ياراشتى، دەپ ئەركىلىتىپ قوياتتىڭ بەزىدە. شۇنداق قىلىپ سەنمۇ خېلى پۇللۇق بولۇپ قالدىڭ، يۇرتنىڭ ئىچىدە تۆتنىڭ بىرى بولۇپ تونۇلدۇڭ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ سەنمۇ ئۆزگىرىشكە باشلىدىڭ. ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ زىيادە مال - دۇنياسى ۋەيران قىلىۋېتىدىكەن ئارسلان، ئادەملەرنىڭ ياخشى مىجەز - خۇلقىنى، پەزىلەتىنى ئۆزىگە تۇيدۇرماي ئۆزگەرتىۋېتىدىكەن. ياخشى - يامان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەركىمنىڭ قىلمىش - ئەتمىشى ئۆزى ئۈچۈن يوللۇق، توغرا تۇيۇلىدىكەن. مەن دەسلىپىدە ماڭا قىلىۋاتقان مۇئامىلەڭگە ۋە بەزى ئىشلىرىڭغا قاراپ ئۇمۇ چارچاپ قالغان، سودىسى ئاقمايۋاتقان بولسا، كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق ماڭا شۇنداق تولۇق تېگىۋاتقاندۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. بىز ئاياللار كۆز ئالدىمىزدىلا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ يەنە ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلايدىكەنمىز، ھەتتا كۆڭلىمىزنى تىنىدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن يوقلاڭ، مۇناسىۋەتسىز سەۋەبلەرنى ئىزدەپ تېپىپ كۆڭلىمىزنى ئاۋۇندۇرىدىكەنمىز. بۇ بەلكىم ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقىمىزغا تەن بەرگىمىز كەلمىگەنلىكتىن بولسا كېرەك.

سەن بارا - بارا ئۆزگىرىپ بېرىۋاتاتتىڭ، سەن بۇرۇن ئېغىزىڭغا ھاراق ئالمايتتىڭ، ئۇنى ئىچكەن ئادەملەرنى كۆرسەڭ ئۆزۈڭنى تارتاتتىڭ. بىيىغاندىن كېيىن ئۇنى كۈن ئاتلاتماي ئىچىدىغان بولدۇڭ، ھەركۈنى كېچىسى تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۆيگە كىرىدىغان بولۇۋالدىڭ. كەچلەر-



دە سېنىڭ يولۇڭغا قاراپ ئۇخلىمايتتىم، سەن ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھامان بىرەر ئىشلارنى باھانە قىلىپ مېنى سىلكىشلەيتتىڭ، كۆڭلۈمگە ئازار بېرەتتىڭ. سېنىڭ قوپاللىقىڭدىن يىغلىغۇم كېلەتتى. سەن ئاشۇنداق مەست كىرگەن چاغلاردا خېلى ۋاقىتلارغىچە تورۇسقا قاراپ خىيال سۈرۈپ يېتىپ ئېغىر ئۇھسىناتتىڭ، مەن ماڭا نامەلۇم بولغان ئۇھسىنىشلىرىڭنى ئەلەم بىلەن ئاڭلاپ يېتىپ كۆز ياشلىرىم ياستۇقۇمنى ھۆللىگەندە، ئاندىن خورىكىڭنى باشلايتتىڭ، توۋا دەيمەن. بۇرۇنقى چاغلاردا خورىكىڭنى ئاڭلىمسام ئۇيقۇم كەلمەيتتى، مەن ئۇنىڭغا شۇقەدەر كۆنۈپ كەتكەن ئىدىم، ئەمدىكى خورىكىڭ تېنىمنى شۈركەندۈرۈپ ئۇيقۇمنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. سەن تېخى ئارىمىزدىكى سوغۇقلۇقنىڭ سەۋەبىنى ئۆزۈڭدىن كۆرمەي يەنە ماڭا قوپاللىق قىلاتتىڭ. ئېيتقىنا ئارسلان، بوغۇلغان جىسىمدا گۈزەللىك بولامدۇ؟ ئەلەملىك يۈرەكتىن ھەسرەت - نادامەت چىقماي، ناز - خۇلق، سۆيگۈ چىقامدۇ؟ سىلەر ئەرلەر قاچانمۇ بىز ئاياللارنىڭ قەلبىنى چۈشىنەرسىلەر ؟!قاچانمۇ بىزنىڭ يۈرەك تارىمىزنى چېكىپ، ئۇنىڭ مۇڭلىرىغا چۆمۈلەلەرسىلەر! بىلسەڭلار، بىز ئاياللار پەقەت سىلەرنىڭ رايىڭلارغا بېقىپلا ئىش كۆرىمىز، ئۆزىمىزگە تۇشلۇق ئارزۇ - ئارمانلىرىمىز بولسىمۇ، ئۇنى سىلەر ئۈچۈن يەتتە قات يەرنىڭ ئاستىغا كۆمۈشكە مەجبۇرمىز.

※ ※ ※

قىش مەنىسىز ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. سەن بىلەن ئوتتۇرىمىزدا مۇھەببەتلىك ھېسلارنى ئويغىتىدىغان زەررىچە ئىشلارمۇ كۆرۈلمىدى. ئەكسىچە مۇناسىۋىتىمىز كۈندىن - كۈنگە يامانلاشتى. ئاشۇ قاباھەتلىك يەكشەنبە كۈنى ھەرگىزمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ، شۇ كۈننى ئويلىساملا سېنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسەممۇ ئاچچىقىم بېسىلمايدۇ. ئۇ كۈنى سەن ئەتىگەندىلا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ئىدىڭ. مەن كىر كىيىملەر بولسا يۇيۇۋېتەي دەپ كىيىم ئىشكاپىڭنى رەتلەۋاتاتتىم، سەن ياخشى كۆرىدىغان چاقماق كۆڭلىكىڭنىڭ مەيدە يانچۇقىدىن سۇس يېشىل رەڭلىك بىر كونۋېرت چىقىپ قالدى. خەت «دىلنۇر» ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ ئىمزاسى بىلەن كەلگەن ئىدى. قايسى كۆزۈم بىلەن كۆرەي، خەتتە ئۇنىڭ سېنى قانچىلىك سېغىنغانلىقى، ئىككىڭلارنىڭ بىرگە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى نەقەدەر قەدىرلەيدىغانلىقى، سېنى ئۇنتۇمايدىغانلىقى،... دېگەندەك گەپلەر دېيىلگەن ئىدى. ئاشۇ چاغدىكى ھېسسىياتىمنى تىل بىلەن تەسۋىرلەشكە ئاجىزلىق قىلىمەن، سېنى ئۆزگەرگەن تەقدىردىمۇ بۇنچىلىك بۇزۇلۇپ كەتمىگەندۇ دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىمەن. كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى، تىلىم گەپكە كەلمەيتتى، پەقەت كۆز ياشلىرىم توختاۋسىز قۇيۇلاتتى ... شۇ تەرىزدە قانچىلىك ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن، بىر چاغدا سېنىڭ ئىشىكنى تاراقشىتىپ كىرىشىڭدىن چۆچۈپ ئېسىمگە كەلدىم.

— ھە، يەنە نېمە بولدۇڭ؟ روھىي كېسەللەردەك ئولتۇرۇپ كېتىپسەنغۇ؟ — دېدىڭ سەن قوپاللىق بىلەن. مەن گەپ قىلماي خەتنى ئالدىڭغا تاشلاپ قويدۇم. سەن ئۇ خەتنى قولۇڭغا ئېلىپ چىڭ سىقىمدىغىنىڭچە زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇپ كەتتىڭ.

— ماڭا چۈشەندۈر ئارسلان، سۈكۈت بىلەن ھەممە ئىشنى تۈگەتمەن دېمە، — مەن ئارانلا شۇلارنى دېيەلىدىم. ئىچ - ئىچىمدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان يىغا بوغۇزۇمغا كەپلىشىپ قالدى.

— ۋاي - ۋۇي، نېمىكى دەپتىمەن. بىر تونۇشۇم چاقچاق قىلىپ مۇنداقلا يېزىپ قويغان خەت بۇ، ئۆزۈڭچە كۆنلۈكۈڭ تۇتۇپ كېتىپتۇ - دە، ئەينەككە قاراپ بېقىپراق سۆزلىسەڭچۇ، — دېدىڭ سەن غۇدۇراپ.

— سېنىمۇ ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟ ئىسست! ساڭا ئالدىنىپ ئۆتكەن كۈنلىرىم، — غەزەپتىن دىر - دىر تىترىگىنىمچە ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

— نېمە چىچاڭشىيسەن! مېنىڭ ئىشلىرىمغا ئارىلاشىدىغان ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق! كىچىك بالا ئەمەسمەن، نېمە قىلىشىمنى ئۆزۈم بىلىمەن. سەن بۇ شىكايەتلىرىڭ بىلەن نېمە دېمەكچى بولۇۋاتىسەن؟ سەندەك ئاقىنانچىنى بېقىپ قويسام، نېمەڭگە بۇنچىۋالا يوغانچىلىق قىلىسەن؟! — دېدىڭ سەن ئالدىمغا دېۋەيلەپ كېلىپ. گېپىڭنى ئاڭلاپ كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى، يۈزۈڭگە زەردە بىلەن بىر شاپىلاق سالغىنىمنى بىلىمەن، سەنمۇ خۇددى مۇشۇنى ساقلاپ تۇرغاندەكلا ئۇدۇل كەلگەن يېرىمگە ئۇرۇشقا باشلىدىڭ، سەن مېنى دەسسەپ چەيلەۋاتاتتىڭ، ساڭا بولغان سۆيگۈم، گۈزەل ئەستىلىكلەر، ئارزۇ - ئارمانلىرىم ... ھەممە نەرسەمنى چەيلەۋاتاتتىڭ.

كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ ئېسىمنى يوقاتتىم ...

※ ※ ※

ئەتىسى كۆزۈمنى ئاچسام دوختۇرخانىدا يېتىپتىمەن، دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە قورسىقىمدىكى ئىككى ئايلىقتىن ئاشقان ھامىلە چۈشۈپ كېتىپتۇ، ھالا شۇ كۈنگىچە ھامى-

لىمدار ئىكەنلىكىمنىمۇ بىلمەي يۈرۈپتىمەن. بار كۈچۈم بىلەن يىغلىدىم، يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچماي تۇرۇپ بۇزۇقچىلىقنىڭ، زومىگەرلىكنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن بالامغا ئېچىنىپ خۇداغا نالە قىلدىم ... دوختۇرخانىدىن چىقىپلا چوڭ ئۆيگە قايتىپ كەتتىم. شۇ چاغدا سەندىن ئاجرىشىپ كەتمەكچى بولدۇم، لېكىن يەنىلا ساڭا قىيالمايتتىم. شۇنچە يىللاردىن بېرى قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئورۇن ئالغان مۇھەببىتىمگە چىدىمىدىم. ئانامنىڭ يېنىدا بىر ئايدەك تۇردۇم، بۇ ئارىلىقتا سەن ئۆيىمىزگە كېلىپ، چوڭلارغا يىغلاپ - يېلىنىپ، ئۆزگىرىدىغانلىقىڭ توغرىسىدا مىڭ قېتىم قەسەملەرنى ئىچىپ مېنى ئۆيگە ياندۇرۇپ كەتتىڭ. لېكىن سەن ئۆزگىرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، رەزىللىك پاتقىقىغا بارغانسېرى چۆكۈپ كېتىۋاتاتتىڭ ...

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي سەن بىر سودا ئىشى بارلىقىنى ئېيتىپ ئۈرۈمچىگە كەتتىڭ. شۇ كۈنى مەن چوڭ ئۆيگە بېرىپ كېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز قولىغا كەتمەن ئالمىغىلى ئۇزۇن بولغان مۇراتنىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. كېيىن بۇنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئۇنىڭ دۇكىنىغا بارسام ئۇنىڭ ئورنىدا ئىنىڭ ئولتۇرۇپتۇ. مەن ئىنىڭدىن سورىسام، ئۇ بۇ دۇكاننى مۇراتنىڭ قەرزىگە ھېسابلاپ سېنىڭ ئۆتكۈزۈۋالغانلىقىڭنى ئېيتتى. ئىنىڭ باشقا گەپ قىلمىدى،كېيىن قوشنا دۇكاندىكىلەردىن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقتۇم. ئەسلى سەن ئۇنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ۋەيران قىلغان ئىكەنسەن. سەن بىر زاۋۇت بىلەن توختام تۈزۈپ ئاياللارنىڭ يۇڭ يوپكىسىنى توقۇتۇپسەن، يوپكىنىڭ تەييار بولۇپ قولۇڭغا تەگكەن قىممىتى سەكسەن يۈەنگە توختاپتۇ. سەن ئۇنى بىر يۈز ئەللىك كوي باھا بىلەن بازارغا ساپسەن. ئۇنىڭغا خېرىدار چىقماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سەن باشقىلارنى ئوڭدا قويماقچى بولۇپسەن، ئاخىرى مۇراتنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىدىن، ئاراڭلاردىكى ئىشەنچتىن پايدىلىنىپ ئۇنى قاپقانغا چۈشۈرۈپسەن. سەن ئالدى بىلەن مۇراتنى دۇكىنىڭغا چاقىرتىپ ئۇنىڭغا يوپكىلارنى دۇكانغا سېلىپ بازار ئەھۋالنى دەڭسەپ بېقىشقا ئۈندەپسەن. كەينىدىن ئويۇننىڭ قىزىقنى چىقىرىپسەن. مۇرات دۇكانغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككى خېرىدار كېلىپ يوپكىنىڭ نەرخىنى بىر يۈز يەتمىش يۈەنگە توختىتىپ، بىرى ئۈچ يۈزنى، يەنە بىرى بەش يۈزنى ئالىدىغان بولۇپ مىڭ يۈەندىن زاكالەت پۇلىنى بېرىپ كېتىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇرات دۇكىنىڭغا بېرىپ يۈزمىڭ يۈەن قىممىتىدىكى يوپكىنىڭ ھەممىسىنى بارلىق تاپقان - تەرگىنىگە ۋە باشقىلاردىن قەرز ئالغان پۇلىغا سېتىۋاپتۇ. مۇرات ئۇ ماللارنى ئېلىپ دۇكىنىدا ھېلىقى ئىككى خېرىدارنى ھەپتە ساقلاپتۇ، بىراق ئۇلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپتۇ. كېيىن ئۇقسام سەن ئاشۇ ئىككى كىشىنى ئىككى مىڭ يۈەنگە سېتىۋېلىپ ئۇلارنىمۇ گۇناھقا شېرىك قىلغان ئىكەنسەن، ئۇلار زاكالەت دەپ بەرگەن پۇللارنىمۇ سەن بەرگەن ئىكەنسەن. لېكىن ھەممە ئادەم سەندەك قارا كۆڭۈل، نەپسانىيەتچى ۋە بەدنىيەت ئەمەس ئىكەن. ھەئە، سەن مۇراتنىڭ دۇكىنىنى ئېلىۋالغىنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا پۇل قەرز بېرىپ تۇرغانلار ئۇنىڭدىكى قەرزلىرىنىمۇ كۆتۈرۈۋېتىپتۇ. ھەتتا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشى ئۈچۈن مۇراتقا پۇل بېرىپ تۇرۇپتۇ.

※ ※ ※

ئارسلان! سۇسىز، غىزاسىز يۈرۈپ، دۈم يېتىپ - دۈم قوپۇپ تاپقان پۇللىرىنى خەلقنىڭ ئاقارتىش ئىشلىرى ۋە يېتىم - يېسىرلارنى يۆلەش ئۈچۈن ئىئانە قىلىۋاتقانلارمۇ ساڭا ئوخشاش ئادەمغۇ؟ ساڭا ئىش ئۆگىتىپ، پۇللۇق قىلىپ قويغان بىر ئاغىنەڭگە يامان نىيەتتە بولۇۋاتقان شۇ دەمدە ئۇنىڭغا ئازراقمۇ ئىچىڭ ئاغرىمىدىمۇ؟! بىر نەچچە كۈن بولدى، ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرىمەن. ئېقىۋاتقان سۇلار مېنى ئۈنسىز سوراق قىلماقتا. ئىككىمىز تۇنجى رەت سۆيگۈ قەسىمى بېرىشكەن ئاخشام كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ يۈرىكىمنى پۇچۇلايتتى. ئۇ ئاخشام بەلكىم مېنى مەڭگۈ ئازابقا سالار، سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى قوبۇل قىلغىنىم ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ سەۋەنلىكىم بولسا كېرەك... سەندىن ئەمدى ھېچنېمىنى كۈتەلمەيمەن ئارسلان، سەن پۇل ئۈچۈن ۋۇجۇدۇڭدا بار بولغان بارلىق قىممەتلىك نەرسىلىرىڭنى ئىپلاسلىق تاۋكاسىدا دوغا تىكىۋەتتىڭ. خەلقئالەم ئالدىدا سېنىڭ گۇناھلىرىڭغا تەڭ شېرىك بولۇپ يۈرۈشكە ئەمدى ۋىجدانىم يول قويالمايدۇ. بۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى ئەزەلدىن ۋىجدان - غۇرۇرنى، پاكلىقنى ئەلا بىلىشىدۇ. بۇ بەلكىم ئەسلىدىنلا شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكتۇر. مېنى ئىزدەپ ئاۋارە بولما ئارسلان، ئالىي مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىملىرىم مېنى ئاچ قويمايدۇ. پۇل، بايلىق دېگەن نەرسە شۇنداق بولىدىغان ۋە ئۇنى تاپقان ئادەم سەندەك بولىدىغان بولسا، مەنمۇ شۇ پۇلنى تېپىپ كۆرۈپ بېقىش نىيىتىگە كەلدىم.

خەير...!

ئاپتور: ئېلېكترون پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسەت ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى مەمۇرىي باشقۇرۇش كەسپى 2010127010 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.



# ئەلۋىدا ئۇستاز، نامىڭىز مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ

(مەرھۇم ھۇسەيىن ئىمىنھاجى ئاكىنى ئەسلەپ)

رەيھانگۈل داگى

دىيارىمىز قەدىمىي مەدەنىيەت ئاستانىسى كۇسەننىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى تارىخى ئۈستىدە بىر ئۆمۈر ئىزدەنگەن تەتقىقاتچى، تەزكىرىچى، ۋەقەشۇناس، شائىر ھۇسەيىن ئىمىنھاجى 2012 ـ يىلى 15 ـ ئۆكتەبىر (دۈشەنبە) كەچ سائەت سەككىزدە سەكتە بولۇپ، پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە رىھلەت قىلدى.

دەرىخا، كۇسەن ئاسمىنىدىن مەرىپەتنىڭ بىر نۇرلۇق يۇلتۇزى ئۆچتى.

1942 ـ يىلى كۇچا كونا شەھەر پاختا بازىرى مەھەللىسىدە ئاتاقلىق دىنىي زات، كۇچا مەھكىمە شەرئىيىنىڭ قازىسى ئىمىن قازىھاجى ئائىلىسىدە تەۋەللۇت بولغان ھۇسەيىن ئىمىنھاجى بالىلىقىدىلا ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، 1958 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «تاڭ سەھەر» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات كوچىسىغا كىرىپ كەلگەن.

ھۇسەيىن ئىمىنھاجى 1958 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە شىنجاڭ رەڭلىك مېتال شىركىتىنىڭ كۇچادا تۇرۇشلۇق گېئولوگىيە چارلاش 705 ـ ئەترىتىدە ئىشلىگەن. كېيىن خادىملارنى قىسقارتىشتا ئىلىغا چىقىپ كېتىپ بىر مەزگىل جاھاندارچىلىق قىلغان. كۇچاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ۋە يېزىقچىلىق ھوقۇقى ئېلىپ تاشلانغان.

يادنامە

1980 ـ يىلدىن كېيىن قايتىدىن قەلەمنى قولىغا ئېلىپ ھازىرغا قەدەر «شىنجاڭ گېزىتى»، «تارىم»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «تەڭرىتاغ»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «ئاقسۇ گېزىتى»، «كىروران»، «كۇسەن مەدەنىيىتى»... قاتارلىق نەشر ئەپكارلىرىدا 150 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى، رۇبائىي، ئەقلىيەلىرى، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى»، «كۇچا تارىخ ماتېرىياللىرى» قاتارلىق نەشر ئەپكارلىرىدا يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان كۇچا تارىخى، مەدەنىيىتى، دىنىي ۋە پەننىي مائارىپى، تېبابەتچىلىكى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، يول ـ ئۆتەڭلىرى، كۇچا تارىخىدىكى زور ۋەقەلەر ئاساسىي تېما قىلىنغان كۆپلىگەن ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. بىر قىسىم ماقالىلىرى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. بىر قىسىم رۇبائىيلىرى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن.

ھۇسەيىن ئىمىنھاجى يۇقىرىقىدەك ئەدەبىي، ئىلمىي ئەمگەكلىرى شەرىپىگە جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت قەلەمكەشلىك جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابىتى ئىلمىي جەمئىيىتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى، كۇچا ناھىيەلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، «كۇسەن مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى بولغان. نام ـ شەرىپى «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇتەخەسسىسلىرى قامۇسى»غا كىرگۈزۈلگەن.

ھۇسەيىن ئىمىنھاجىنىڭ ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەر-

لىرى، بولۇپمۇ كۇچانىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تا-
رىخى، مەدەنىيىتى، ئاسار ئەتىقىلىرى، يەر - جاي نامل-
رى، ئۇنتۇلماس تارىخي ۋەقە - ھادىسىلىرى ئەكس
ئەتتۇرۇلگەن ئىلمىي ماقالىلىرى ئۆزگىچە خاسلىققا، پۇختا
ماتېرىيال ئاساسىغا، قايىل قىلارلىق ئىلمىيلىككە ئىگە بو-
لۇپ، دىيارىمىز كۇسەننىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تا-
رىخىنى ئاپتونوم رايون، دۆلەت ھەتتا چەت ئەللەرگە تو-
نۇتۇپلا قالماي، ياش ئەۋلادلىرىمىزغا بىر دانىشمەن ۋە
مېھرىبان ئاتىغا خاس ئەقىل - سەزگۈ بىلەن بىلمىگەننى
بىلدۈرۈپ، ئۇنتۇغاننى ئېسىگە سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل
كۆزىنى ئېچىپ ئۆتتى. بىز مەلۇم مەنىدىن خىلۋەتتىكى بۇ
ئۇستازنى دىيارىمىز كۇچانىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان
تارىخىنىڭ ئاچقۇچىنى قولىغا ئالغان تارىخ ۋە تەزكىرە
تەتقىقاتچىسى دېيىشكە ھەقلىقمىز. مەسىلەن، ئۇنىڭ «كۇ-
چادىكى مەدرىسەلەر»، «كۇچا قىغ دۆڭ جامەسىنىڭ تە-
سىرى ۋە رېمونت قىلىنىش جەريانى»، «تەلەمەت ھاشە-
رى»، «يىپەك يولىدىكى كۇچا ئۆتەڭلىرى»، «كۇچا نا-
ھىيەسىدە يۈز يىلنىڭ ئالدى - كەيىندىكى شەھەر قىياپىتى
ۋە بىر قىسىم يەر - جاي ناملىرىدىن خەلقىمىزنىڭ تە-
رىكچىلىكىگە نەزەر»، «شىنجاڭ رەڭلىك مېتال شىركىتى
كۇچا گېيولوگىيەلىك چارلاش 705 - ئەترىتى»، «كۇچا-
دىكى داڭلىق تېڭىقچى روزى ئىبراھىم»، «كۇچادىكى
ئۆمۈر چولپىنى باقى روزى»، «كۆل قىرغىزلىرى» قاتار-
لىق ماقالىلىرى بۇ پىكرىمىزگە دەلىلدۇر.

ھۈسەيىن ئىمىنھاجى ئۆمرىنى جاپالىق ئەمما مەنىلىك
ئۆتكۈزگەن. يەنى ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە دورىگەرلىك،
خۇسۇسىي دوختۇرلۇق ۋە يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللى-
نىپ، بىھېساب رىيازەت، رەنج - مۇشەققەت چەككەن
بولسىمۇ، قىلچىمۇ زارلانماي، ئۈمىدۋار ياشىغان. ھەق -
ناھەق ئالدىدا مۇرەسسەسىزلىكى، توغرا كېسەرلىكى،
راست سۆزلۈكلۈكى، مىننەت - تەمەسىزلىكى بىلەن ياشى-
غان چىن ئىنسان ئىدى. ئۇ پۈتكۈل ئۆمرىنى دىيارىمىز
كۇچانىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا ئاتاپ،
مۇشكۈللەردە تاۋلانغان بىر جاپاكەش شائىرنىڭ، ۋىجدان -
ۋۇجۇدى ئويغاق، راست سۆزلۈك، ئىمانى ئەركەك بىر
تارىخچىنىڭ، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ مەڭگۈ ئېسىدە قال-
غۇدەك بىر تەزكىرىچىنىڭ ھەيكىلىنى تىكلەپ، يۈزى يو-
رۇق ھالدا بىز بىلەن ۋىدالاشتى.

ھۈسەيىن ئىمىنھاجى ئىككى يۈزلىمە، خۇشامەتچى-
لەرگە ئىنتايىن ئۆچ، ناھەقچىلىككە زەربىلىك ھەق سۆز-
لۈك، كەسكىن كىشى بولسىمۇ، ئۆز پىكرداشلىرىغا ئىنتا-
يىن ئۇچۇق چىراي، خۇش پېئىل، باغرى يۇمشاق، كەمە-
تەر، خۇشچاقچاق، تولىمۇ يۇمۇرلۇق كىشى ئىدى. ئۇلۇغ
مۇتەپەككۇر ئەدىب لۇشۈننىڭ «غەزەپ بىلەن ھومىيەمەن
قەبىھ زالىملارغا، كالا بولۇپ باش ئېگىمەن سەبىي بالىلار-
غا» دېگەن ئۆلمەس شېئىرى ئۇنىڭغا تولىمۇ باب كېلەت-
تى. ماڭا نىسبەتەن ئەدەبىيات مەيدانىدا ئۇستاز، ياش
جەھەتتە ئاتا يوللۇق بۇ زاتنىڭ ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلا-
يىتىمىز تەۋەسىدە پىكرداش دوستلىرى ھەقىقەتەن كۆپ
ئىدى. بىز نامىنى ھۆرمەت - سۆيۈنۈش بىلەن تىلغا ئا-
لىدىغان ئاتاقلىق شائىر - يازغۇچى، تارىخچى، ژۇرنا-
لىست - نەشرىياتچىلار كۇچاغا كەلسە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ
تار، ئەمما مېھرى ئىسسىق كۆلبىسىگە قەدەم تەشرىپ
قىلماي، دىدارى مۇلاقەتتە بولماي ئۆتمەيتتى. ئۇ ۋە ئۇ-
نىڭ تولىمۇ مېھماندوست، ئوچۇق چىراي ئايالى زورەم
داستىخىنىدا بارىنى ئايىماي تۆكۈپ كۆتەتتى. مەنمۇ بىر
نەچچە قېتىم بۇنداق دىدارى مۇلاقەتكە نېسىپ بولغان
ئىدىم.

شائىر ۋاپات بولۇشتىن ئۈچ ئاي بۇرۇن ئۇنىڭ ئۆ-
يىگە كەلسەم شۇنداق خۇش بولۇپ كەتكەن ۋە «سىڭلىم،
مەيەرگە كەلسىلە، سىلىگە كۆرستىدىغان نەرسىلەر بار»
دېگىنىچە تاشقىرىقى ئۆيىنىڭ غول تېمىدىكى قوش قاناتلىق
كىتاب ئىشكاپىنى ئاچتى. ئۇ ئىشكاپتىن يازغىلى ئۇزاق
بولغان، سارغىيىپ كەتكەن قەغەزدىكى نۇرغۇن شېئىر -
رۇبائىيسىنى ئوقۇپ بەردى. مەن قىزىقىپ: «نېمىشقا
شۇنداق ئېسىل شېئىر - رۇبائىيلارنى مەتبۇئاتلارغا بەر-
مەيلا؟... - دەپ سورىسام: - سىڭلىم، شېئىر يېزىشىم
ھەرگىزمۇ ئېلان قىلدۇرۇپ نام - ئاتاق ئېلىش ئۈچۈن
ئەمەس، بەلكى كۆڭۈل سىرلىرىمنى ئىزھار قىلىش ئۈ-
چۈن» دېگەن ئىدى. شۇنداقلا «شېئىر — روھنىڭ پارت-
لىشى»، «شېئىر يازمىقىم ھەۋەستىن ئەمەس، شېئىر ئى-
شى — ۋىجدان ئىشى بەس!» دېگەندەك نۇرغۇن ھېكمەت-
لەرنى ئېيتقان ئىدى. مەندەك ئەدەبىيات كوچىسىغا ئەمە-
دىلا قەدەم ئالغان بىر ھەۋەسكارنى ئۆزلۈم ۋە ئەدەبىيات
ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىشقا باشلاپ كىرگەن ئىدى.

چاچلىرى پۈتۈنلەي ئاقارغان، يېشى يەتمىشتىن ھال-
قىغان بۇ مويسىپىت شائىر، تەتقىقاتچىنىڭ شېئىر دېكلا-
ماتسىيە قىلغاندىكى ئاجايىپ كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالىتى
پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ. مەنىلىك سۆھبەتتىن كۆڭلۈمنىڭ
كەچ بولۇپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن.
خوشلىشىش ئالدىدا ئۇستاز ھۈسەيىن ئىمىنھاجىغا: «بۇگۈن
سىلە بىلەن پاراڭلىشىپ كۆڭلۈم شۇنداق ئېچىلىپ قالدى،

سىلىدىن نۇرغۇن بىلىم ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلا ئىگە بول-
دۇم. بىر كۈنلەردە سىلىدىن ئايرىلىپ قالغاندا بۇ ئۆي،
بۇ كىتاب ئىشكاپى، ئوقۇپ بەرگەن شېئىر ـ رۇبائىيلىرد-
ىنى قانداقمۇ ئۇنتارمەن!؟... » دەپتىكەنمەن. خۇددى
ئاغزىمدىن سائەت چىقىپ كەتكەندەك، ھۇسەيىن ئىمىنھا-
جى ئاكا كۈلۈپ تۇرۇپ جىمجىتلا كېتىپ قالدى. ئۇ يەنە
ماڭا: «ھاياتىمدىكى بىردىنبىر خۇشاللىقىم مۇشۇ يازمىلى-
رىم. تۇرمۇشۇمدىكى ئەڭ بەختلىك ئۆتكەن كۈنلىرىم يې-
زىقچىلىق ھاياتىم، ئىچىم پۇشقان ۋاقىتتا مۇشۇ كىتابلى-
رىمنى كۆرسەم جىمى خاپىلىقنى ئۇنتۇپ كېتىمەن» دېگەن
ئىدى. ئەپسۇس، بۇ بىزنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق كۆرۈشۈ-
شىمىز بولۇپ قېلىشىنى كىم بىلسۇن.

«ئەل رەھمىتى ـــ خۇدا رەھمىتى» دېگەندەك خەلق-
نىڭ رەھمىتى ھەممە شان ـ شەرەپنىڭ يىلتىزى، خەلق
كىمنى ئەزىزلەپ، كىمنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈشنى ئوبدان
بىلىدۇ. 2011 ـ يىلى 30 ـ دېكابىر كۇچا «خانكۆۋرۈك»
مىللىي رېستورانىدا كۇچا ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات
بۆلۈمى، ناھىيەلىك ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ قوللى-
شى بىلەن كۇچا كۆل قىرغىزلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، ھۇسەيىن
ئىمىنھاجىنىڭ «كۆل قىرغىزلىرى»ناملىق ماقالىسى ئارقى-
لىق، كۇچا كۆل قىرغىزلىرىنى خەلققە تونۇتقانلىقىدىن
خۇش بولۇپ، مىننەتدارلىقنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۇ-
نىڭغا تون كىيدۈردى. ھۇسەيىن ئىمىنھاجى بۇ ئەھمىيەت-
لىك ئىشتىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، خېلى ئۇزۇنغىچە ئې-
غىزىدىن چۈشۈرمەي يۈرگەن ئىدى. ھۇسەيىن ئىمىنھاجى-
نىڭ يەتتە نەزىرىنى بەرگەن كۈنى كۆلدىكى قىرغىزلارنىڭ
ۋەكىللىرى نەزىرگە: «ھۇسەيىن ئىمىنھاجى قىرغىز خەلقىنىڭ
قەلبىدە مەڭگۈ ھايات» دېگەن خەت يېزىلغان لەۋھەنى ئې-
لىپ كېلىپ، مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىشتى.

ھۇسەيىن ئىمىنھاجى گەرچە يەتمىش ياشقا كىرگەن
بولسىمۇ روھى نەۋقىران يىگىتلەردەك كۆتۈرەڭگۈ،
جۇشقۇن، قىزغىن ئىدى. يۇرتىمىز تارىخى، مەدەنىيىتى،
تەزكىرىسى خۇسۇسىدا ئۇنىڭ قىلىۋاتقان، تېخى قىلىپ
بولالمىغان، تەتقىق قىلىدىغان نۇرغۇن تېمىلىرى، ئەمەلگە
ئاشمىغان نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بار ئىدى. ھازىر-
غىچە ئاما بىلەن يۈز كۆرۈشكەن ئەسەرلىرىنى يىغىپ
توپلام قىلىپ چىقارماقچى بولغان كىتابى، يېزىپ قويۇپ
تېخى رەتلەشكە ئۈلگۈرمىگەن ھەر خىل ژانىردىكى يازمى-
لىرى شۇ پېتىچە قالدى. چالىسى چالا پېتى قالدى. ئەپ-
سۇس ئۇنىڭ ئۆمرى ئارزۇسىغا بويلىشالماي قالدى.

ھۇسەيىن ئىمىنھاجى بىزدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلغان
مۇشۇ كۈنلەردە شۇنى ھېس قىلىپ يەتتىمكى، ھايات ـــ
ئۆزىنىڭ ھايات ئىكەنلىكى بىلەن قىممەتلىك ئەمەس،
بەلكى ئۆزى سۆيگەن ئىشقا ھاياتىنى بېغىشلاش بىلەن
قىممەتلىك ئىكەن. ھۇسەيىن ئىمىنھاجى پۈتۈن ۋۇجۇدىنى
يېزىقچىلىققا بەردى. كۇچا تارىخى ئۇچۇن تەر ئاققۇزدى.
يىللار ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى يەنىمۇ تو-
نۇپ يېتىمىز.

ئەلۋىدا ئۇستاز!...

ئاپتور: كۇچا تەڭرىتاغ تاشيول ئىدارىسى شامالباغ ئا-
ياللار ئەترىتىدە.

## قايغۇلۇق خەۋەر

كۇچانىڭ يېقىنقى دەۋر تارىخى ئۈستىدە بىر ئۆمۈر ئىزدەنگەن تەتقىقاتچى، تەزكىرىچى، ۋەقەشۇناس، شائىر ھۇسەيىن ئىمىنھاجى 2012 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى دۈشەنبە كەچ سائەت سەككىزدە سەكتە بولۇپ 72 يېشىدا پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى.

بالىلىقىدىلا ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلاپ كەلگەن ھۇسەيىن ئىمىنھاجى 1958 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان«تاڭ سەھەر» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات كوچىسىغا كىرىپ كەلگەن بولۇپ، شۇندىن بۇيان تىنىمسىز ئىزدىنىپ ئاز بولمىغان ئىلمىي ئەمگەكلەرنى روياپقا چىقارغان ئىدى.

ئۇستاز كەتتى، خۇددى كۆسەن ئاسمىنىدا بىر يورۇق يۇلتۇز ساقىغاندەكلا قەلبىمىزنى چوڭ قۇر قايغۇغا ئەسىر قىلىپ كېتىپ قالدى. لېكىن ئۇستازنىڭ دىيارىمىزنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى... قاتارلىق جەھەتلەردىن قېزىپ چىققان قولىيازمىلىرى كېيىنكىلەرگە ئۆچ ـ مەس ئىز بولۇپ قالدى. بىز كۆسەن خەلقى بۇ مۆھتىرەم ئۇستازنى مەڭگۈ ياد ئېتىمىز.



# بىر ئادەمنىڭ غېرىبلىقى

ئابابەكرى توختى



شېئىرنىڭ مەقسىتى ــ ھاياتنى ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈشتۇر. ناۋادا مەن شېئىردىن ئايرىلىپ قالسام بۇ دۇنيادىكى مەۋجۇتلۇقۇم ئىدراكىي بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

شېئىر يازىمەن، بۇ مېنىڭ ئىدىيەم ۋە ئۈمىدىمنى بەرباتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى ئەڭ ئىلغار ۋاسىتىدۇر. ھاياتلىق تارىخىم قەيەردىن باشلانغان بولسا، شېئىرىي پىكىر يۈرگۈزۈشۈم ۋە مەنە سەپىرىممۇ شۇ يەردىن باشلانغان.

شېئىرنىڭ ئۆزى ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت. شائىر پەقەت ئۇنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى ۋاستە. شېئىرىي ئىستىداتنىڭ مېنى ئەڭ مەپتۇن قىلىدىغىنى ـ مەڭگۈ تەكرارلانمايدىغان نازۇك تۇيغۇلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەپ بېرىشتۇر. ھەربىر شېئىرىي ئوبراز مەن رېئاللىقنىڭ ئالقىنىدا قاتتىق سىقىلغان ياكى ئەركىنلىككە ئېرىشكەن ۋاقتىمدا مېنى تەبىئىيلا ئىزدەپ كېلىدۇ. شائىرلىق ــ مېنىڭ قىسمىتىم. يوقاتقان، تارىختا ئايلانغان، ئېرىشەلمىگەن، ئېرىشمەكچى بولغان بارلىق نەرسىلەر ئىچكى مونولوگلىرىم ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى غىدىقلايدۇ. ھەر قېتىم قەلب قەسرىمدىن شۇڭغۇپ چىققىنىمدا ئىچكى ئازاب ۋە زىددىيەت توقۇنۇشلىرىم ئارقىلىق سىلەرگە مەڭگۈلۈك سوئال ۋە مەڭگۈلۈك ھېكمەت ئاتا قىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن.

1

قۇياش كەينىدىكى مۇگدەپ قالغان شەبىستان ئارا،
بىر شەھەر باقىدۇ ھال رەڭ ئۇيۇققا.
ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن تاشقىنلىغان ئارمان جىلۋىسى
يېزىپ ئولتۇرار ئاستا سۈكۈت تەزكىرىسىنى.
قەلەملەر ئاتەش
قەلەملەر ئوتلۇق يۈرەكتۇر گويا.

سىم ـ سىم يامغۇر دېرىزىنى تېشىپ ئۆتىدۇ،
ئىشتانسىز گۈللەرنىڭ ئېتەكلىرى ھۆل.
ھۆل ئىدىيەلەر قەغەز يۈزىدىن مەڭگۈلۈك ماكان تۇتىدۇ.




شېئىرنىڭ ئاۋازى چاقىرار تىنجىق،
چاپقۇر ئاتلار ئەركەك شەھەرنىڭ چۈشىنى بۇزۇپ،
مەغلۇپ زامانلاردىن ھالقىپ ئۆتىدۇ.
ئەي سۆزلەرنى ئويناپ ئولتۇرغان شائىر،
ئەي يايلاق ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاخىرقى سۇلتانى!
نامازشام گىياھلارنى ئىستىبلا قىلغان،
بىزنى باغرىغا چىللار ئاخىرقى دەملەر
ھەممىدىن ۋاز كېچىشكە تېخى ۋاقت يېتىدۇ.

2

لىپىلىق سىغىنىش بېسىلغان ھارۋا
يۇمۇلاق شەھەر كوچىسىنى بېسىپ ئۆتكەندە
غەمكىن قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى بۇقۇلداشقا ئوخشاش
ئۇردا ئالدىدىن قەلەندەرخانىغا قاراپ
كىمىندۇر چاقىردى يوچۇن ئاۋازدا.

شاپ بۇرۇت ناۋاينىڭ شاگىرتلىرى

سېپىل تېمىنىڭ يېنىدىكى كونا تونۇرنىڭ ئوتلىرىنى يالـ
قۇنجاتماقتا.
ئوتلار ئەجدەرھاغا ئوخشاش نەرە تارتماقتا.
ئەزان ئاۋازى كەلدى نەمخۇش ۋە تۇزلۇق
ئېغىر، كۆك هاۋانى يالماپ
شۇنچە ھۇرۇنلۇق بىلەن تاڭمۇ ئاتماقتا.
تونۇش بىزلەر، ئەمما ناتونۇش
شەھەردىن ئۆزىمىزگە قاراپ ماڭدۇق بىز ئاستا- ئاستا...
دوپپىلىق باشلارغا قاراپ غۇرۇرلىنىمەن،
قاداق باسقان قوللارغا سەجدە قىلىمەن.
تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدىن ئامان قالغان
قەدىمىي مۇنارلارغا قاراپ مۇڭلىنىمەن.

3

ئادەملەر مىغىلدىغان رەستىلەردە نۇر،
نۇر كۆتۈرۈپ يۈرۈيدۇ نۇرسىز ئادەملەر.
خىيالىمدىكى قىش يوللىرى شۇنچە بەك ئۇزۇن
باھارنىڭ تىنىقى ئەسمەيدۇ زىنھار،
خازان پەسلى روھىمنى ئۇستېلا قىلغان بۇ دەملەر.
بىر تال خازاندىن كۆردۈم قىش چېھرىنى مەن
ئۇ شۇنچە سۇربەتلىك سىياقى بىلەن
مۇزلاتتى شاۋقۇنلىغان قان كەلكۈننى.
چىقىلغان ئەينەكلەرگە جىجاپ گۈلنىڭ رەسمىنى
مەرسىيە ئوقۇيمەن ئۆلگەن باھارغا
يارىمنىڭ مەيۈس تۇرقى بۇقۇلدىتىپ يىغلاتتى مىنى.
يار
قار ئۇچقۇنلىرىدا بىزەپ سۇمبۇل چېچىنى،
دېرىزەم تۆۋىدىكى مۇزلىغان دەرەخلەرگە
سوغۇقتىن شۇمشىيگەن قاپقارا قۇشقاچلارغا
ئوقۇپ بەرمەكتە بەرباتلىقنىڭ رىسالىسىنى.
ناخشا
كۆزنەكلەرنى چۇل-چۇل قىلار ئەقىدەم سىياق،
شۇنچە ئېغىر ھەرپلەرنىڭ قورشاۋى ئىچرە
روھىم پەرۋازىنى يوقاتقان قۇشتەك
تىنىدۇ ھالسىز.
قىش يوللىرى ياسلىدۇ خىياللىرىمدا
كېلىمەن قول تۇتۇشۇپ غېرىبلىق بىلەن.
ئۇ مېنىڭ ئاجىزلىقىم
ئۇ مېنىڭ ئاداققى تاللىشىمنىڭ تۈنجى خاتىرىسى.
سۇپسۇزۇك جىنايەت ياسىغان ئۇمىد
چىرمىشار ئۇنىڭغا شۇنچە ئەسەبىي،
يوللار بولۇپ قالار ئاخىر قىلىچنىڭ بىسى.

4

يۇلتۇزلار چېچەكلەپ كەتكەن ئاسماندا،
ئەگىشەر ئارقامدىن بىر پارچە بۇلۇت
تۆكۈلەر باغرىمغا ھىجران يامغۇرى.
ئەگىشەر سايەم
ئەگىشەر ھاياتنىڭ بارچە كۈلپىتى،
ئەگىشەر يېزىلمىغان شېئىرىمنىڭ ھەتتا بىر قۇرى.

ھاكاۋۇر بىنالاردا چىراغ گۈللىرى
تېلېفون سىملىرىنىڭ گادىرماچ چىرمىشلىرى.
مەن كۈتۈپ يۈرگىلى بولدى بەك ئۇزاق
سۆيۈملۈك بىر پاجىئەنى.
بۇ بەلكىم ئادىدىيغىنە بىر قاتناش ھادىسىسى
يا بولمىسا يۇقىرى بېسىملىق ئوچاقنىڭ تۇيۇقسىزلا پارتلىشى.
ھېچبولمىغاندا تېيىلغاق يولدا يىقىلىپ چۈشۈش
مانا بۇلار زىددىيەتلىك قەلبىمنىڭ ھاياتلىق بىلەن
شۇنچە بىچارىلىك بىلەن قارشىلىشىشى.

5

تۇزلۇق ياشلارنىڭ ياللىرىشىدىن
نامازشام جىلۋىسىنى ئۆپمەكتە سەزگۈ.
ئۆيۈقتىكى يولۇچى
مارىستىكى پادىچى
بۇلۇڭدىكى قارىغۇ بوۋاي
دەرىخانىدىكى ساراڭ ئوقۇغۇچى
مەن بولۇشۇم مۇمكىنغۇ ئاخىر
ئۆز - ئۆزۈمدىن قاچقىپ چىققان مەن.

ئادىل تۇنىيازنىڭ شېئىرلىرىنى
كۆمۈپ قويدۇم يەنە سۈكۈت قەبرىسىگە.
ئابدۇرېھىم ئابدۇللا ۋە ۋاھىدجان ئوسمان
تىرىلدۈرمەك بولار ئۆلگەن ئۈمىدنى.
ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن تەكلىماكاندا
باتۇر ئارىيانلارنىڭ سەلتەنىتىنى
ئېلىپ چىقماق بولار ئەركەك شەھەرگە.
ئەسقەر ياسىننىڭ كۆز ياشلىرىدا
پىشلماقتا تاتىراڭغۇ ئاي.
جانان كۆلكىسىنىڭ تامچىلىشىدىن
ئوت كەتسىمۇ گەرچە تارغىنە ئۆيگە،
ئابدۇلئەھەد بەرقى ئېسىلىپ ياتار بىر كۆيگە.
چىمەنگۈل ئاۋۇت ۋە غوجىمۇھەممەتنىڭ
كىملەر ھېس قىلالار سەرسانلىقنى؟
بۈگۈن ئاخشام ئاقتى بىر يۇلتۇز
خەت ئوقۇپلا قالدى تۈيغۇمىز
تاھىر ھامۇتنىڭ قارارگاھىدا،



رىسالەت مەردانىنىڭ كونا ياتىقىدا...

سەرسان سەنئەتكارلارنىڭ ئوتوپىيەسى
يارىلىدۇ بىرلا يۇرەكتىن.
ھەممىسى ئوخشاش
جىنايەت ياسايدۇ ھەقىقەت ئۈچۈن.
ياشايدۇ پەقەتلا
بەرباتلىق ۋە مۇھەببەت ئۈچۈن.

6

تونۇمايمەن كولۇمبىيەلىك
گارسىيا ماركوز دېگەن كاتتا ئەدىبنى.
بىراق تونۇيمەن ئۇ ياشاپ ئۆتكەن
پوچتا ماركىسچىلىك خىلۋەت ماكانىنى.
تونۇيمەن ھەتتا
ئۇ يەردىكى بارچە خەلقنى
خۇددى مېنىڭ خەرىتەمدە يوق

يىراق سەھرايىمدىكى ئادەملەر كەبى.
ھەممە نەرسە كونىدەك
ھەممە نەرسە ئۆلدىغاندەك
قىيالمايمەن ھەممە نەرسىگە.
شۇنداقتىمۇ قەدىرلىك دوستۇم
مەن ھاياتنى ياششىم كېرەك.
مەن شۇنداق ياشايكى، سەنلا بىلىپ قال
ئوخشىمسۇن ھېچكىشىگە ئۇ
ئوخشىمسۇن ھەتتا ئۆزۈمگە.
ئۇ ئوخشىسۇن پەقەتلا
خىيالىمدىكى شۇنچە ئۇلۇغۋار
يىگىرمە بىرىنچى ئەسىرنىڭ بىر كىشىسىگە!

ئاپتور: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە ياپچان بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە

# ئاي يورۇتقان گۈڭگا كېچىدە

## ئارزۇگۈل مۇھەممەت (پىنھانە)

### پەرزەنت ئىشقى

تۇتقىنىمدا قولۇڭنى قوزام،
يۈرىكىمنى سۆيەر ھاياجان.
قىلىقلىرىڭ شۇنچىلىك ئوماق،
كۈلەر زېمىن، كۈلەر بۇ جاھان.

تەڭ كەلمەيدۇ مېھرىڭ ئوتىغا،
يات يۈرەكنىڭ مەۋھۇم ئوتلىرى.
«تە،تە»لىگەن قەدەم ئىزىڭدا،
سىزىلماقتا ھايات يوللىرى.

تەلمۈرگەندە كۆزلىرىڭ ماڭا،
بۇرچۇمنى تەڭ تونۇپ يېتىمەن.
قەيسەرلىكىنىڭ بۈيۈك پەللىسى-
ھاياتىمنى تەقدىم ئېتىمەن.

رىشتىلەرنى باغلىغان مەھكەم،
شەخسىيەتسىز، غەرەزسىز تۈيغۇ.
سۆيگۈ تولغان مۇھەببەت، مېھر،
پەرزەنتىمىز سۆيۈنەر مەڭگۈ.

### ئاتا

(ئانام ئابدۇللا مۇتەللىپنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ)

ھازىدار تەبىئەت تۈن قوينى شۇدەم،
پارە بوپ تىلغاندى بىچارە يۈرەك.
ئۈمچەيگەن لەۋلەرگە كەلمەيدۇ باشقا،
ئەي ئاتا، شۇ ئۇلۇغ نامىڭدىن بۆلەك.

ئەركىلەپ كۈلەلمەس كۆزلىرىم ئەمدى،
غۇلچىم ھاۋادا قالدى ئېسىلىپ.
سەن بىلەن يالقۇنلاپ يانغان ئارمىنىم،
كۆز تېگىپ ۋاقىتسىز كەتتى كېسىلىپ.

بوۋامنىڭ كۆيۈملۈك ئوغلانى ئىدىڭ،
مومامنىڭ قارچىغى جان-جېنى ئىدىڭ.
مەھبۇبەڭ ئوتىدا بىر ئۆمۈر كۆيگەن،
پەرزەنتىڭ ئىشقىنىڭ قۇربانى ئىدىڭ.

ۋادەرىخ، ئەي ئاتا ئۈزىتاي سېنى،
سەن ئۆزۈڭ جان بەرگەن تىنىقىم بىلەن.
قويۇپ كەت ئەتىنى غەم يېمە ئەمدى،
مۇقەددەس ئارمىنىڭ مەڭگۈ مەن بىلەن.

### ئاي يورۇتقان گۈڭگا كېچىدە

ئاي يورۇتقان گۈڭگا كېچىدە،
تىۋىشىڭگە سالىمەن قۇلاق.
پىنھانلىقنىڭ تەشۋىش چۆلىدە،
تولغىنىمەن ئازابلىق ھەر ۋاق.

ئاي يورۇتقان گۈڭگا كېچىدە،
دېرىزەمدىن قارايمەن ئاستا.
خىلۋەت كوچاڭ گۈنسىز شۇ قەدەر،
جىسمىڭ لېكىن شېرىن ئۇيقۇدا.

ئاي يورۇتقان گۈڭگا كېچىدە،
تىۋىشىڭگە سالىمەن قۇلاق.
سۆيگىنىمنى بىلمىدىڭ ئاخىر،
قۇرۇپ كەتتى چاڭقىغان بۇلاق.

ئاپتور: كۈچا ناھىيە رەستە ئاھالە-لىكلەر رايونىدا



# شېئىر — مېنىڭ پەرۋازىم

ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرە



مەندە شېئىرلار بىلەن تولۇپ تۇرغان ياپيېشىل بىر دۇنيا بار. مەن ئەنە شۇ دۇنيانىڭ پەرۋازىدىكى بىر قانىتى. شېئىر مېنىڭ يېنىمدىلا، لېكىن يېنىمدىكى رېئاللىقتىن بەكمۇ يىراقتا. مەن ھەقىقىي مەندىكى بىر قىز بىلەن شېئىرىي دۇنيارىمدىلا نۇسرەتلىك ھالدا ئۇچرىشىمەن. بۇ قىز مېنىڭ تەنھالىقىمنىڭ خاتىمىسى، ئازابىمنىڭ تاماملانمىسى.

مەن ياپيېشىل شېئىر دۇنياسىدىكى ئەڭ ئەركىن بىر قۇش. شېئىر مېنىڭ ئىككى قانىتىم، ئىككى قانىتىمدىكى ئەڭ تۇنجى، ئەڭ ئاداقىي مۇقەددەس پەرۋازىم!

## قانىنىڭ جەۋھىرى

جايىمازغا لەيلەپ چۈشۈۋاتقان ئەۋرىشىم تاڭ
شېئىر يېزىۋاتقان بۇ ئادەمنىڭ شەكلىدە ئىدى.
بۇ ئادەم
يېزىلىۋاتقان شېئىر ياكى دەز كەتكەن جانان چىنە ئىچىدىكى
قىزىل رەڭلىك سۇ ئىدى.
مەن بۇ ئادەمنى تونۇيتتۇم
بىر پارچە شېئىر ياكى بىر پارچە كونا لاتىنى تونۇغاندەك
ۋە ياكى
ماڭا ئازاب گۈلدەك ئەڭ يېقىن ھالەتتە تۇرغان
ئۈستۈمدىكى بىر قۇر كىيىم ـ يا،
بېشىمدىكى غەم رەڭ چېچىمنى تونۇغاندەك.
قان
تېنىمدىكى تەكلىماكانىنى سۇغۇرۇپ تۇرغان
خۇسۇسىيتى جەۋھەرلەنگەن ئاق سۆگەك سۇ.
بۇ سۇنىڭ رەھمەت دېيىلگەن يۈزىدە لەيلەپ تۇرسا نوھ
فىرئەۋنىنىڭ تەن كېمىسى چۆكۈپ كېتىدۇ دەھشىتىدە...

غېرىبلىقنىڭ غەمكىن سايىسىدا
يىغلاپ ئولتۇرۇپ شېئىر يېزىۋاتقان بۇ ئادەم
بىر تامچە سۇغا چۈشكەن بىر سۆز بىلەن
بىنا بولغان گۈزەل شەكىل ئىدى.

ئەي
بىر سۆز بىلەن بىنا قىلىپ
بىر سۆز بىلەن ھالاك قىلغۇچى
تۇزىتسۇەت ۋاقتى ئۆتكەن ئازاب گۈللىرىنى ئۇنىڭ تەن بەرگىدىن.
ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىغا
بىر زۇلۇم قىلغۇچىنى ئەۋەتكىن
قاتتىق سۆگەكتىن يۇمشاق گۆشنى ئاجراتقۇچى شاماللاردىن.

ئەلقىسسە
ياز گۈلىنىڭ ھىدىگە چۆمگەن يۇلتۇزلار
ئاسمان تەختىدە قاتار ـ قاتار ئولتۇرۇشۇپ
زېمىننىڭ ھېكايىسىنى باشلايدۇ:
— بىزنىڭ نۇرىمىز ئاستىدا بىر غېرىب شائىر ياشاۋاتىدۇ، — دەپ.
يۇلتۇزلار
ئۇنىڭ ھېكايىسگە چۈشكەندە
ئۇنىڭ يۈرىكىدىن بىر تامچە قان تىنىق بولۇپ يەرگە ئاقىدۇ.
بۇ قان يەرنىڭ ئىپپىتىنى بۇزمايدۇ
يەر سەھەرنى قىز پېتى كۈتۈۋالىدۇ.

يۇلتۇزلار ئۇ ھەقتىكى ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ:
— ئەسلىي ئۇ
توپا ئىدى، سۇ ئىدى، قان ئىدى.

ئەنە ئاۋۇ توپا ئۆگزىلىك ئۆيدىكى
ئىمامكامىنىڭ بىر تامچە جەۋھىرى ئىدى.

## گۈلنىڭ ھېكايىسىدىكى مەن

بىلمەن
توقۇلما بولىدۇ ھېكايە
سەن بىر ئۆمۈچۈك، توقۇلغىنىم راست سېنىڭ ئىچىڭدە.

سەن خالىساڭ ئۇقۇلغان ئۇيغۇر تىلىمەن،
خالىمساڭ ئۇنتۇلغان قەدىمىي خەتمەن.

ئىشەنمەيمەن ئاۋازنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا،
ئىشىنىمەن ئاۋازىڭنىڭ قۇرۇۋاتقىنىغا.

تەنھالىقنى باغلاپ قويدۇم غېرىبلىقىمغا،
ئىسپات تەلەپ قىلدىم سېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭغا.

ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا
ئاسمان بىلەن سەن چۆكۈۋاتقان بوشلۇق بار.
ئاپتاپ يالىڭاچ ياتقان تامنىڭ ئۈستىدە
مەن چۆكۈۋاتقان قاراڭغۇلۇق بار.
مەن سەن بىلەن سۆزلەشكەندە،
ئاۋاز بېسىملىق كەتتى تۆۋەنلەپ.
مەن ھېس قىلىمەن تۇيۇقسىز،
تېنىڭدىكى ئېگىزلىكتىن چۈشۈپ كەتكىنىمنى لەپىلدەپ.

بىر ئايالنىڭ يەتتە ياشلىق قولى
تاشلىۋەتتى بىر پارچە قەغەزنى...
مەن ھېكايەڭدە تەسۋىرلىنىمەن مۇشۇنداق.
سەن ھېكايە سۆزلەشنى داۋاملاشتۇرسەن
مەندىن باشقا ھېچكىمگە.

بىلمەن
توقۇلما بولىدۇ ھېكايە
سەن ھېكايە توقۇغاچ
چۈۋۇشقا باشلايسەن مېنى چاندۇرماي.
ئىككىمىزنىڭ ئۈستىدە ئاققان بۇلاق بويىدا
شەكىل ئۆزگەرتىش سەنئىتىدىن كېيىن
مەن مۇشۇنداق توقۇلمەن ھېكايەڭنىڭ ئاخىرىدا.

## يۇقىرى بېسىملىق چۈش

شەھەرلەرنىڭ سېمىز كېچىسى
سەھەرلەرنىڭ غېرىب غۇنچىسى
رېئاللىقنىڭ مەزلۇملىشىشى
ئەر نەسىللىك قاننىڭ يەمىرىلىشلىرى
ئەدەبىياتنىڭ چوكانلىشىشى ۋە
يەر شارىنىڭ كەنتلىشىپ
جەڭ ئاتلىرىنىڭ قوتانلىشىشى...
ئاستا ـ ئاستا توزۇۋاتقان روھىيەتنىڭ بەرباتلىقىدۇر.

مەن ياشاۋاتقان بۇ شەھەرنىڭ
ئەرلىك ئېكولوگىيەسى بۇزۇلغاندىن بۇيان
جىگدىلەر چېچەكلىمەس بولدى
توي كېچىسى شەكىلگە ئايلاندى
شەكىل شەكىلسىزلىككە كىردى
ماھىيەت نامەلۇم تەگلىمىگە ئايلىنىپ كەتتى
شەيئىلەر تەتۈر تاناسىپلاشتى
ئەمچەكى چوڭ سۇلار سۈت بېسىم بولۇپ كەتتى

گۈل گۈل بىلەن ئەھدىلەشتى
سۆيۈرگە ئەرلەر قولىدا خورلاندى
جىنسىيەت قالايمىقانلاشتى
ئات يىقىلدى، قىلىچ سۇندى، قومغا كۆمۈلدى سەلتەنەت
بىر توپ ياۋا گۈلدىلا پارلاپ قالدى تەبىئەت.
دادام ئىككىمىز ياۋا گۈلنىڭ سايىسىدا
پاراڭلىشاتتۇق جىمجىت ئاۋازدا.
دادام ئىككىمىز بىر ئۇيغۇرنىڭ ئىككى ئۇچى ئىدۇق
بىر تۈز سىزىق سوزۇلۇپ ياتتى ئىككى ئۇيغۇرنىڭ ئوتتۇر-
سىدا
دادام ئۆزىنى سۆيگەندەك سۆيەتتى ئۇيغۇرنى
ئوغۇزخاننى قىلىچ بىسىغا كۆمۈلدى دەيتتى
چىن تۆمۈر باتۇرنى ئۇيغۇرلارغا ئەر بولدى دەيتتى
ۋەتەن دېگەن توپىدا ئەمەس ئۇيغۇرلارنىڭ قېنىدا دەيتتى...
دادام بىر ئۆمۈر ئاپامنى سۆيگەندەك سۆيۈپ ۋەتەننى
قان بېسىم بولۇپ كەتتى.
دادام ئىككىمىز جىمجىت ئاۋازدا
ياۋا گۈلنىڭ سايىسىدا پاراڭلاشقاندا
دادام يوق ئىدى يېنىمدا.
ۋەتەننىڭ قەلبىگە كۆمۈلۈپ كەتكەن ئىدى ئۇ
ئۆزى سۆيگەن ۋەتەننىڭ يۈرىكى بولۇپ.

مەن ئاتىنىڭ قېنىدا شېئىر يازسام
دادام ۋەتەن بىلەن تەقرىز يازىدۇ.
بۇ شېئىر ئەمەس، شېئىر ئەمەس بەلكى
تۆۋەن بېسىملىق رېئاللىقىمدا كۆرگەن
يۇقىرى بېسىملىق چۈشۈمدۇر!

ئاپتور: بورتالا شەھەر ئوتتۇبۇلاق بازارلىق پارتكوم تەشۋىقات ئىشخانىسىدا



# ئىچىمدىكى مىڭ يىللىق دەريا

ئالىمجان قاسىم

## چۈشلەرنى كۆيدۈرۈپ تۈگەتتى كېچە

بۇ كۈنلەر دېڭىزدەك ئاقماقتا جىمجىت ،
كەزمەكتە ئىچىمنى سانسىز چۈمۈلە.
ۋاقىتنىڭ چېچىنى سىيلاپ ئولتۇرۇپ،
سۆزلەيمەن پەرىشان گۈللەر ھەققىدە.

ئەڭ كۈچلۈك قايغۇمۇ يېڭەلمەس بىراق،
ئۈمىدلا يوللاردەك سوزۇلغان ئۇزۇن.
رېئاللىق گويا بىر ئادەمسىز كېمە،
يالتىرار ئۇنىڭدا ساناقسىز ئالتۇن.

خىيالغا يۆلىنىپ تۇرغان تاغلاردەك،
بەك ئۇزاق سۆزلەندى بىرلا ھېكايە .
سانايمەن كۆڭلۈمنىڭ يۇلتۇزلىرىنى،
ئولتۇرۇپ غەم بىلەن پەلەمپەيلەردە .

ئايلاندىم ھاياتنىڭ كوچىلىرىنى،
ئاھ، بۇندا ئىشكلەر تامام ئېتىكلىك .
كۆڭۈل ئۇ غايەت چوڭ بىر ئۆي بولسىمۇ،
كىرىشكە كۇپايە قىلار بىر ئىشىك .

قۇرۇغان ئورمانىنىڭ چۈشىگە شۇ تاپ
كىرمەكتە بۇلتۇرقى ياز ۋە يوپۇرماق .
بىلىمەن، مەن مەڭگۈ چىقسامۇ ئىزدەپ،
ئۇچرىماس ئالدىمغا بىر تال تۆتقۇلاق.

ئىچكىرىلەپ ئۆزىگە ئاقماقتا دەريا،
چۈشلەرنى كۆيدۈرۈپ تۈگەتتى كېچە.
قارىشىپ ئولتۇرار ئادەملەر ھامان،
يۆلىنىپ ئىككى تۈپ غەم دەرىخىگە ...

## ئىككى ئادەمنىڭ قاراڭغۇلۇقى

سۆزلەيمەن بىر مەخپىي ئازاب تىلىدا،
غېرىبلىق ئىچىمنى كەزمەكتە لەرزان .
بۇلبۇلغا بىر زامان قاراپ ئولتۇرۇپ،
مەن ناخشا ئېيتىشنى ئۆگەندىم ئاران .

ئولتۇرۇپ خىيالنىڭ كىرپىكلىرىدە ،
قارايمەن گۈللەرنىڭ جاراھىتىگە.
سەن ۋەدە بەرمىدىڭ بەخت توغرىلىق ،
سۆزلەشنى ئۆگەتتىڭ ئازاب ھەققىدە.

بىر دەريا ھاياجان ئاقماقتا غەمكىن،
تۈتاشتۇر ئۇنىڭكى باش ۋە ئاخىرى.
پەرىشان بىر ئادەم ئۇنىڭ ئىچىدە،
كۆيدۈرۈپ ئولتۇرار كۆز ياشلىرىنى .

ئوت كېتەر ئايدىڭنىڭ تەبەسسۇمىغا،
گۈللەرنىڭ تىلىغا كىرگەندە كېچە.
ئاي ئىككى بولدۇ ۋە شۇ ئاخشىمى،
يۇلتۇزلار ئۆزىنى تاشلايدۇ يەرگە.

كۆڭۈلنىڭ بۇ چەكسىز باياۋانىدا،
خىياللا ئۇزۇلمەس، ئۇزۇن ئارغامچا .
بىز ئىككى ئۇچىدىن تۇتۇپ ئۇنىڭكى ،
تۇرىمىز قارىشىپ ھاياتىمىزغا ...

## ئىچىمدىكى دەريا

بۇ روھىمنىڭ ئىسسىق يېرىدە
ئۆكسۈمەكتە خىلۋەت تاش ئورمان .
كۆكەرگەن بىر غېرىبلىق كەبى
يۆتەلمەكتە قۇرغاق ھاياجان .

ئۇچۇۋاتقان خازانلار ئارا ،
ئىگىرىماقتا ئىچىمدىكى كۆز .
كۆيۈۋاتقان كېچىلىرىمدىن
ھارغىن مېڭىپ ئۆتتى بىر كۈندۈز .

لەشكەر تارتىپ غەم سۇلالىسى ،
ئاتلاندى سۇ قەبىلىسىگە .
قورام تاشقا كەتتى ئايلىنىپ،
سۆزلەنمىگەن غەمكىن ھېكايە .

تىڭشاپ تۇردۇم، قەلبىم تەكتىدە،
ياڭرىماقتا شۇ بىرلا ناخشا .
قۇرۇماقتا، ھېس قىلماقتىمەن،
ئىچىمدىكى مىڭ يىللىق دەريا ...

ئاپتور : تۇرپان شەھەر چاتقال ئوتتۇرا مەكتەپتە

# ئەدىبلەر ئەنجۈمەنىدىن گۈزەل خاتىرىلەر




(ئەدەبىي خاتىرە)

ئانىقىز ئەزىز ئىلتەرىش

## كۈتۈلمىگەن چاقىرىق، كۆڭۈللۈك ئۇچرىشىش

ئادەم بۇ دۇنيادا بەزىدە تۇيۇقسىز ئىشلارغا ئۇچراپ تۇرىدىكەن. يامان ئىشلارمۇ تاسادىپىي يۈز بېرىپ كىشىنى ئازابلىسا، ياخشى ئىشلارمۇ تاسادىپىي نېسىپ بولۇپ كىشىنى خۇشاللىققا چۆمدۈرىدىكەن. بۇ يىل ئىيۇن ئېيى مەن ئۈچۈن ياخشى ئىش نېسىپ بولغان، ئەڭ خۇشاللىققا تولغان ئايلارنىڭ بىرى بولدى.

يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان كىتاب ئوقۇش كۇرسىغا قاتنىشىدىغانلىقىم ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، بەكمۇ خۇش بولدۇم. گەرچە بۇ ھاياتىمدىكى تۇنجى ئىش بولمىسىمۇ، يەنىلا خۇشلۇقۇم چېھرىمگە تېپىپ چىققان ئىدى. ئويلىغىنىمدەك مەكتەپ مۇدىرى ئەمەتجان يۇسۇپ سۆزۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— سالامەتلىكىڭىز يار بەرسىلا قاتنىشىپ كەلسىڭىز بولىدۇ. چارچاش سەۋەبلىك سالامەتلىكىڭىزگە تەسىر يېتىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن، — دېدى.

مەن ھەر ھالدا تەلەيلىك ئىكەنمەن. مەكتەپ مۇدىرىمىزنىڭ ماڭا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىپ ئىشخانىدىن چىقتىم ـ دە، خۇشلۇقۇمدا ئالدى بىلەن پەرىدە خانىمغا تېلېفون ئېلىپ، كىتاب ئوقۇش كۇرسىغا بارالايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

مەن 22 ـ ئىيۇن پويىز بىلەن ئاتۇشتىن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتىم. يول بويى بۇرۇن سېتۇۋېلىپ تېخى ئوقۇشقا ئۈلگۈرمىگەن يازغۇچى خالىدە ئىسرائىلنىڭ «كەچمىش» ناملىق رومانىنى ئوقۇش بىلەن بىرگە، «كىتاب ئوقۇش كۇرسىغا ئايال قەلەمكەشلەردىن كىملەر قاتنىشىدىغاندۇ؟ مەن ئادەتتىكى ماقالىلىرىم بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چىنىپ قالارمەنمۇ!؟ بۇ قېتىمقى كۇرستىن قانچىلىك نەپ ئالارمەن!؟...» دېگەندەك ئويلارنىمۇ قىلىپ ماڭدىم. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن سائەت بىرگە ئۈلگۈرۈپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى خىزمەت بىناسىنىڭ ئالدىغا بارسام، ئىككى ئەر كىشى بىلەن بىر نەچچە ئايال ماشىنا ئەتراپىدا چۆرىدەپ تۇرغان ئىكەن. ژۇرناللاردىن پەرىدە خانىم بىلەن ئەيىبۇ ياقۇپنىڭ سۈرىتىنى كۆرگەن ئىكەنمەن، شۇڭا ئۇلارنى ئاسانلا تونۇۋالدىم. پەرىدە خانىم بىلەن يۈز يېقىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن قالغان ئايال قەلەمكەشلەر بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەن بىلەن خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا مەكتەپداش بولۇپ ئوقۇغان كېرىيەلىك ھەببە مۇھەممەتئېيسا، كورلىدىن يازغۇچى ماھىنۇر ئابدىلىم بىلەن نەسرىچى گۈلباھار ئەزىز قاتارلىق تونۇشلاردىن باشقا، قەشقەردىن ئادالەت ئابدۇرېھىم، قارامايدىن شائىرە ئارزۇگۈل ئابدۇرېھىم، ئۈرۈمچىدىن شائىرە سائادەت ساتتار، توردا ئەسەرلىرىنى جىق كۆرگەن شايار قىزى زۆھرەگۈل ھامۇت، شائىرە ئايىمنىسا سۇلايمان، توقسۇدىن شائىرە ھاجىرە قاسىملار بار ئىدى. مەن بەزىلەر بىلەن تۇنجى قېتىم دىدارلىشىۋاتقان بولساممۇ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن بۇرۇنلا تونۇشقان بولغاچقا خۇددى تونۇش ئادەملەردەك كۆرۈشۈپلا ئۆزلىشىپ كەتتىم. پەرىدە خانىم بىزنى ئەيىبۇ ياقۇپقا تاپشۇرۇپ، ئۆزى ئەتە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بىز بىلەن خوشلاشتى. بىز جەنۇبىي تاغقا قاراپ يولغا چىقتۇق. يول بويى پاراڭ بىلەن



بولۇپ كېتىپ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ جەنۇبىي تاغدىكى ئىجادىيەت مەركىزى بولغان يازغۇچىلار ئائىلىسىگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىمىزنىمۇ تۇيمايلا قاپتىمىز. بىز ھاياجان ئىلكىدە داچىغا ئىچكىرىلەپ كىردۇق. بىرىنچى قەۋەتتە ئاشخانا، تازىلىق ئۆيى ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كۇتۇپخانا ۋە ياتاق ئۆيلەر بار ئىدى. ئىككىنچى قەۋەتتە بىر ئىشخانا، يەنە بىر ياتاق ئۆي، تازىلىق ئۆيى بولۇپ، ياتاق ئۆينىڭ ئۇدۇلىدىكى ئىشىكتىن ئۈستى يېپىلغان، ئەتراپى ئوچۇق يىغىن زالىغا چىقىدىكەنمىز. بۇ يەردىن ئەتراپقا نەزەر سالساق جەنۇبىي تاغدىكى ياپيېشىل قارىغايلار بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن گۈزەل مەنزىرە جىلۋە قىلىپ كىشىنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدىكەن.

بىز بىرىنچى قەۋەتتىكى ئىككى ياتاق ئۆيگە جايلىشىپ بولۇپ، كۇتۇپخانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا باشلىدۇق. كۇتۇپخانىدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق يېزىقلىرىدا نۇرغۇن كىتاب ۋە ژۇرناللار بولۇپ، ھەقىقەتەن بىر ماتېريال ئامبىرى بولۇشقا مۇناسىپ ئىدى. ئەيبۇ ياقۇپ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولغاچقا، بىزنى كۇتۇپخانىدىكى ئېللىپىسسىمان شەكىلدىكى شىرە ئەتراپىغا يىغىپ قىسقىغىنە يىغىن ئېچىپ كۇرسانتلارنىڭ كېلىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى ھەمدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەندىن كېيىن، بۈگۈن تاماق ئېتىشكە تەكلىپ قىلغان ئايال كېلەلمەيدىغان بولغاچقا تاماقنى ئۆزىمىز ئېتىپ يەيدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇردى. ئەسلىدە گۈلباھار ئەزىز بۇ قېتىمقى كۇرسقا قاتناشمايدىكەن، لېكىن ئۈرۈمچىگە خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن كېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن جەنۇبىي تاغقا چىققان ئىكەن. ئۇ بۈگۈن كەچ كورلىغا قايتىدىغان بولغاچقا بىزگە ئۆز قولى بىلەن تاماق ئېتىپ بېرىش ئۈچۈن ئايىمىنسا سۇلايمان بىلەن بىرگە ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. قالغانلىرىمىز ياتاق ۋە كۇتۇپخانىنى بىر قۇر تازىلىۋەتكەندىن كېيىن تاماق پىشقۇچە كۇتۇپخانىغا يىغىلىپ ئۆز ئارا پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق.

مەن ھەببە مۇھەممەتئېيسانى «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىنىڭ 6 ـساندا ئېلان قىلىنغان «ئاشقان تاماق» ناملىق ھېكايىسى بىلەن مۇبارەكلىگىنىمدە، ئۇ تېخى ژۇرنالنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتتى. مەن ھەببەگە ئالغاچ بارغان ژۇرنالنى سۇندۇم. باشقىلار ژۇرنالدىكى بىر قىسىم ئەسەرلەرنى بىرەيلەن ئوقۇپ، قالغانلار ئاڭلاش تەكلىپىنى بەردى. ئادالەت ئابدۇرېھىم تەشەببۇسكارلىق بىلەن ژۇرنالنى قولىغا ئېلىپ ئاۋۋال مېنىڭ ئېغىر كېسەللىك ئۈستىدىن قانداق غالىب كەلگەنلىكىم ھەققىدە يېزىلغان «ھەممىدىن مۇھىمى ئۆزىڭىز» ناملىق ماقالەمنى ئوقۇدى. ئادالەت ھەقىقەتەنمۇ بىر دىكتورغا لايىق ئايالكەن. ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن ئوقۇلغان ماقالىنى ئاڭلاپ بەزىلەر كۆز يېشى قىلىشتى. چۈنكى ماقالىدە ھاياتنوپۇس مۇھەممەتمۇ تىلغا ئېلىنغان بولغاچقا سەپداشلار مەرھۇمنى ئەسلەپ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئارقىدىن ھەببە مۇھەممەتئېيسانىڭ «ئاشقان تاماق» ناملىق ھېكايىسى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. گۈلباھار ئەزىز تاماقلارنى ئۈستەلگە چىقىرىپ بولۇپ، بىزنى تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلدى. ئادالەتمۇ ھېكايىنى ئوقۇپ تۈگەتتى. ھېكايىدىكى ۋەقەلىك ھەممەيلەننى تەسىرلەندۈرگەن بولغاچقا، ھەببەنىڭ دېتال تاللىشىغا قايىللىقىمىزدىن ئاپىرىن ئېيتىشتۇق. گۈلباھارنىڭ مەززىلىك تامىقىنى يەپ بولۇپ،ئۇنى قىيالمىغان ھالدا ئۇزىتىپ قويدۇق. بىر نەچچەيلەن ئاشخانىنى يىغىشتۇرساق، بىر نەچچەيلەن ئىككىنچى قەۋەتتىكى يىغىن زالىنى تازىلاپ ئەتىكى ئېچىلىش مۇراسىمىغا تەييارلىق قىلدۇق. كەچتە تېخى يېتىپ كېلەلمىگەن ساجىدە سۇلايمان بىلەن قەلبىنۇر ئېلياسنىڭ گېپىنى قىلغاچ قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىمىزنى تۇيماي قاپتىمىز.

2012 ـ يىل 25 ـ ئىيۇن بىرىنچى قەۋەتتىكى كۇتۇپخانىدا كۇرسنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئېچىلدى.

بۇ قېتىمقى «ئايال يازغۇچىلار كىتاب ئوقۇش كۇرسى»نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئەدەبىياتشۇناس، پروفېسسور، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئازاد سۇلتان؛ تونۇلغان ئايال يازغۇچى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خالىدە ئىسرائىل؛ شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى پەرىدە مالىك؛ شائىر، ژۇرنالىست، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى پولات ھېۋزۇللا؛ شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئىجادىيەت ئالاقە بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ جەنۇبىي تاغقا جايلاشقان ئىجادىيەت، ماتېريال مەركىزىنىڭ مەسئۇلى ئەيبۇ ياقۇپ؛ «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، يازغۇچى گۈلباھار ناسىر؛ ئايال يازغۇچىلاردىن ئايشەم ئەخمەت، تۇرسۇنئاي يۇنۇس، شائىرە بېلىقىز سۇلايمان ۋە كۇرسانتلاردىن بولۇپ 20 نەپەردىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. ئالدى بىلەن «ئايال يازغۇچىلار كىتاب ئوقۇش كۇرسى»نى تەشكىللەشكە ئالاھىدە كۈچ چىقارغان ھەمدە بۇ كۇرسنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغۇچى پەرىدە مالىك بۇ قېتىمقى كۇرسنىڭ ئايال قەلەمكەشلەرنى بىر يەرگە جەم قىلىپ ئۇلارغا ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئاياللارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى ھەققىدە مۇنازىرە ئېلىپ بېرىش، مۇتەخەسسلەرنى تەكلىپ قىلىپ ئۇلارنى ھا-

زىرقى ئەدەبىيات ساھەسىدە بارلىققا كېلىۋاتقان يېڭى-لىقلاردىن خەۋەردار قىلىش، ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە ئېچىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كې-يىن مۇراسىمغا قاتناشقىلى كەلگەن رەھبەرلەر، يازغۇچى - شائىرلارنى تونۇشتۇردى. كۇرسانتلارغا ئۆزلىرىنى ئۆزى تونۇشتۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. كۇرسانتلارنىڭ تونۇش-تۇرۇشلىرىنى ئاڭلاپ ئارىمىزدا خېلى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان قەلەمكەشلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم.

مەسىلەن، ماھىنۇر ئابدىلىم «تۇمان تارىغان سە-ھەر»، «سادافەت» ناملىق ئىككى پارچە رومان، «ھار-دۇق يەتكەن ئايال» ناملىق پوۋېست - ھېكايىلەر توپلە-مىنى نەشر قىلدۇرۇپتۇ. ساجىدە سۇلايمان «مۇھەببەتتە مېنىڭمۇ ھەققىم بار» ناملىق رومانىنى نەشر قىلدۇرۇپتۇ. ھاجىرە قاسىم ئىككى پارچە شېئىرلار توپلىمىنى، ئايىمنىسا سۇلايمان «ئوت پەسلى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى، قەلبىنۇر ئىلياس «ئانام ئەتكەن كۆك چۆچۈرىسى» ناملىق نەسىرلەر توپلىمىنى نەشر قىلدۇرۇپتۇ. ئايگۈل ئەمەت «شەھلانىڭ شەھرى» ناملىق پوۋېست - ھېكايىلەر توپ-لىمىنى نەشر قىلدۇرۇپتۇ. قالغانلارنىڭمۇ نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرغان بىر - ئىككىدىن كىتابى بار ئىكەن. دې-مەك بۇ قېتىمقى كۇرسقا قاتناشقىلى كەلگەن ئاياللار ئا-ياللار ئارىسىدا خېلى تەسىرى بار يازغۇچى - شائىرلار ئىكەن.

## تەقدىرىگە ئۈمىد بىلەن قاراش كېرەك

رەئىس ئازاد سۇلتان ئالدى بىلەن بىز پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىجادىيەت، ماتېرىيال مەركىزىنىڭ قۇ-رۇلۇش ئەھۋالى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، كۇرسانتلارغا بۈگۈنكى دۇنيا ۋە جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدە بارلىققا كېلىۋاتقان يېڭىلىقلارنى قىسقىچە يەت-كۈزدى. ئاندىن ئايال ئاپتورلاردىن كۈتىدىغان تەلەپلىرى-نى تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە ئوتتۇرىغا قويدى.

ئازاد سۇلتان: بىرىنچى، كۆپ كىتاب كۆرۈش، توردا ۋە ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان نا-دىر ئەسەرلەرنى ئىمكانقەدەر تولۇق كۆرۈش كېرەك.

ئىككىنچى، يازغۇچىدا چوقۇم بەلگىلىك بىر ئۇسلۇب بولۇش كېرەك. يېزىقچىلىق داۋامىدا ئۆزىگە خاس يېزىق-چىلىق ئۇسلۇبى يارىتىپ باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان ياز-غۇچى ئىكەنلىكىنى ئوقۇرمەنلەرگە ھېس قىلدۇرۇش كېرەك.

ئۈچىنچى، تەسىر دائىرىسى چوڭقۇر ئەسەرلەرنى يې-زىشقا تىرىشىش كېرەك. ئوقۇرمەنلەردە ھېچقانچە تەسىر پەيدا قىلالمايدىغان نۇرغۇن ئەسەر يازغاندىن كۆرە ئاز بولسىمۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدىغان ئەسەرلەرنى يېزىپ ئوقۇرمەنلەر قەلبىدىكى تەسىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەمدە ئوقۇرمەنلەرنى يېڭى يولغا باشلاش كېرەك.

تۆتىنچى، يازغۇچىلار تارىخنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ تارىخنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. تارىخنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قىلىشقا بولمايدۇ.

بەشىنچى، ئەسەرنىڭ سۈپەت ئۆتكىلىنى چوقۇم ياخشى تۇتۇش كېرەك. شۇندىلا ئەسەرنىڭ ئىدىيە چوڭ-قۇرلۇقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگىلى بولىدۇ. بىرەر ئى-دىيە بولمىغان ئەسەرنى ئەسەر دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا يازغۇچىلار ھەر بىر ئەسەرگە بەلگىلىك بىر ئىدىيە سىڭ-دۈرۈشى، ئەسەر ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىدىيەسىنى توغرا يولغا يېتەكلىشى لازىم.

ئالتىنچى، يازغۇچىلار يېزىۋاتقان ئەسەرلىرىدە ئىن-سانىنىڭ تەقدىرىگە ئۈمىد بىلەن قاراشنى مۇھىم نۇقتا قى-لىش كېرەك. ھازىر ئوقۇرمەنلەرگە زۆرۈر بولۇۋاتقىنى ئۆزلىرىگە ئۈمىدسىزلىك ئاتا قىلىدىغان ئەسەرلەر بولماس-تىن، پېرسوناژلىرىنىڭ تەقدىرى ئۈمىدكە تولغان ئەسەر-لەردۇر.

يەتتىنچى، ئىنسانىنىڭ قىممەت قارىشىدىكى ياخشىلىق-نى كۆپرەك ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك. ياخشىلىق سىڭدۈ-رۈلگەن ئەسەر بىلەن ئەتراپىتىكىلەرنىڭ پائالىيىتىنى ياخشى تەرەپكە يېتەكلىگىلى بولىدۇ. يازغۇچى يەنە مۇتەپەككۇر بولۇپ، ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

سەككىزىنچى، يازغۇچى ئۆزىنى، دۇنيانى، ئالەمنى چۈشىنىش بىلەن بىرگە يەنە بىر - بىرىنى چۈشىنىشى ۋە ئېتىراپ قىلىشى، ئەدىبنىڭ ۋە ئەدەبىياتنىڭ قەدىر - قىممىتىنى قىلىشى كېرەك. يەنە ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ مىل-لەت ئۈچۈن ئۆگىنىشى، يېزىشى، ئىجاد قىلىشى كېرەك. ياخشى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ خەلققە نادىر ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلىشى كېرەك.

مەن يازغۇچىلارغا يۇقىرىقىدەك تەلەپلەرنى قويۇش بىلەن بىرگە يەنە يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالىدا ساقلىنىۋاتقان يېتەرسىزلىكلەر ھەققىدىمۇ قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

بىرىنچى، ئەدەبىياتىمىزدا تەرجىمە ئوبزورچىلىقى كەمچىل. يېزىلىۋاتقان ئەسەرلەرگە تەنقىدىي باھا بېرىپ يازغۇچىلارغا يول كۆرسىتىدىغانلار بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ، شۇنداقلا تەرجىمە قىلىنىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە سۈپىتىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقى ھەققىدە پىكىر قىلىدىغانلار يوق دېيەرلىك. شۇڭا ئايال قەلەمكەشلەر ئا-رىسىدىمۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلەر، تەرجىمە ئوبزورچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بارلىققا كېلىشى كېرەك.



ئىككىنچى، بىزدە ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇ-
غۇللىنىدىغانلار يېتەرسىز. باشقىلار لۇشۇن ئەسەرلىرىنى
مەخسۇس تەتقىق قىلغانغا ئوخشاش ئۆزىمىزدىن چىققان
يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە ئەتراپلىق تەتقىقات
ئېلىپ بارىدىغان روھ كەمچىل. بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىز-
لىكنى تۈگىتىشكە تىرىشمىساق ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققى-
ياتىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرغىلى بولمايدۇ.

ئۈچىنچى، بىزدە يەنە ۋارىسلىق قىلىش ئەنئەنىسى
كەمچىل. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدە يارات-
قان نەتىجىلىرىدىن ئۆگىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئۇس-
لۇبىغا، ئىجادىيەت روھىغا ۋارىسلىق قىلىدىغانلار تولىمۇ
ئاز بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا يازغۇچى - شائىرلار ئەجدادلىرى-
مىزنىڭ ئىجادىيەت يولىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ
ماڭغان يولىنى كېلەچەككە ئۇلاشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتى-
شى كېرەك.

تۆتىنچى، تارىخنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە چوڭقۇرلۇق
كەم. بۇنىڭ ئۈچۈن تارىخنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئە-
سەرنىڭ تارىخي چىنلىقنى ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە، ئە-
سەردىكى چوڭقۇرلۇق ئارقىلىق شۇ تارىخي دەۋرنى يو-
رۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

رەئىس يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەر ھەققىدە ئۆزىنىڭ
بايانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئايال قەلەمكەشلەرنىڭ بۇ
قېتىمقى كۇرس ۋاقتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ كەڭ -
كۇشادە مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشنى، كاللىسىدا ھەل قىلال-
مايۋاتقان مەسىلىلەرنى مۇتەخەسسلەردىن سوراپ، ئۆز
ئارا پىكىرلىشىپ ھەل قىلىشنى، كەلگەنگە لايىق بىرەر
ئۈنۈمگە ئېرىشىشنى تەكىتلىدى. ھەممەيلەننىڭ كەيپىياتى
ناھايىتى ئۇستۇن ئىدى.

مەن رەئىس ئازاد سۇلتاننى ئۇنچىۋالا كىچىك پېئىل
دەپ ئويلىمىغان ئىكەنمەن، بۇ قېتىمقى پائالىيەت
داۋامىدا شۇنى ھېس قىلدىمكى، رەئىس چىقىشقاق، ئاق
كۆڭۈل بولۇپلا قالماي، تولىمۇ پائالىيەتچان ۋە بەكمۇ
قىزغىن ئىدى. رەئىس يەنە گۈلباھار ناسىردىن مېنىڭ لىم-
فا ئۆسمە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ داۋالانغانلىقىمنى
ئاڭلاپ ماڭا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى. ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات-
قا بولغان ئىشتىياقىنىڭ كېسەلدىن دەست تۇرۇشقا تۈرت-
كە بولغانلىقىنى سۆزلەپ، ھەرگىزمۇ كېسەلدىن قورقماي،
باتۇر بولۇپ ياشىشىمنى، ئۆز ئارا بىر - بىرىمىزگە مە-
دەت بېرىپ، بۇ ھاياتنىڭ گۈزەللىكىدىن بەھرىمەن بو-
لۇشىمىزنى ئېيتىپ ماڭا تېخىمۇ ئىشەنچ ئاتا قىلدى.

## ئەدىبەلەر ئەدەبىياتىمىزنىڭ جۇلاسى

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنى-
ۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، ئەدەبىياتشۇناس، شائىر
ئابدۇقادىر جالالىدىن مۇئەللىم بىلەن ئەدەبىي تەنقىدچى
مامبەت تۇردى؛ شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى،
مەدەنىيەت - تارىخ تەتقىقاتچىسى، نۇرغۇن يازغۇچىلار-
نىڭ كىتابلىرىنى نەشر قىلدۇرۇشقا كۈچ چىقارغان كىتاب
سودىگىرى ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىنلار ئىجادىيەت مەر-
كىزىگە يېتىپ كەلدى. ھەممەيلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈش-
تۇق. رەئىس ئازاد سۇلتان ئەپەندى چۈشتىن كېيىن مۇ-
ھىم پائالىيىتى بارلىقىنى ئېيتىپ بىز بىلەن خوشلاشتى. قال-
غانلار يەنە كۇتۇپخانىغا يىغىلىپ چۈشتىن كېيىنكى پائالىيە-
تىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. بىز ئەدىبلەرگە ئۆزىمىزنى بىر
قۇر تونۇشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ئابدۇقادىر جالالىدىن
مۇئەللىم ئاياللار ئەدەبىياتى ھەققىدە بىزگە ياخشى پىكىر-
لەرنى بەردى. ئابدۇقادىر مۇئەللىمنىڭ بايانلىرىنى ياخشى
بولغان بىر قېتىملىق لېكسىيە دېيىشكىمۇ بولاتتى. سەھىپە
مۇناسىۋىتى بىلەن ئابدۇقادىر مۇئەللىمنىڭ بايانلىرىنى
قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

ئابدۇقادىر جالالىدىن: بىر مىللەتنىڭ ئايال يازغۇ-
چىلار قوشۇنىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە مەلۇم كۆلەم ھاسىل
قىلىشى شۇ مىللەت، شۇ مىللەت ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئىنتا-
يىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھازىر ئايال ئەدەبىي ئىجا-
دىيەتچىلەر سان جەھەتتىن تويۇنۇپ سۈپەت جەھەتتىن
ئىزدىنىدىغان دەۋر يېتىپ كەلدى. ئاياللار يەنىمۇ ئىزدە-
نىشى، تىرىشىشى، ئۆز مەسىلىسىنى ئۆزى ھەل قىلىشى
كېرەك. ئاياللاردىن ئايرىلغان ئەدەبىيات مەۋجۇت ئە-
مەس.ئاياللار ئەدەبىياتى مەسىلىسىگە كەلسەك نوقۇل ئا-
ياللار يازغان، ئاياللار تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئە-
سەرلەرلا ئاياللار ئەدەبىياتى بولمايدۇ. بەلكى، ئاياللار
ئەدەبىياتىدا ئايال ئىجادىيەتچىلەر قەلىمى بىلەن ئاياللار
تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ تۇرمۇش ئاياللارنىڭ كۆ-
زى، ئاياللارنىڭ نەزەرى بىلەن كۆزىتىلگەن، ئاياللارنىڭ
قەلىمى بىلەن ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەر بولۇشتىن باشقا يە-
نە، ئاياللار ئەدەبىياتى ھەققىدە نەزەرىيە، ئاياللار ئەدە-
بىياتى ھەققىدە ئوبزورچىلار بارلىققا كېلىپ تەنقىدىي پە-
كىرلەر قانات يايدۇرۇلغان بولۇشى كېرەك.

بىز ئەدەبىي ئىجادىيەتكە نىسبەتەن نەزەرىيە ئۆگە-
نىشنى چىڭ تۇتۇشىمىز، ئەسەر يازغاندا ۋەقەلىكنىلا يې-
زىشتىن، ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىنى، خاراكتېرىنى، پىس-
خىك كەچۈرمىشىنى يېزىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.
ئاياللار ئەدەبىياتىدا ئاياللىق تەپەككۇرنى گەۋدىلەندۈ-
رۈش ناھايىتى مۇھىم. بۈگۈنكى ئاياللار مەسىلىسىگە
كەلسەك زامانىۋى ئايال بىلەن ئەنئەنىۋى ئايالنىڭ پەرقى
پەقەت مەدەنىيەت ساپاسى مەسىلىسىگىلا باغلىق ئەمەس.
ئەقىللىق ئايالغا قارىغاندا ئاياللىقى كۈچلۈك ئايال دۇنيا-
نى بەكرەك ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئاياللىقى ۋايىغا يەتكەن، ئا-

ياللىقى گۈپۈلدەپ تۇرغان ئايال تېخىمۇ گۈزەل ۋە قۇدرەتلىك بولىدۇ. ئايال ئەدىبلەر «ئانىلىقنىڭ كۈچى، ئايالىقنىڭ كۈچى قانداق بولىدۇ؟...» دېگەن نۇقتا ئۈستىدە ئىزدىنىشى ۋە بۇنى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە سىڭدۇرۇشى كېرەك. ئاياللار دۇنىيادىن، ئەرلەردىن ۋايساش، نارازى بولۇشتىن ھالقىپ، چۈشكۈنلۈكتىن قۇتۇلۇپ ئارزۇيىدىكى ئەر، ئارزۇيىدىكى ئائىلە، ئارزۇيىدىكى ئايالنى، ئارزۇيىدىكى كىشىلىك تۇرمۇشنى يېزىپ بېقىشى كېرەك. بۇنىڭ جەمئىيەتكە كۆرسىتىدىغان ئىجابىي تەسىرى چوقۇم چوڭ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئايال ئاپتورلاردا مۇتەپەككۇرلۇق سەۋىيەسى بولۇشى، قەلەمنى نوقۇل ۋەقەلىك ئۈستىگە ئەمەس، تەپەككۇر ئۈستىگە قويۇشى، ئەسەرلەردىن بىر خىل گۇمانتارلىق، سېھرىي كۈچ بالقىپ تۇرۇشى كېرەك. مۇھەببەت ۋەقەلىكى تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەردە ئايال قەلەمكەشلەر ئۆز سەممىيىتىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە، جەمئىيەت ۋە ئائىلىدىكى مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيەتلىرى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشى، ئىنساننىڭ ھەر تەرەپلىمە ئېھتىياجى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى چوڭقۇر قېزىپ چىقىشى، يازغانلىرىنىڭ جەمئىيەتكە، ئىنسانىيەتكە ياخشى تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك.

ئايال يازغۇچىلار باشقا تىللاردىكى ئەسەرلەرنى كۆپرەك ئوقۇپ، تەرجىمە قىلىپ ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق ماھارىتىنى ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. كىشىلىك ھايات توپ مۇسابىقىسىگە ئوخشايدۇ. مۇسابىقە جەريانىدا بىز يېڭىشنى، خاتالىق ئۆتكۈزمەسلىكنى ئارزۇ قىلىمىز، ئەمما يېڭىلىپ قالىدىغان، خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قالىدىغان ۋاقىتلىرىمىزمۇ بولىدۇ. كىشىلىك ھاياتتىكى غالىبىيەت بىلەن مەغلۇبىيەتكە توغرا مۇئامىلە قىلىشىمىز، مەغلۇبىيەتتىنمۇ ھۇزۇر ئالالايدىغان، قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇقنى كۆرەلەيدىغان بولۇشىمىز كېرەك. ئايال قەلەمكەشلەر ئىزدەنسىلا چوقۇم ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ئابدۇقادىر مۇئەللىمنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرى ھەققەتەنمۇ ھەممىمىزنى ئويلاندۇردى. بىز بۇ تەلەپچان ئۇستازنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئېغىرلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيەت مۇساپىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشتا ئەستايىدىل ئويلىنىپ، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ ئاندىن قەلەم تەۋرىتىش ۋە ھەردەم يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئۇنتۇماسلىقىمىزنى ھېس قىلىپ يەتتۇق.

ئوبزورچى مامبەت تۇردى ئاكا ئەسەرلەردە بايانىنى قانداق ئىپادىلەش ھەققىدە ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە، چەت ئەل ۋە جۇڭگودىكى بىر قىسىم داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە بايانىنى ئىپادىلەشتە يېڭىلىق يارىتىپ ئۇتۇق قازىنىۋاتقانلىقىنى خېلى ئەتراپلىق مىساللار بىلەن بايان قىلىپ ئۆتۈپ، ئايال قەلەمكەشلەرنىڭ نېمىنى يېزىشقا كۆڭۈل بۆلۈشتىن بەكرەك، قانداق يېزىش، بايانىنى قانداق ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىزدىنىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. بىر قىسىم كۇرسانتلار ئۇستازلاردىن ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش توغرىسىدا سوئاللارنى سوراپ تونۇشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى.

ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن ئۆزىنىڭ ياخشى ئەسەر بولسىلا نەشر قىلدۇرۇشقا ھەر ۋاقىت تەييار ئىكەنلىكىنى، ھازىرقى جەمئىيەتتە ئىدىيە چوڭقۇرلۇقى كەم ئەسەرلەرنىڭ كۆپلۈكىنى، شۇڭا يازغۇچىلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىنىڭ ئەسەر ئىدىيەسىنى چىڭ تۇتۇش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە بىر قىسىم ئاپتورلار بىلەن كىتاب نەشر قىلدۇرۇش ھەققىدە پىكىرلەشتى. ئۇستازلارنىڭ سۆز ـ ئۈگۈتلىرىگە تېخى قانمىغان بولساقمۇ، كەچ كىرىپ قالغاچقا ئۇستازلار بىز بىلەن خوشلاشتى. بىز ئۇلارنى كۆزدىمىز قىيمىغان ھالدا ئۇزىتىپ قويدۇق. ئايشەم ئەخمەت خانىمنى ئايرىم مۇڭدىشىپ پاراڭلىشىمىز دەپ قوندۇرۇپ قالدۇق. بىز كەچلىك تاماقتىن كېيىن كۈتۈپخانىغا يىغىلىپ ئايشەم ئەخمەت ھەدىمىز بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشتۇق. بىز ئاياللار ئەدەبىياتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ھەمدە ھازىر ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك تەرەپلەر ھەققىدە مۇنازىرە ئېلىپ باردۇق.

## يازغۇچىدا تىراگېدىلىك ئاڭ بولۇش كېرەك

2012 ـ يىلى 26 ـ ئىيۇن بىز جەنۇبىي تاغدا يېڭى بىر كۈننى كۈتۈۋالدۇق. ئادالەت ئابدۇرېھىم ، ھاجىرە قاسىم، مەن ئۈچىمىز تاڭ سەھەردىكى ساپ ھاۋادىن ھۇزۇرلانغاچ داچىلار رايونىنى ئايلىنىۋېتىپ قارىماققا يېقىندەك كۆرۈنىدىغان ياپېشىل تاغقا چىقماقچى بولدۇق. ئەپسۇس، يېقىندەك كۆرۈنگەن تاغنىڭ خېلى يىراق ئىكەنلىكىنى، يەنە كېلىپ بۈگۈنكى پائالىيەتنىڭ باشلىنىش ۋاقتىغىچە ئۈلگۈرۈپ كېلەلمەيدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلىپ ياتاققا قايتتۇق. بۈگۈن ئايال قەلەمكەشلەرگە ئۆزلىرىنىڭ تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، يازغۇچى غەيرەت ئاسىم، شائىر ئىمىن ئەخمىدى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئابدۇللا مەتقۇربان، مەمەتتۇرسۇن ئېلى قاتارلىقلار قەدەم تەشرىپ قىلدى. ئالدى بىلەن شائىر، تەتقىقاتچى ئىمىن ئەخمىدى لېكسىيە سۆزلىدى.

ئىمىن ئەخمىدى: يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خانىم ـ قىزلار ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ قانداق مۇھىتتا ياشاۋاتقانلىقىنى بىلىشى كېرەك. ئۆزلىرى ياشاۋاتقان مۇھىتنى بىلگەندە، ئاندىن شۇ مۇھىتتىكى ئادەملەرنى چۈشىنىپ ياخشى ئەسەر يازالايدۇ. ئاياللارنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭى ئاياللىققا خاس ھالدا ئەسەردە ئىپادىلىنىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئايال قەلەمكەشلەر ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭىنى، جىنس جەھەتتىكى پەرقىنى يوقاتقان بولىدۇ.

ئايال قەلەمكەشلەر تۇرمۇش ئۆگىنىش ۋە يېزىقچىلىق قىلىش جەريانىدا تەجرىبە توپلاپ، ئەسەردىكى يازماقچى بولغان ئىجتىمائىي توپنىڭ پسىخىك مىجەزى، ئۆزگىچە خاس مەدەنىيىتىنى ئىگىلەپ، ئۇنى قانداق ئىپادىلەش جەھەتتە ئىزدىنىش كېرەك. ئايال قەلەمكەشلەردە مەسئۇلىيەت ئېڭى، ئازابلىنىش ئېڭى بولۇشى كېرەك. بىر قەلەمكەشتە ئۆزلىرى ياشاۋاتقان تۇرمۇشتىكى ئېچىنىشلىق ئىشلارغا نىسبەتەن ئازابلىنىش ھېسسىياتى قوزغالمىسا، ئۇنىڭ يازىدىغان ئىشى ھەر قانچە ئازابلىق ئىش بولسىمۇ ئۇ چىن يېزىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايال قەلەمكەشلەر ئۆزىگە ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە نىسبەتەن مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزىدە خۇشاللىق ئېڭى يېتىلدۈرۈش بىلەن بىرگە ئازابلىنىش ئېڭىنىمۇ يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

بىر مىللەتتە بولۇشقا تېگىشلىك زۆرۈر بولغان تۆت ئاڭ بار، ئۇ بولسىمۇ بىرىنچى، يۈكسەك شەيئى ئېڭى بولۇش كېرەك. يۈكسەك شەيئى باشقا نەرسە ئەمەس، دەل ئاشۇ قاراڭغۇلۇق، ئېگىز تاغ، چوڭقۇر دېڭىز ... قاتارلىقلار يۈكسەك شەيئىدۇر. ئىككىنچى، گۈزەللىك ئېڭى بولۇش كېرەك. ئۈچىنچى، تىراگېدىك ئاڭ بولۇش كېرەك. تۆتىنچى، يۇمۇرىستىك ئاڭ بولۇش كېرەك.

ئىمىن ئەخمىدى ئاكىنىڭ لېكسىيەسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن غەيرەت ئاسىم سۆز قىلىپ ئەسەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، قەلەمكەشلەرنىڭ ئۆگىنىش پوزىتسىيەسى، ئەسەر يېزىش ماھارىتى ھەققىدە ئۆزىنىڭ قىممەتلىك كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. غەيرەت ئاسىم ئەپەندىنىڭ بايانلىرىدىكى ۋاڭ مىڭنىڭ «ئۆگىنىش مېنىڭ سۆيگىنىم» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ، ۋاڭ مىڭنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان پوزىتسىيەسىنى توغرىلاش ھەققىدىكى قىممەتلىك پىكىرلىرى ماڭا بەك تەسىر قىلدى. غەيرەت ئاسىم ئەپەندىنىڭ سۆزى ئاياغلىشىشقا پائالىيەت يېتەكچىسى پەرىدە مالىك خانىم يازغۇچى ئايشەم ئەخمەتنى ئۆزىنىڭ كۇرسانتلارغا بولغان يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى.

ئايشەم ئەخمەت ھەدە «ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىنى ئاياللار سالغان» دېگەن قاراشنى چۆرىدىگەن ھالدا 16 ـ ئەسىردىكى زىلەيخا بېگىم قاتارلىق ئاياللارنى مىسال كەلتۈرۈپ تارىختىكى ئايال قەلەمكەشلەرنىڭ مىللىتىمىز ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشكە قوشقان تۆھپىلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتتى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىككى پارچە رومانىنى يېزىپ تاماملاش جەريانىغا بىرلەشتۈرۈپ ئۆزىنىڭ بىر مەسئۇلىيەتچان قەلەمكەش بولۇپ يېتىشىپ چىقىشتىكى تەجرىبىلىرىنى قىسقىچە خۇلاسىلەپ ئوتتۇرىغا قويدى. بىز بۇ ئۇستازنىڭ توختىماي ئىزدىنىش روھىدىن بەك تەسىرلەندۇق. شۇنىڭ بىلەن چۈشتىن بۇرۇنقى مۇھاكىمە پائالىيىتى ئاخىرلىشىپ كۇرسانت قىزلار ۋاقىتنىڭ شۇنچە تېز ئۆتۈپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قالغان ئىدۇق.

چۈشتىن كېيىن «ئىبە ھايات»، «ئەڭ گۈزەل خاتىرە» قاتارلىق ھېكايىلىرى، «ئۇرېبتا»، «مەختۇمسۇلا»... قاتارلىق پوۋېستلىرى، «كەچمىش» ناملىق رومانى بىلەن ئەلگە تونۇلغان تالانتلىق يازغۇچى خالىدە ئىسرائىل ھەدىمىز ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى، بولۇپمۇ ئوبراز يارىتىش ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئاز ۋە ساز سۆزلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ سورۇن ئەھلىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئارقىدىن ئابدۇللا مەتقۇربان مۇئەللىم ۋە مەتتۇرسۇن ئېلى مۇئەللىملەر ئوبزورچى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئايال قەلەمكەشلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە بارلىققا كېلىۋاتقان يېڭىلىقلار ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدە قىسقىچە توختالغاندىن كېيىن ئايال قەلەمكەشلەرنى ئۆزىدىن ھالقىشقا، يېڭىلىق يارىتىشقا، توختىماي ئۆگىنىشكە چاقىردى. ئۇستازلارنىڭ كۇرسانتلارغا دەيدىغانلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن غەيرەت ئاسىم ئەپەندىنىڭ تەكلىپى بىلەن شائىرە ھاجىرە قاسىم ھەممەيلەنگە بىر ـ ئىككى كۇپلېتتىن شېئىرىي چاقچاق توقۇپ سورۇن ئەھلىنى كۈلدۈردى. مەن ھاجىرە قاسىمنىڭ چاقچاقىنى تېز ھەم دەل جايىغا كەلتۈرۈپ قىلغانلىقىغا بەكمۇ قايىل بولدۇم. ئۇيغۇرلار چاقچاقخۇمار خەلق. ياخشى نىيەت بىلەن قىلىنغان چاقچاقتىن بارچە كىشى ھۇزۇرلىنىدۇ. بىزنىڭ «يازغۇچىلار ئائىلىسى»دە ھاجىرە قاسىم تىلىدىن ئاڭلىغان ئاشۇ چاقچاقلار مەڭگۈ ئېسىمىزدە قالىدۇ.

27 ـ ئىيۇن تاڭ يورۇشى بىلەنلا بېلىقىز سۇلايمان، ئادالەت ئابدۇرېھىم ئۈچەيلەن سىرتقا چىقىپ ئەتراپنى ئايلانغاچ كىتاب نەشر قىلدۇرۇش ھەققىدە پاراڭلىشىپ قالدۇق. ئادالەت ئابدۇرېھىم بىر كىتابىنى مەلۇم نەشرىيات تەرىپىدىن خېلى تەستە نەشر قىلدۇرۇپتۇ. يەنە بىر كىتابىنى نەشرىياتقا تاپشۇرغىلى خېلى بولغان بولسىمۇ، تېخىچە نەشر قىلىنماپتۇ. بېلىقىز سۇلايمان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى ھەققىدە كىتاب يېزىپ نەشرىياتقا تاپشۇرغان بولسىمۇ، نەشر قىلىنماپتۇ. مەن ئۇلارنىڭ دەردلىرىنى ئاڭلاپ كىتاب چىقارماقنىڭ

ئۇنچە ئاسان ئەمەسلىكىنى بىلىپ، كۆڭلۈمگە باشقىچە بىر سوغۇقلۇق سايە تاشلاپ ئۆتتى.

بۈگۈن ئەتىگەندە بىلىقىز سۇلايمان ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق تەجرىبىلىرىنى سۆزلەپ كۆپ يىللىق ئىجادىيەت جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن شېئىرىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

## سىلەر ياخشى ئەسەر يازمىساڭلار، بىز ئىشسىز قالىمىز

بىلىقىزنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئۈلگۈرۈپ مىللىي يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ مىللىتىمىزنى دۆلەت ئىچىگە تونۇتۇشقا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشۇۋاتقان ئاپتونوم رايونلۇق تەرجىمانلار جەمئىيىتىدىن ئەدەبىي تەرجىمان دىلمۇرات تەلئەت بىلەن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىلى كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ھەمدە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەرنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىۋاتقان ئۇيغۇرچە ئىسمى مەلىكە ئىسىملىك بىر خەنزۇ قىز كىرىپ كەلدى. دىلمۇرات تەلئەت ئىشىكتىن كىرىپلا :

— ۋاي - ۋۇي، مىللىتىمىزنىڭ سەرخىل گۈللىرى بۇ يەرگە يىغىلىپتۇغۇ، — دەپ چاقچاق قىلدى.

دىلمۇرات تەلئەت ئەدەبىي تەرجىمىچىلىك ھەققىدە سۆزلىدى. ئايال ئاپتورلارنى ئاۋام ئارىسىغا چۆكۈپ ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ باشقىلار ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدىغان ئىشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئىنچىكىلەپ ئەسەر يېزىش لازىملىقىنى تەكىتلەپ، ئۆزىنىڭ قۇمۇل تاغلىرىدا تۇرمۇش ئۆگىنىش جەريانىدا كۆرگەن بىر قىسىم ياشلارنىڭ ياشاش ئۇسۇلى ۋە ئۇلارنىڭ ئويلايدىغانلىرىنى قانداق ئىگىلىگەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ:

— تۇرمۇش ئۆگىنىشتە يازغۇچى ئۆزىنى قەلەم تەۋرىتىدىغان ئەدىب دەپ ئويلىۋالماي، تۇرمۇش ئۆگىنىۋاتقان جايدا ياشاۋاتقانلارغا سىڭىپ تۇرۇپ، ئەھۋال ئىگىلىگەندە ئېرىشىدىغىنىمىز تېخىمۇ چىن بولىدۇ... — دېدى، ئۇ يەنە ئاخىرىدا :

— سىلەر ياخشى ئەسەر يازساڭلار، بىز ئەسىرىڭلارنى باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىپ باشقا مىللەتلەرنىڭ مىللىتىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشىگە، ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىشتە كۆۋرۈك بولۇشقا ھەر ۋاقىت تەييارمىز. ئەگەر سىلەردىن باشقا مىللەتلەرگە سۇنغۇدەك نادىر ئەسەرلەر چىقمىسا بىز پۇچەك ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىمىز. بىز پۇچەك ئەسەرلەرنى باشقا مىللەتلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنساق، ئۇلار «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىياتى مۇشۇنچىلىك ئوخشايدۇ» دەپ قالىدۇ. شۇڭا سىلەر نادىر ئەسەرلەرنى يېزىشقا كۈچەڭلار. سىلەرنىڭ ياخشى ئەسىرىڭلار بولمىسا بىز ئىشسىز قالىمىز، — دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى.

سۆھبەت ئارىلىقىدا ھەۋەسكار قىز مۇنىرە ئالىم بىلەن تاجىك مىللىتىدىن قەلەمكەش ئايپۇۋى نەزەر ئىككىيلەن مېۋە - چېۋە ئېلىپ ئۈرۈمچىدىن ئاتايىن بىزنى يوقلاپ چىقىپتۇ. بىز ئۇلاردىن تولىمۇ خۇرسەن بولدۇق.

چۈشتىن كېيىن گۈلباھار ناسىر «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىدىكى بارلىق مۇھەررىرلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ مېۋە - چېۋە، پېچىنە - پىرەنىك كۆتۈرۈپ يوقلاپ چىقىپتۇ. گۈلباھار ھەدىمىز بۇ قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ تەشۋىقات ئىشخانىسىدا ئىشلەيدىغان بىلىقىز ئىمىنھاجىنى ھەمراھ قىلىپ چىقىپتۇ. پەرىدە مالىك خانىم بىلىقىز ئىمىنھاجىنى بىزگە تونۇشتۇرۇپ لېكسىيە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. بىلىقىز ئىمىنھاجى ئاياللارنىڭ «تۆت ئۆز تەربىيەسى»گە ئەھمىيەت بېرىش ھەققىدە ئاز، لېكىن ناھايىتى مەزمۇنلۇق سۆزلىدى. بىلىقىز ئىمىنھاجى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە ئىدارىدە مۇھىم يىغىنى بارلىقىنى ئېيتىپ ئۆزرە سوراپ سۆزىنى تېزلا ئاخىرلاشتۇرۇپ بىز بىلەن خوشلاشتى. بۇ ئايال تولىمۇ ناتىق بولۇپ، سۆزلىرى دەبدەبىلىكتىن خالىي ئاددىي، ئەمما ناھايىتى مېغىزلىق ۋە مەنىلىك بولۇپ، ھەر بىر ئېغىز سۆزى كىشىنى قايىل قىلماي قالمايتتى. بىز بېلىقىز ئىمىنھاجىنى ئۇزىتىپ تۇرۇشىمىزغا يازغۇچى ئابلەت ئابدۇرەشىد بەرقى، ئەدەبىيات ئاشناسى، كارخانىچى تۇردى لېتىپ، يازغۇچى ئابلا ئىسھاق پەرۋازانىلار يېتىپ كەلدى. ئابلەت ئابدۇرەشىد بەرقى بېيجىڭدا دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان بولۇپ، يېقىندىلا تەتىل قىلىپ قايتىپ كەلگەنىكەن. پەرىدە مالىك بەرقىنى سۆزگە تەكلىپ قىلغاندا بەرقى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئۆگىنىش، ئوقۇش جەريانىدا ئېلىمىزدىكى نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشقانلىقىنى، بىزنىڭ ئەدەبىيات قوشۇنىمىزنى ئېلىمىزدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات قوشۇنىغا سېلىشتۇرغاندا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغانلىقىنى، مۇھىم مەسىلە ئەدەبىيات قوشۇنىمىزنىڭ سۈپىتىنى ئاشۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى، ئۆزلۈكىنى نامايان قىلىشتا يازغۇچىنىڭ تۆلەيدىغان بەدەللىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نۆۋەتتىكى شەھەرلىشىش ئېلىپ كەلگەن مەسىلىلەرنى ئەدەبىياتتا قانداق ئىپادىلەش توغرىسىدا ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ناھايىتى جانلىق تىللار بىلەن ئىپادىلىدى. يازغۇچى ئابلا ئىسھاق پەرۋازانىمۇ ئۆزىنىڭ ئايال قەلەمكەشلەردىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاخىرىدا سورۇندىكىلەر ئورتاق ھالدا «جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر قىسىم ئەر - ئاياللارنىڭ چەكتىن ئاشقان ئىشلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي، كىشىلىك

قەدىر ـ قىممەتكە مۇخالىپ كېلىدىغان قىلمىشلىرىنى ئەدەبىياتقا كىرگۈزۈش كېرەكمۇ ـ يوق...» دېگەن نۇقتىلارنى چۆرىدەپ مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. ئەيىۇ ياقۇپ:

— ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بەزى ئىشلارنى ئەدەبىياتقا كىرگۈزمەسلىك كېرەك. ئەگەر ئۇنداق ئىشلار ئەسەر قىلىنسا،ئۇ ئەسەر ئەدەبىياتقا تەۋە بولماي قالىدۇ. ئەدەبىيات كىشىلەرگە مەنىۋى زوق بېرەلەيدىغان، هاياتقا ئۈمىد ئاتا قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. هەرقانداق بىر تۇرمۇش دېتالىنى ئەدەبىياتقا ئەكىرمەكچى بولساق ئەدەبىياتنىڭ بۇ تۈپ تەلىپىگە ئۇيغۇنمۇ ئەمەسمۇ؟...! بۇ تەرەپلەردىن ئەستايىدىل ئويلىشىش كېرەك، — دېگەن پىكرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ بىر كۈن تولىمۇ جىددىي، ئەمما ئەهمىيەتلىك ئۆتتى.

## ئەهمىيەتلىك ئۇچرىشىش، كۆڭۈللۈك سۆهبەت

28 ـ ئىيۇن ئاپال ئاپتورلار ئۈچۈن تېخىمۇ ئەهمىيەتلىك بىر كۈن بولدى. چۈنكى ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىنى تەھرىرلەپ، مەتبۇئات يۈزىگە چىقىرىشقا ئەجىر سىڭدۇرۇۋاتقان بىر قىسىم نەشرىيات ۋە ژۇرناللارنىڭ مۇھەررىرلىرى بىلەن ئۇچراشتى. پەردە مالىك بۈگۈنكى ئۇچرىشىشنى «نەشرىيات، ئەدەبىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى بىلەن ئاپال ئاپتورلار سۆهبەت يىغىنى» دەپ ئاتىدى. بۈگۈنكى بۇ ئۇچرىشىشقا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، ئوبزورچى ئابدۇبەسىر شۈكرىمۇ قەدەم تەشرىپ قىلغان بولۇپ، ئۇ نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات ئەهۋالىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتتى. ئارقىدىن ئاپال ئاپتورلار ئارىسىدىن ئاپال قەلەمكەشلەرنىڭ ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان تەنقىدچىلەر قوشۇنىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئابدۇبەسىر مۇئەللىمنىڭ يەنە بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز بىلەن چەت ئەلنىڭ ئەدەبىياتىنى سېلىشتۇرۇپ، «چەت ئەللەردە ئەڭ تەس يەن ئەدەبىيات بولسا، بىزدە ئەڭ ئاسان يەن ئەدەبىيات دەپ قارىلىدۇ» دېگەن گېپى بىلەن مەكتەپلەردە ئۆزىنىڭ كەسپىدىن تۈزۈك بىر سائەت دەرس ئۆتەلمىگەنلەرنى ئەدەبىيات دەرسى ئۆتۈپ تۇرۇشقا قويىدىغانلىقىنى بىرلەشتۈرۈپ ئويلاپ ئىچىم بەكلا ئاچچىق بولدى. ئەدەبىيات قاچانغىچە ئەدەبىيات گىنى يوقلارنىڭ قولىدا خارلىنار؟!

بۈگۈنكى ئۇچرىشىشقا شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىن گۈلباھار ئەخەت، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، باللار شائىرى ئابلىكىم ھەسەن، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى پاتىگۈل ئەخمەت، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى بۇخەلچەم باھاۋۇدۇن، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ئىمىرھەسەن مەخمۇت، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرى كامىلە راخمان قاتارلىقلار قەدەم تەشرىپ قىلغان ئىدى. نەشرىيات ۋە ژۇرناللاردىن كەلگەن بۇ مۇھەررىرلەر ئاپال يازغۇچىلارغا ئۆزلىرىنىڭ نەشرىياتى ۋە ژۇرنىلىنىڭ ئاساسلىق ئەهۋالىنى تونۇشتۇردى. شۇنداقلا ياخشى يېزىلغان ئەسەرلەرگە تولىمۇ ئېهتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، ئاپال يازغۇچىلارنىڭ نادىر ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىگە تەقەززا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

گۈلباھار ئەخەت: ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىدا ۋەقەلىك قوغلىشىپ ئەسەر يېزىپ مەزمۇن، ئىدىيەگە سەل قارايدىغان ئەهۋال گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ، — دەپ ئەسەرگە قويۇلىدىغان تەلەپنى تەكىتلىسە،

ئابلىكىم ھەسەن: بىزنىڭ نەشرىياتىمىزدا ئاپال مۇھەررىرلەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەش بىلەن بىرگە نەشرىياتىمىز نەشر قىلغان كىتابلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئاپال ئاپتورلارنىڭ كىتابلىرى كۆپ سالماقنى ئىگىلەپ كەلدى. ھېلىھەم ئاپال ئاپتورلار ياخشى ئەسەر يازسا ھەر ۋاقىت قولىمىز كۆكسىمىزدە، — دەپ ئاپال ئاپتورلارغا ئىلھام بەردى.

پاتىگۈل ئەخمەت: ئاپال يازغۇچىلار ئارىسىدا ھېكايە ئارقىلىق داڭ قازىنىپ بىر بولسا يوقاپ كېتىدىغان، بىر بولسا ناھايىتى تېزلا ھېكايىنى تاشلاپ رومان يېزىشقا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئەهۋال مەۋجۇت. ئاپال ئاپتورلار ھېكايە ژانىرىدىن مېھرىنى ئۈزمەي ژۇرنىلىمىزنى سۈپەتلىك ئەسەر بىلەن تەمىنلەپ بەرسە... — دەپ ئۆزىنىڭ تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويسا،

بۇخەلچەم باھاۋۇدۇن: بىزنىڭ ژۇرنالىنىڭ ئەسەر مەنبەسى بەك يېتەرسىز. مۇمكىن بولسا ئاپال ئاپتورلار سەنئەت ھەققىدە ماقالىلەرنى، شۇنداقلا ئېتۇت، سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىپ ژۇرنىلىمىزنى ئەسەر بىلەن تەمىنلەپ بەرسە تولىمۇ ياخشى بولاتتى، — دەپ ئاپال قەلەمكەشلەرنى «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ دائىملىق ئاپتورى بولۇشقا چاقىردى.

ئىمىرھەسەن مەخمۇت : ژۇرنىلىمىز تۆرلۈك سانلارنى باشتىن كەچۈرۈپ بۈگۈنگە كەلدى. ژۇرنالدا ياخشى ئەسەرنى ئېلان قىلساقلا ئوقۇرمەنلەرنى جەلىپ قىلغىلى، قەلىمى كۈچلۈك ئاپتورلارنى يېنىمىزغا تارتقىلى بولىدىكەن. بىزدە يېزىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان نۇرغۇن ساھەلەر بار. ئاپال ئاپتورلار شۇنداق ساھەلەردە ئىزدىنىپ بىزنى ياخشى ئەسەر بىلەن تەمىنلىسە دېگەن ئۈمىدتە بىز، — دەپ ئاپال يازغۇچىلارنى ئائىلە، مۇھەببەت، نە-

كاھ تېمىسىدىلا قەلەم تەۋرىتىشكە بېرىلمەي، ئېچىلمىغان بوز يەرلەرنى ئېچىشقا دەۋەت قىلدى.

چۈشتىن بۇرۇنقى بۇ ئۇچرىشىش يازغۇچىلار بىلەن مەتبۇئات ئورۇنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىش ۋە ئىشەنچنى كۈچەيتتى. ئايال يازغۇچىلار مۇھەررىرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، يازغۇچىلار«مەتبۇئاتتا تونۇشى بولمىسا، ئەسىرى بېسىلىپ قالىدىكەن» دېگەن بىر تەرەپلىمە قاراشتىن خالاس بولۇپ، ئەسەرنى ياخشى يازسىلا ئېلان قىلىدىغان مەتبۇئاتنىڭ ھەر جايدا تەييار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتىشتى.

چۈشتىن كېيىن رەئىس ئازاد سۇلتان مۇئەللىم بۇ قېتىمقى كۇرسنى خۇلاسىلەش مۇراسىمغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئاتايىن كەلدى. ئۇ ئاۋۋال پەرىدە مالىكتىن نەچچە كۈندىن بېرى ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەت ئەھۋالىدىن قىسقىچە خۇلاسە ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— بۇ قېتىمقى كۇرسقا قاتناشقاندىن كېيىنكى تەسىراتىڭلار قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى. ھەممىمىزنىڭ تەسىراتى ئۆزگىچە ئىدى، لېكىن ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن ئادالەت ئابدۇرېھىم بۇ قېتىمقى كۇرسنىڭ ناھايىتى ياخشى تەشكىللىنىپ، كۇرسانتلارغا لېكسىيە سۆزلەيدىغان ئۇستازلارمۇ ناھايىتى ياخشى تاللانغانلىقىنى، ئۇستازلارنىڭ بىزنى قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپ، قەلەم تەۋرىتىشىمىزگە تېخىمۇ ئىلھام ئاتا قىلغانلىقىنى، مۇمكىن بولسا بۇنداق كۇرسلارنى كۆپرەك تەشكىللەپ، ئايال ئاپتورلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە، رەئىس ئازاد سۇلتان ئەپەندىگە، پەرىدە مالىكقا، بۇ قېتىمقى كۇرسنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشىغا بىجانىدىل تۆھپە قوشقان ئەيىبۇ ياقۇپقا بارلىق ئايال ئاپتورلار نامىدىن رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاخىرىدا رەئىس ئازاد سۇلتان كۇرسنى ئاخىرلاشتۇرۇش سۆزى قىلدى. رەئىس بىزگە ئوتلۇق تىلەكلەرنى تىلەپ سۆزىنى تۈگەتتى. ئاخىرىدا پەرىدە مالىك خانىم كۇرسانتلارنىڭ قايتقاندىن كېيىن ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىش - يازماسلىقى كۇرسانتلارنىڭ بۇ قېتىمقى كۇرسنىڭ تەسىرىگە قانچىلىك ئۇچرىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. كۇرسانتلار بۇنداق تەربىيەلەش پائالىيەتلىرىنى كۆپرەك ئۆتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلغان ئىكەن، ئۆزىنىڭ ياخشى ئەسەرلىرى ئارقىلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىكىلەرنىڭ خىلمۇ خىل ئۆگىنىش ۋە پائالىيەتلەرنى تەشكىللىشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتىدىكىلەر كۇرسقا قاتناشقىلى كەلگەن ئايال يازغۇچىلارنى مېھمانغا چاقىرىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئىجادىيەت،ماتېرىيال مەركىزىدىن كۆزىمىز قىيمىغان ھالدا ئايرىلدۇق.

مەن يولدا كېتىۋاتقىچە سائادەت ساتتارنىڭ ئۆزىنىڭ بەستلىك گەۋدىسىگە يارىشىدىغان كەسكىنلىكىنى، تەشكىللەش قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى؛ ساجىدە سۇلايماننىڭ مۇلايىم، تاتلىق گەپلىرىنى، ئېغىر بېسىق، يېقىشلىق ئارزۇگۈل ئابدۇرېھىمنى؛ ئادالەت ئابدۇرېھىمنىڭ دىكتورلارغا خاس يېقىملىق، سۇزۇك ئاۋازىنى؛ ماھىنۇر ئابدىلىمنىڭ پىشقان يازغۇچىلارغا خاس ئۆتكۈر پىكىرلىرىنى؛ ھەبىبە مۇھەممەتئىيسانىڭ باللىقنى تېخى يوقاتمىغان سۆيۈملۈك قىلىقلىرىنى؛ ئايىمنىسا سۇلايماننىڭ گويا بىر پارچە ئوتتەك ئۇستازدىن تارتىنماي سوراۋاتقان ئوماق قىياپىتىنى؛ زۆھرەگۈل ھامۇتنىڭ مۇتەخەسسىلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ چەت ئەل تىللىرىدىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇيالمايدىغانلىقىغا ئۆكۈنۈۋاتقان ئەپسۇسلۇق سىماسىنى؛ ھاجىرە قاسىمنىڭ ھازىر جاۋاب خۇشچاقچاقلىرىنى؛ ئايگۈل ئەمەتنىڭ ئاياللارغا خاس سالاپىتى ۋە جىمجىتلىقى؛ قەلبىنۇر ئېلياسنىڭ تىنىمسىز تەپەككۇر قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان ئويچان ھالىتىنى؛ مەلىكە مۇھەممەت ئايزىنىڭ شوخ، مەردانىلىقىنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن.

بۈگۈن كەچتە ئۆيىگە قايتالمايدىغان كۇرسانتلارنى يازغۇچىلار جەمئىيىتى خاندىيار مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرغان بولغاچقا بۈگۈن قايتالمايدىغان ئالتەيلەن نەرسە - كېرەكلىرىمىزنى ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىپ، ئۇزىتىش زىياپىتىگە باردۇق. بۇ چاينى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ باشلىقى ئابدۇراھمان ئەبەي ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ، جىددىي خىزمەت ئىشى بىلەن بۈگۈن چۈشتىن كېيىن بېيجىڭغا ماڭغان بولغاچقا، ئۆزى كېلەلمىسىمۇ، خىزمەتداشلىرىغا تاپىلاپ، بىزنىڭ شەرىپىمىزگە بۇ چاينى ئورۇنلاشتۇرغان ئىكەن. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتىنىڭ باشلىقى ئادىل مۇھەممەت تۇران چايغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

ئادىل مۇھەممەت تۇران ھەر قايسى نەشرىياتلارنىڭ ئەھۋالىنى بىر قۇر تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئايال يازغۇچىلارنىڭ ياخشى ئەسەرلىرى بولسا شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بىز مەززىلىك تائاملارغا ئېغىز تەگكەچ يەنە شۇ ئەدەبىيات ئاشنالىقىمىز بىلەن، قەلبىمىزدىكى تىنىمسىز كۆيۈپ تۇرىدىغان ئوت ھەققىدە پاراڭلاشتۇق.

بىز قىيالمىغان ھالدا بىر - بىرىمىز بىلەن خوشلاشتۇق. مەن قايتىۋېتىپ «ھەممەيلەننىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىمىز مۇشۇنداق خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتكەي...» دەپ ئىچىمدە ھەممەيلەنگە ئامانلىق، شادلىق، بەخت - سائادەت تىلىدىم.

ئاپتور : ئاتۇش شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە





# بىخەتەر يېمەكلىك تۈزۈمىگە بازارلىقىنى بېغىشلىغان
# پەرھات قېيۇم ھەققىدە

پەرھات قېيۇم 1961 - يىلى 12 - ئايدا كۇچا ناھىيەسىدە مەرىپەتپەرۋەر ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1969 - يىلدىن 1974 - يىلغىچە كۇچا ناھىيەلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1974 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە كۇچا ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇغان. شۇ يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، 1978 - يىلى 9 - ئايدىن 1983 - يىلى 7 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1983 - يىلى 7 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزۈپ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە خىزمەتكە چۈشكەن.

1990 - يىلى 10 - ئايدىن 1991 - يىلى 6 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىر تۈتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇپ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ ناھىيەسى، ئۇلۇغچات ناھىيەسى ۋە ئاتۇش شەھىرىدە سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە خىزمىتىگە قاتناشقان. 1995 - يىلى 9 - ئايدىن 1997 - يىلى 7 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، دۆلەتلىك مائارىپ مىنىستىرلىقى، كادىرلار مىنىستىرلىقىنىڭ «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت پەن - تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش»تىكى تەربىيەلەش ئوبيېكتى قىلىنىپ، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا دېھقانچىلىق دورىلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە يېمەك - ئىچمەك تەركىبىدىكى قالدۇق دېھقانچىلىق دورىلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش بويىچە بىلىم ئاشۇرغان. بۇ جەرياندا پەرھات قېيۇم پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، شۇ كەسىپتىن ماگىستىر ئاسپىرانتلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1996 - يىلى كاندىدات تەتقىقاتچى ئۇنۋانىنى ئالغان.

ئۇ تەتقىقات خىزمىتى بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ تەتقىقات تۈرلىرىدىن «مېۋە - چېۋە ۋە كۆكتات تەركىبىدىكى قالدۇق دېھقانچىلىق دورىلىرىنى تېز سۈرئەتتە ئۆلچەپ ئېنىقلاش تېخنىكا تەتقىقاتى»، «تۇپراق ۋە سەي - كۆكتاتلارنىڭ زەھەرلىك ماددىلاردىن بۇلغىنىشى ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى قانۇنىيەت ئۆزگىرىشىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش تەتقىقاتى» قاتارلىق تەتقىقات تۈرلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلەپ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىپ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى ۋە بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. ئۇ يەنە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقىنىڭ بىخەتەر يېمەكلىك بەرپا قىلىش ھەرىكەت پىلانىدىكى مەخسۇس تۈر بولغان «مەملىكەت بويىچە ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندا كۆكتات سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش» قاتارلىق ئۈچ چوڭ تەكشۈرۈش تۈرىگە قاتنىشىپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتقان. ئۇ يەنە دۆلەتلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى تەشكىللەپ ئېلىپ بارغان «شىنجاڭنىڭ تۇپراق ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش» مەخسۇس تۈرىدىكى تۇپراق تەركىبىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشقان. يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقى بىلەن دۆلەت تېخنىكا نازارەت قىلىش ئىدارىسى بىرلىكتە ئېلىپ بارغان «گۈرۈچ»، «چاي» ۋە «تۇپراق» قاتارلىقلاردىكى زەھەرلىك بۇلغانما تۈرلەرنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش قابىلىيەت سىناش خىزمىتىگە قاتناشقان.

پەرھات قېيۇم رايونىمىزنىڭ «بىخەتەر يېمەكلىك»، «يېشىل يېمەكلىك» ئىشلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئومۇملىشىشى ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا نۇرغۇن تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپ بىخەتەر يېمەكلىك، يېشىل يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلارنىڭ سۇ، تۇپراق، ھاۋا، مۇھىتىنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ۋە باھالاپ بېكىتىش خىزمىتىدە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، يېمەكلىك سۈپىتىنى ياخشىلاش ۋە ئۇنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە زور نەتىجىلەرنى ياراتتى.

ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ پەن - تېخنىكا گېزىتى»، «شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى» قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىدە تونۇشتۇرۇلدى. پەرھات قېيۇم يازغان «50 - 835 تىپلىق ئامىنو كىسلاتا ئانالىزاتورى ۋە ئۇنىڭدا ئامىنو كىسلاتاسىنى ئۆلچەش»، «ئۈرۈمچى شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى بىر قىسىم كۆكتات ئۆستۈرۈش بازىلىرىنىڭ تۇپراق تەركىبىدىكى زەھەرلىك ئېغىر مېتال تەركىبىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن باھا»، «كۆكتاتنى مىكرو دولقۇن ئارقىلىق ئېرىتىپ سۈيۇقلاندۇرۇش ئارقىلىق تەركىبىدىكى قوغۇشۇن ۋە كادمىي مىقدارىنى ئۆلچەش»، «قوي يۇڭىدىكى ئامىنو كىسلاتا تەركىبى ئۆزگىرىشىنىڭ قوي يۇڭى سۈپىتىگە بولغان تەسىرى»، «مالتاپنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش تەتقىقاتى» قاتارلىق 30 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى دۆلەت ئىچىدىكى نۇقتىلىق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ شۇ ساھەلەردە مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇپ قالدى. پەرھات قېيۇم كۆپ قېتىم ئىلغار پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان. پەرھات قېيۇم ھازىر شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئۇنۋان باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى مەركىزىي تەجرىبىخانىسىنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بىخەتەر يېمەكلىكنى باھالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش، ئۆلچەش مەركىزى ئۈرۈمچى 2 - ئۆلچەش ئورنىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى يېزا ئىگىلىك سۈپەت ئۆلچىمى ۋە تەكشۈرۈش تېخنىكا تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەۋاتىدۇ.







# كۇسەن قەدىمكى كېچىككە سېلىنغان بىر قانچە قېتىملىق كۆۋرۈكلەر توغرىسىدا

تۇنىياز ئىمىن

كۇچا دەرياسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كەلكۈن مەزگىلىدىن باشقا چاغلاردا ئېقىم مىقدارى ئانچە كۆپ بولمايدىغان دەريالارنىڭ بىرى.

بۇ ئانا دەريا تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ كۇچا، باي ۋە خېجىڭ ناھىيە چېگراسىدىكى مۇز تاماس، تەلەمەت چوققىسىدىكى مۇزلۇقتىن باشلىنىپ چوڭ كۆل، شاخبۇلاق، كۆكسۇ، تىكمەك، قورغان، كان ئېغىزى قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، ئېرىق ئارىسى كەنتىدىكى سۇ ئايرىش تۇگونى ئارقىلىق سۇغىرىش رايونىغىچە 126 كىلومېتىر مۇساپىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ دەريا كۇچانىڭ مۇنبەت ئېكىنزارلىقىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان مۇھىم سۇ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ.

كەلكۈن پەسلىدىكى سۇغىرىش ئۆستەڭلىرىگە پاتمىغان قىيان سۇ قارىياغاچ ئېقىن، يېسسىۋاش ساي، شەھەر سېپىلىغا بۆلۈنۈپ ئاقىدۇ. شالدىراڭ ئېقىنىدىن كەلگەن سۇ شەھەر ساي ئارقىلىق ئاياغ تەرەپكە ئاقىدۇ. «كۇسەن قەدىمىي كېچىكى» بۇ سايىنىڭ كۇچا شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن بۆلىكىدە بولۇپ رەستىگە (رەستە مەسچىت) ئۇدۇل كېلىدۇ.

1958 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىكى پەۋقۇلئاددە زور سۇ ئاپىتىدىن ئىلگىرى ناھىيەنىڭ پۈتۈن ئىدارە ـ جەمئىيەت ئاپپاراتلىرى، مەكتەپ، كارخانىلارنىڭ ھەممىسى كۇچا شەھەر سېپىلىنىڭ ئىككى قىرغىقىنى مەركەز قىلىپ جايلاشقان ئىدى. بۈگۈنكى زامانىۋى كۆلەمگە ئىگە بولغان تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە قەد كۆتۈرگەن يېڭى شەھەر رايونى بىلەن شەرقىي شەھەر رايونى 1958 ـ يىلىدىن كېيىن بىنا قىلىنغان. كونا شەھەر بىلەن يېڭى شەھەرنىڭ ئارىلىقى 1800 مېتىر كېلىدۇ. ئۈرۈمچى ـ قەشقەر تۆمۈر يولى، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول لىنىيەسى دەل مۇشۇ دەريانى كېسىپ ئۆتكەچكە جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

1882 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىگە ئۆزگەرتىلىشتىن ئىلگىرى «كۇسەن قەدىمىي كېچىكى»گە سېلىنغان كۆۋرۈكلەر توغرىسىدا ئېنىق يازما ماتېرىيال يوق. 1881 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسى تەسىس قىلىنىپ، جەمئىيەت نىسپىي تىنچىغان مەزگىلدە ناھىيە ئىچىدىكى سايىغا ياغاچ لىملىق، ئالتە ئاراشلىق ئاددىي بىر كۆۋرۈك سېلىنغان. ھەر بىر ئاراشنىڭ ئارىلىقى بەش مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىر بولغان. بۇ كۆۋرۈك سېلىنىپ خەلقنىڭ يول قاتنىشىدا زور قولايلىق تۇغۇلغان. بۇ ئېقىندىكى ياغاچ قۇرۇلمىلىق كۆۋرۈكنى خەلق ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بۇزۇلۇپ كەتسە تۈزەپ پايدىلىنىپ كەلگەن. ئۇ يىللاردا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشتە ئالدىن خەۋەر بېرىلىدىغان تېخنىكا ۋە ئاپپارات بولمىغانلىقتىن، كۇچا ناھىيەسى يىلدا بىر قانچە قېتىم سۇ ئاپىتىگە ئۇچراپ تۇراتتى. شەھەر ئاھالىسىمۇ ئىدارە ـ جەمئىيەت، مەكتەپلەر، سودا ـ سانائەت كارخانىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كۇچا شەھەر سېپىلىنىڭ ئىككى قىرغىقىنى ئاساس قىلىپ ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، ئەينى چاغلاردا بازار كۇچا شەھەر سېپىلىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا مەركەزلەشكەن. كەلكۈن مەزگىلىدىن باشقا چاغلاردا ساي ئېقىن ئىچى ئاساسلىقى ئۇلاغ بازىرى، ئوت ـ سامان، ئوتۇن ـ ياغاچ، كەپتەر ـ توخۇ... قاتارلىق كىشىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى سېتىلىدىغان بازار قىلىنىپ كەلگەن. ھازىرمۇ يۇقىرىقى بازار ئاساسەن سايىنىڭ ئىچىدە داۋام قىلىپ كەلمەكتە. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ قاتناشنىڭ كۆپىيىشى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەسلىدىكى



ياغاچ كۆۋرۈك كونىراپ ئەسكى بولۇپ كەتكەن.

1939 ـ يىلى لىن جىلۇ كۇچاغا ھاكىم بولغان قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە كۆپلىگەن ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر، يول ـ كۆۋرۈكلەر قايتىدىن ياسىلىپ، قاتناش ۋە سۇغىرىش ئىشلىرىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. «تەرەققىي قىلاي دېسەڭ يول ياسا» دېگەندەك شۇ مەزگىللەردە سودا ـ سېتىق ئىشلىرى خېلى تەرەققىي قىلغان. لىن جىلۇنىڭ بىۋاستە رىياسەتچىلىك قىلىشى ۋە پىلانلىشى، كۇچالىق داڭلىق ياغاچچى غازى ئۇستامنىڭ تېخنىكا ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىشى بىلەن «كۇسەن قەدىمي كېچىكى»گە ياغاچ قۇرۇلملىق تۈۋرۈكسىز ئاسما كۆۋرۈك سېلىندى. بۇ كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىردىن ئاشاتتى. كۆۋرۈكنىڭ ئىككى بېشى خۇددى زىنىنەت دەرۋازىسىغا ئوخشاش ياغاچ جاھازلىق پەشتاق چىقىرىلىپ قىزىل سىرلانغان ئىدى. بۇ كۆۋرۈك 1941 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى پۈتكەندە لىن جىلۇنىڭ «قەدىمي كۇسەن كېچىكى ــ ئىتتىپاق كۆۋرۈكى» دەپ يېزىپ بەرگەن بېغىشلىمىسى چوڭ تاختايغا قارا سىر بىلەن چوڭ يېزىلىپ، كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى پەشتاقنىڭ ئۈستىگە ئېسىلغان.

يولداش لىن جىلۇ شەھەرنى شىمالدىن جەنۇبقا كېسىپ ئۆتىدىغان كۇسەن قەدىمي كېچىكىگە سالدۇرغان بۇ ياغاچ ئاسما كۆۋرۈك 1958 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى يۈز بەرگەن پەۋقۇلئاددە زور سۇ ئاپىتىدە ئېقىپ كەتكەن.

1958 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە كۇچا، شايا، توقسۇ، باي قاتارلىق غەربىي تۆت ناھىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنى كۇچاغا يىغىپ ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلغان. بۇ تۆت ناھىيەدىن كەلگەن 2000 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆگىنىش قىلىۋاتقان مەزگىلدە كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ ئۆگىنىشنى ئۈزۈپ قويىدۇ. مۇشۇ چاغدا ھۆكۈمەت پۈتۈن ئوقۇتقۇچىلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ «ئىتتىپاق كۆۋرۈكى»نى قايتىدىن رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە چاقىرىق قىلىدۇ. شۇ قېتىملىق چاقىرىق بويىچە ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن ئوقۇتقۇچىلار بۇ كۆۋرۈكنىڭ ئېقىپ كەتكەن ياغاچلىرىنى يىغىپ، كەم ياغاچلارنى تولۇقلاپ كۆۋرۈكنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

بۇ كۆۋرۈك 1958 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە كونا شەھەر بىلەن يېڭى شەھەرنىڭ ئارىلىقىدىكى قاتناش ئېھتىياجىدىن تولۇق چىقىپ كەلگەن. تارىختىكى مەشھۇر بۇ كۇسەن كېچىكىدىكى «ئىتتىپاق كۆۋرۈكى»نىڭ بىر كىلومېتىر شىمالىي قىسمىغا يەنى دۆلەت تاشيولى 314 ـ لىنىيەنىڭ كۇچا شەھەر سېيىنى كېسىپ ئۆتىدىغان بۆلىكىگە 1958 ـ يىلى سۇ ئاپىتىدىن كېيىن باشلاپ 1959 ـ يىلى ئەتىيازغىچە بولغان ئارىلىقتا گومىنداڭنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ تۇتۇپ تۇرۇلغان نەچچە يۈز چېرىكلىرىنى كۆۋرۈك سېلىش ئەمگىكىگە سېلىپ، يول قۇرۇلۇش تارماقلىرىنىڭ تېخنىكا يېتەكچىلىكىدە 70 نەچچە مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بېتوندىن ناھايىتى كۆركەم، ئازادە، زامانىۋى بىر كۆۋرۈك سېلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ قاتنىشىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك كۆۋرۈك بولۇپ قالدى. بۇ كۆۋرۈك خەلق ئىچىدە «پولات كۆۋرۈك» دەپ ئاتالدى، ھېلىھەم شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. مۇشۇ كۆۋرۈك ياسالغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى ئۈرۈمچى ـ قەشقەر تاشيولىنىڭ كۇچا شەھىرىنى كېسىپ ئۆتكەن بۆلىكى ھازىرقى «پولات كۆۋرۈك» تىن ئۆتكەن دۆلەت تاشيولى 314 ـ لىنىيەسىگە ئۆزگەرتىلگەن.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ 1980 ـ يىللارغا كەلگەندە شەھەرنىڭ يول قۇرۇلۇشىدا زور ئۆزگىرىش بولدى. شۇ قاتاردا بۈگۈنكى كونا شەھەرنىڭ شەھەر كوچىلىرى رەتلىنىپ شەھەر قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولۇپ، يېڭى شەھەر بىلەن كونا شەھەرنى تۇتاشتۇرىدىغان خەلق يولى تۈزلىنىپ ئۇدۇل رەستىنىڭ ئالدىغا تۇتاشتۇرۇلدى. شەھەر يول قۇرۇلۇش پىلانىغا ئاساسەن ئەسلىدىكى ««ئىتتىپاق كۆۋرۈكى»نىڭ 100 مېتىرچە شىمالىغا ناھىيەنىڭ ئىقتىساد ئاجرىتىشى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن 890 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىنىپ، 75 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بېتون قۇرۇلملىق ئاسما كۆۋرۈك سېلىندى. كۆۋرۈكنىڭ ئىككى بېشىدىكى سېمونت ۋە پولاتتىن ياسالغان زىنىنەت دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىگە «قەدىمي كۇسەن كېچىكى ــ ئىتتىپاق يېڭى كۆۋرۈكى» دېگەن خەتلەر ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە يېزىلدى. 1985 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى. ئىككى كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئىككى قاش ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتە تاش ۋە سېمونت بىلەن دامبا ياسىلىپ، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە ئاساس سېلىندى.

«كۇچا تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ 6 ـ قىسمىدىن ئېلىندى.

ئاپتور: كۇچا ناھىيە ئىشخىلا بازارلىق ھۆكۈمەتتە





# ئۇيغۇرلاردا داستىخان مەدەنىيىتى

مەنسۇرجان تۇرسۇن

مېھماندوستلۇق — خەلقىمىز ئارىسىدا قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، ئۆرپ - ئادەت خاراكتېرىنى ئالغان ئەڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىمىزدىن بىرى. ئۇيغۇرلار «مېھمانلىق ئۆي - بەرىكەتلىك ئۆي» دېگەن ئەقىدە بويىچە ھەرقانداق شارائىتتا ئۆيگە كەلگەن مېھمانلارنى خۇش پېئىللىق بىلەن تۆرگە تەكلىپ قىلىپ، ئىززەت - ئىھتىرام بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. بۇ ھەقتە 11 - ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك تىلشۇناس، يېتۈك ئىلىم ساھىبى مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىردە ۋە بۈيۈك مۇتەپەككۇر، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»داستانىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا تۆۋەندىكىدەك ھېكمەت جەۋھەرلىرىنى قالدۇرغان:

«ئۇما كەلسە قۇت كەلىر.»[1]
*(مېھمان كەلسە قۇت كېلۇر.)*

«كۆركلۈك تونۇڭ ئۆزۈڭگە،
تاتلىق ئاشىغ ئازىنقا.
تۈتفل قۇنۇت ئاغرلىغ،
يايسۇن چاۋلىڭ بودۇنغا.» [2]
*(كۆركەم تونۇڭنى ئۆزۈڭ كىي، تاتلىق ئاشلىرىڭنى مېھمانغا يېگۈز، مېھمانلارنى ئىززەتلە، شۆھرىتىڭ ئەلگە يېيىلسۇن.)*

4644. «قىچقىرماق بولۇرسەن ئەگەر كىشىنى،
قىچقىر، ياخشى قىلغىن كۈتۈش ئىشىنى
4645. سېلىپ كۆرپە، داستىخان، قاچا تازا قىل،
يېمەك - ئىچمەكىڭنى ئوبدان خىللىغىن.
4660. غىزادىن كېيىن تارت شىرنىلىك يېمىش،
قۇرۇق - ھۆل يېمىش قوي ۋە ئازراق سىمىش».[3]

ئۇيغۇر ئېتىكا تارىخىنىڭ 18 - ئەسىردىكى بۈيۈك نامايەندىسى، شائىر مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى 1726 - يىلى يازغان «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» ناملىق دىداكتىك ئەسىرىدىمۇ مېھمانلارنى ياخشى كۈتۈۋېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىپ مۇنداق پاساھەتلىك شېئىرىي مىسرالارنى تىزغان:

«ئەي ئوغۇل تەن جانغا مېھمانغا تەدۇر،
بولمىسا مېھمان، بۇل ئۆي ۋەيراندۇر.
بولسا ئۆيدە مېھمان مەمۇرلۇق بولۇر،
كەتسە ئۆيدە مېھمان زەنجۇرلۇق بولۇر.»[4]

يۇقىرىقى مىسرالاردا ئىپادىلەنگەن تۇرمۇش ھەقىقەتلىرىدىن خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن، ئەسىرلەردىن بۇيان ئەنئەنە ئۇدۇم سۈپىتىدە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بىر ئېسىل ئەنئەنىنى يەنى، مېھماننى كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان ئىللىق تەبەسسۇمى، مۇھەببەت يېغىپ تۇرىدىغان خۇشخۇي كەيپىياتى بىلەن ياخشى كۈتۈش، مېھماننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن داستىخان سېلىش، يېمەك - ئىچمەكلەرنى ياخشى تەييارلاش، مېھ-





ماندوستلۇقتا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىشتەك ئۆزگىچە خاس-
لىقتا ئىگە ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنىڭ ئومۇمىيلىقتا ئايلانغان-
لىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇ سەۋەبلىك مەن مەزكۇر ماقا-
لىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت شەجەرىسىدە ئىزچىل
داۋاملىشىپ كەلگەن ئۇزاق تارىخقا ۋە مول مەزمۇنغا ئە-
گە ئېسىل ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىمىزنىڭ بىرى بولغان
داستىخان مەدەنىيىتى يەنى خەلقىمىزنىڭ داستىخاننى ئۇ-
لۇغلاش ئەقىدىسى، داستىخان سورۇنىدىكى ئەدەب ـ قا-
ئىدىلەر، شۇنىڭدەك داستىخان مەدەنىيىتىنىڭ بۈگۈنكى
ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى قىممىتى ھەققىدىكى قاراشلىرىمنى
قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

## خەلقىمىزنىڭ داستىخاننى ئۇلۇغلاش ئەقىدىسى

داستىخان پارسچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇرلار بۇ سۆزنى
پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرگەن. ئۇيغۇر تى-
لىدا «رەختتىن تەييارلانغان، ئوتتۇرىغا يېيىلىپ ئۈستىگە
نازۇ نېمەتلەر تىزىلىدىغان ياكى غىزالانغاندا ئوتتۇرىغا
سېلىنىدىغان تۇرمۇش بۇيۇمى»[5] دېگەندەك مەنىلەرنى
بىلدۈرىدۇ.

خەلقىمىز ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەر-
يانىدا داستىخاننى مۇقەددەس نەرسە سۈپىتىدە ئۇلۇغلاپ
ۋە قەدىرلەپ، ئۇنىڭغا مەلۇم ئەقىدە ۋە ھۆرمەت بىلەن
مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن. شۇڭا ئادەتتە بىر ئائىلە كىشىلە-
رى كۈندىلىك ئۈچ ۋاخ غىزالىنىشتا بولسۇن ۋە ياكى
توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ مۇراسىملىرىدا بولسۇن
نان ياكى باشقا يېمەكلىكلەرنىڭ چېچىلىپ كېتىشىنىڭ ئال-
دىنى ئېلىش ئۈچۈن، يېمەكلىكلەرنى داستىخان ئۈستىگە
قويۇپ، داستىخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ غىزالىنىدۇ. يې-
مەك ـ ئىچمەكلەرنىڭ ئارتۇقچە ئىسراپ بولۇپ كەتمەس-
لىكى ئۈچۈن نان ياكى باشقا يېمەكلىكلەرنى داستىخانغا
داخىل بولغان مېھمانلارغا يېتەرلىك تەييارلاشلا كۇپايە.
ھەرگىزمۇ ئارتۇقچە ئىسراپ قىلمايدۇ. مەسىلەن، داستى-
خاندا ئۇشتۇلغان نان بولسا يەنە ئۇستىلەپ نان ئۇشتۇل-
مايدۇ. داستىخانغا قويۇلىدىغان نان تويلاردا جۈپتىن
6،4،2 دىن، نەزىر ـ چىراغلاردا تاقتىن 7،5،3 دىن قو-
يۇلىدۇ. ئەگەر تاماق ۋاقتىدا ئۆيگە بىرەر مېھمان كېلىپ
قالسا، مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشىدىن، تو-
نۇش ـ تونۇماسلىقىدىن قەتئىينەزەر «خۇش كېلىپ-
سىز...»دەپ ئالدىغا داستىخان سېلىنىپ، قولىغا سۇ بېرد-
لىپ، ئۆزلىرى بىلەن بىللە غىزالىنىشقا تەكلىپ قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ داستىخان مەدەنىيىتى ئۇزاق تارىخقا ۋە
مول مەزمۇنغا ئىگە مەدەنىيەت تەركىبلىرىنىڭ بىرى بو-
لۇش سۈپىتى بىلەن خەلقىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تا-
رىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەندۈرگەن
يېمەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرىدە شۇنىڭدەك كۈندىلىك يې-
مەك ـ ئىچمەك تۇرمۇش مۇھىتىدا ئىپادىلىنىشتىن باشقا
يەنە بىزنىڭ ماقال ـ تەمسىللىرىمىزدىمۇ ئىپادىلىنىپ،
ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى بىلەن ئامموۋىلىقىنى تولۇق ئەكس
ئەتتۈرۈپ كەلمەكتە. مەسىلەن، «مېھماننىڭ ئالدىغا ئاش
قوي، ئىككى قولىنى بوش قوي»، «ئۆينىڭ كۆركى ـ
داستىخان، داستىخاننىڭ كۆركى ـ نان.»، «كۆرپە سېلىش
ھۆرمەت، داستىخان سېلىش ھىممەت»، «ئايال كىشى
داستىخاندىن ئىززەت تاپىدۇ»، «كۆرپە سالسا تىز ئۇ-
يىلار، داستىخان سالسا يۈز ئۆيىلار»، «داستىخان مېھمان
بىلەن ئاۋات»، «بارماقنىڭ يولى ئۇلۇغ، داستىخاننىڭ
يۈزى ئۇلۇغ»، «داستىخان سال كۆرپە تالاش، ئەجىر قىل
پۇل تالاش»، «داستىخان ئۈستىدە دۈشمەنمۇ دوست
بولار»، «ساھىپخان سۆلكەتلىك بولسا، داستىخىنى بەرد-
كەتلىك بولۇر»... دېگەندەك ماقال ـ تەمسىللەر كەڭ
ئومۇملاشقان. بۇ ھال، خەلقىمىزنىڭ مېھماندارچىلىقتا نا-
ھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى؛ مېھماننىڭ ھۆرمىتى
ئۈچۈن ئالاھىدە داستىخان ھازىرلاپ، ئوچۇق چىراي
كۆتۈۋېلىشتەك تۇرمۇش مىزانلىرىنى بىر قەدەر يىغىنچاق
ھەم روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

خەلقىمىز ھەرقانداق جايدا داستىخان سالماي تاماق
يېيىشنى ئاش ـ ناننىڭ ئىززىتىنى قىلمىغانلىق، ئاش ـ
ناننى خارلىغانلىق دەپ قارايدۇ. شۇڭا ھەر كۈنلۈك ئۈچ
ۋاخ تاماقتىمۇ بىر داستىخان ئەتراپىغا جەم بولۇپ غىزال-
نىدۇ. داستىخان سالغاندا مەيلى ئادەم ئاز بولسۇن ياكى
ئادەم كۆپ بولسۇن ھامان داستىخاننى كەڭ ئېچىپ سال-
سا، بەرىكەتمۇ كۆپ بولىدۇ دەپ قارايدۇ. يەنە خەلق-
مىزدە داستىخاننى ئۆي تېمىغا پاراللېل ھالەتتە سېلىش
كېرەك، ناۋادا قىڭغىر سالسا شۇ ئۆيدە ئۇرۇش ـ جېدەل
تۈگىمەيدۇ دەپ قارايدۇ. ئەگەر بىرەر ئادەم ئۆزىنىڭ
گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولسا «ئالدىمدا داستىخان
تۇرۇپتۇ» دېگەن پەرھىزلىك سۆزنى قەسەم ئورنىدا ئىش-
لىتىدۇ.

ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تاماق ۋاقتىدا قىزلارنىڭ
داستىخاننىڭ بۇرجەك تەرىپىدە ئولتۇرۇپ غىزالىنىشتىن
ھەم داستىخاننىڭ قاتلانغان تەرىپىنى ئىشىك تەرەپكە قا-
رىتىپ سېلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا شۇنداق بولۇپ
قالسا «قىزنىڭ بەخت ـ تەلىيى كەلمەيدۇ»، «ئۆيگە كەل-

گەن ئۇغۇل تەرەپ ئەلچىسى يېنىپ كېتىدۇ»دەپ قاراي-
دۇ. ئۇلاردا يەنە توي قىلمىغان قىزلىرنى تېخىمۇ ئە-
تىۋارلاپ، داستىخاننىڭ يان تەرىپىدە ياكى تۆرىدە ئول-
تۇرغۇزىدۇ. ئادەتتە داستىخاننىڭ پاكىز ياكى پاكىز ئە-
مەسلىكى، ساھىبخاننىڭ مېھمانغا تۇتقان پوزىتسىيەسى،
مېھمان كۈتۈش ھەرىكەتلىرى، داستىخانغا تىزىلغان بې-
زەكلىرىگە قاراپمۇ بىر ئايالغا ياكى بىر ئائىلىگە باھا
بەرگىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئاياللار ئائىلىدە
ئاش - نان ۋە باشقا يېمەكلىكلەر قويۇلىدىغان داستىخا-
نىڭ پاكىز، چىرايلىق بولۇشىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن
قارايدۇ، شۇڭىمۇ داستىخان كۆپ ھاللاردا ئاق ياكى سۇ-
زۇك رەڭلىك رەختلەردىن قىلىنىدۇ. كىر، مەينەت داستە-
خاننى مېھماننىڭ ئالدىغا سېلىشنى مېھماننى كۆزگە ئىلمە-
غانلىق دەپ ھېسابلايدۇ.

خەلق ئارىسىدا «داستىخاننى ئېقىن سۇدا يۇيسا، بە-
رىكەت سۇ بىلەن ئېقىپ كېتىدۇ» دېگەن ئەقىدىلىك
قاراش بويىچە داستىخاننى ئېقىن سۇدا يۇيمايدۇ، بۇ سۆز
يەنە بىر جەھەتتىن خەلقىمىزدە ئېقىن سۇنى بۇلغاپ كىر
يۇيمايدىغان ياخشى ئادەتنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىسا كې-
رەك. تاماقتىن كېيىن چوڭلارنىڭ باشچىلىقىدا قول كۆتۈ-
رۈپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ، ساھىبخانغا ۋە ئۆز ئائىلە-
سىگە بەخت - سائادەت، تىنچ - ئامانلىق، ئاسايىشلىق،
ئامان - ئېسەنلىك تىلىشىدۇ. داستىخان يىغىلىشتىن بۇرۇن
دۇئا قىلماي ئالدىراپ تۇرۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەردە سىرتقا
چىقىش زۆرۈرىيىتى بولغاندا ياكى داستىخاننىڭ قارشى
تەرىپىگە ئۆتۈشكە توغرا كەلگەندە، مېھمانلارنىڭ ئارقە-
سىدىن ئۆتىدۇ. ھەرگىزمۇ مېھمانلارنىڭ ئالدىدىن رۇخ-
سەتسىز ئۆتمەيدۇ.

ئومۇمەن، يۇقىرىقى ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىمىزنىڭ
ھەممىسىگە داستىخاننى ئۇلۇغلاش ۋە مۇقەددەس بىلىش
ئەقىدىسى چوڭقۇر سىڭگەن بولۇپ، داستىخانغا بولغان بۇ
خىل ھۆرمەت، ئەقىدە - ئېتىقاد خەلقىمىزنىڭ قىممەت
قارىشى، ئۆرپ - ئادىتى، ئىجتىمائىي ئالاقە مۇناسىۋەت
ۋە تۇرلۇك ھەق - ناھەق مەسىلىلىرىدىمۇ ئىنتايىن گەۋ-
دىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

## داستىخان سورۇنىدىكى ئەدەب - قائىدىلەر

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئىش-
لەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا تەدرىجىي
شەكىللەندۇرگەن، مۇكەممەللەشتۇرگەن ئۆزگىچە تائام
مەدەنىيىتى، يېمەك - ئىچمەك تازىلىقىغا ئەھمىيەت بې-
رىش، مېھماننى قەدىرلەش ئېڭى، مەرد - سېخىيلىقى، قا-
ئىدە - يوسۇن مىزانلىرى، ئىززەت - ھۆرمەت چۈشەن-
چىلىرى داستىخان سورۇنىدىكى بىر يۈرۈش ئەدەپ -
قائىدىلەردە ئەڭ تىپىك، ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. مە-
سىلەن، بىزدىكى ئەنئەنىۋى مېھماندارچىلىق پائالىيىتىدە
يېشى چوڭ، ھۆرمەتكە سازاۋەر، مۆتىۋەر كىشىلىرىمىز
داستىخاننىڭ تۆرىگە تەكلىپ قىلىنىدۇ. قالغانلار ئۆزىنىڭ
ياش قۇرامى ۋە ئورنىغا قاراپ يۈكۈنۈپ ياكى بەدەشقان
قۇرۇپ ئولتۇرۇش ۋە ياكى جوزىدا ئەدەپ - قائىدە بى-
لەن ئولتۇرىدۇ. داستىخانغا كەلتۇرۇلگەن تاتلىق - تۇرۇم،
نازۇ نېمەتلەرگە كىچىكلەر چوڭلاردىن بۇرۇن، ساھىبخانا
مېھمانلاردىن بۇرۇن قول ئۇزاتمايدۇ. پىيالە ياكى تاۋاقتا
ئۇسۇلىدىغان سۇيۇق تاماقلار داستىخان تۆرىدىن باشلاپ
سۇنۇلىدۇ. داستىخان ئۈستىدە ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ
ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇشى، گەپ - سۆزگە ئالاھىدە دىق-
قەت قىلىشى، كۆپ گەپ قىلماسلىقى، تائاملارغا چوڭلار
ئېغىز تەگكۈزمىگۈچە كىچىكلەر ئالدىراپ ئېغىز تەگمەس-
لىك؛ داستىخان يىغىلىشتىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ كەت-
مەسلىك ئالاھىدە تەلەپ قىلىنىدۇ. ساھىبخانمۇ مېھمانلار-
نىڭ ھەممىسىگە تەڭ - باراۋەر قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ.
ھەممە ئادەمگە تاماق كەلتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، سا-
ھىبخان مېھمانلارنى ناھايىتى سىپايىلىق بىلەن: «داستە-
خىنىمىز غورىگىل بولۇپ قالدى، شۇنداق بولسىمۇ تار-
تىنماي ئېلىپ بەرسىلە...» دەپ تاماققا تەكلىپ قىلىدۇ.
ئەگەر مېھمانلار تەرىپىدىن بىرەر سەۋەنلىك ياكى كەم-
چىللىك يۈز بەرسە، ساھىبخان داستىخان ئۈستىدە تەنبىھ
ۋە تەنە سۆزلىرىنى ئىشلىتىشتىن قەتئىي ساقلىنىدۇ. مېھ-
مانلار مېڭىشقا تەرەددۇت قىلغاندا ساھىبخانغا «رەھ-
مەت»، «داستىخىنىڭىزغا بەرىكەت بەرسۇن» دەپ مىن-
نەتدارلىق بىلدۈرىدۇ. ساھىبخانمۇ مېھماننى ياخشى كۇ-
تەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپ مېھماننىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا تىرى-
شىدۇ.

داستىخان ئۈستىدە تۆر تالىشىش، رەتلىك ئولتۇر-
ماسلىق، تاماق تاللاش، يېقىمسىز ئاۋازلارنى چىقىرىپ تا-
ماق يېيىش، باشقىلارغا گەپ بەرمەي مەمەدانلىق قىلىش،
تېتىقسىز، سەت گەپلەرنى قىلىپ مېھمانلارنىڭ كەيپىنى
ئۇچۇرۇش، ئۆزىنى ماختاش، پو ئېتىش، چاقچاق قىلدىم
دەپ باشقىلارنىڭ زىتىغا تېگىش، بۇرنىنى تارتىش، كېكە-
رىش، گېلىنى قىرىپ يۆتىلىش، چۈشكۈرۈش، ئاغزىنى
يوغان ئېچىپ ئەسنەش، لوقمىنى چوڭ ئېلىش، بۇرۇن -
قۇلاقلىرىنى كوچىلاش، چىش كوچىلاش، تىرناق ئېلىش،
تاماكا چېكىش، ئىچىملىككە بېرىلىش، داستىخانغا دەس-

سەش ياكى ئاتلاپ ئۆتۈش، قوللىرىنى داستىخانغا سۈرتۈش، ئاش - چاينى داستىخانغا تۆكۈش، تاماقنى تولۇق تۈگەتمەي يېمەسلىك، تاماقنى «ئوخشىماپتۇ» دەپ قۇسۇر ئىزەش، قاچىنىڭ ئاستىغا تاماق يۇقۇندىلىرىنى ئاشۇرۇپ قويۇپ ئىسراپ قىلىش، داستىخان ئۈستىدە غەيۋەت - شىكايەت قىلىش، ساھىبخانىغا «ئۇنى ئەكەل، بۇنى ئەكەل..» دەپ ئورۇنسىز تەلەپ قويۇش، داستىخانغا قويۇلغان نازۇ نېمەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئۆي ئىگىسىنىڭ تەكلىپسىز زەللە قىلىپ ئېلىۋېلىش... قاتارلىق ناچار قىلىق، يامان ئادەتلەر ناھايىتى چوڭ ئەدەپسىزلىك ۋە تەربىيەسىزلىك دەپ قارىلىپ قاتتىق ئەيىبلىنىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردىن مەلۇمكى، ئاتا - بوۋىلىرىمىز زامان - زامانلاردىن مۇقەددەم ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز ھالدا ئىزچىل يوسۇندا ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان داستىخان ئۈستىدىكى بىر يۈرۈش ئەدەپ - قائىدىلەر بارلىق ئەزالار ئورتاق ئەمەل قىلىدىغان قائىدە تەرتىپ، رىئايە قىلىدىغان تۇرمۇش يوسۇنى بولۇپ، بۇخىل ئىلغار تەربىيەلەش ئۇسۇلى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ياش ئەۋلادلارغا قائىدە - يوسۇن، ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگىتىشتە ئىجابىي رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز دانا ئاتا - بوۋىلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ ئۆزگىچە، ئېسىل ئەنئەنىلەرنى يەنىمۇ سەرخىللاشتۇرۇپ ۋە داۋاملاشتۇرۇپ كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭدۇرۇشىمىز، مەڭگۈ يوقالمايدىغان روھىي ئېنېرگىيە سۈپىتىدە قەدىرلىشىمىز كېرەك.

## داستىخاننىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى قىممىتى

داستىخان — ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىدىغان ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ پۈتكۈل تۇرمۇشى ۋە ئىدىيەۋى ئېتىقادى داستىخان بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. خەلقىمىز داستىخاننى نوقۇل ھالدىكى كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلىتىپ قالماستىن، يەنە توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىدا، مېھماندارچىلىقتا، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئىجتىمائىي ئالاقىلەردىمۇ ئىجابىي پايدىلىنىدۇ. مەسىلەن، بىزدىكى داستىخان بىرلىك قىلىنغان «داستىخان ئاپارماق»، «داستىخان تەييارلىماق»، «داستىخان كۆرگەن»، «داستىخان سالماق»، «داستىخان ياپماق» دېگەندەك سۆز - ئىبارىلەردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۈندىلىك يېمەك - ئىچمەك، غىزالىنىش، مېھماندارچىلىق، كىشىلىك مۇناسىۋەت، بېرىش - كېلىش مۇناسىۋەتلىرىنى ھەرخىل مەدەنىيەت ئامىللىرىغا باغلاپ، داستىخان ۋە داستىخان سېلىشنىڭ نەقەدەر قىممەتلىكنى، ئۇنىڭ ئېسىل قائىدە - يوسۇن ۋە ئادەمىيلىك تەربىيەسى، ئاشلىقنى، يېمەك - ئىچمەكنى قەدىرلەش تەربىيەسى بېرىدىغان ئىلغارلىق بىلەن تويۇنغانلىقنى يېتەرلىك ئاساسلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە ناننى ئۇلۇغلاش چۈشەنچىسى بويىچە تويلىشىشتىن بۇرۇن قىز چوڭ قىلغان ئائىلىلەرگە نان ياكى باشقا تاتلىق يېمەكلىكلەرنى قەنت - گېزەك، پېچىنە - پىرەنىكلەرنى داستىخانغا يۆگەپ ئەلچىلىككە بارىدۇ. قىز تەرەپ ئەگەر بۇ تويغا قوشۇلسا «ھەرقايسىلىرىدىن قىزىمىزنى ئايىمايمىز»دەپ داستىخان سېلىپ كەلگەن ئەلچىلەرنى كۈتۈۋالىدۇ. ئەگەر مۇناسىپ كۆرمىسە «قىزىمىزنىڭ داستىخىنى بار ئىدى» دەپ ئۆزرە ئېيتىپ، ئەلچىلەرنى قايتۇرىدۇ. بۇ يەردىكى «داستىخىنى بار»دېگەن سۆز — لايىقى بار، باشقىلارنىڭ داستىخىنىنى قوبۇل قىلىپ قويغان ياكى بېشى باغلاغلىق دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇرلار مۇسىبەت بولغان ئائىلىلەرگە مەخسۇس داستىخان كىرگۈزۈپ تەسەللىي بېرىلىدۇ. باشقىلارنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بارغاندا سوۋغاتلىق ئۈچۈن داستىخان ئېلىپ بارىدۇ. يېڭى تۇغۇتلۇق ئايال بار ئۆيلەرگە داستىخان كىرگۈزۈپ قۇتلۇقلايدۇ. بىرەر ئۆيگە مېھمان كەلسە، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قولۇم - قوشنىلار مېھمانلارنى ئۆز ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، مول داستىخان تەييارلاپ، ئېسىل نازۇ نېمەتلەر بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. يېقىن قوشنىلار ياكى يېقىن كىشىلەر تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆز ئارا ئارازلىشىپ قالغاندا يەنە بىر قوشنا ياكى يېقىن دوست - بۇرادەرلەر ئۆز ئۆيىگە چاقىرىپ داستىخان سېلىپ،چاي قۇيۇپ ياراشتۇرۇپ قويىدۇ. ئەگەر بىرەر ئۆيگە يىراقتىن مېھمانلار كەلسە قوشنىلىرى مول داستىخان تەييارلاپ چاقىرىۋالىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەرنى، قولۇم - قوشنىلارنى ئۆزىتىش، كېسەل يوقلاش، ئۆزئارا ھال - ئەھۋال سوراشتا يەنە داستىخان كىرگۈزۈش ياكى داستىخان كۆتۈرۈپ بېرىپ، كۆڭلىنى ئىپادىلەيدۇ. خېلى قىيىن دەپ قارالغان مەسىلىلەرمۇ بىر داستىخاندا كېڭەش — مەسلىھەت بىلەن ھەل قىلىنىدۇ. ھېيت - ئايەم كۈنلىرى يىراق - يېقىندىكى ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، قوۋم - قېرىنداش، دوست - بۇرادەر، قولۇم - قوشنىلار بىر داستىخانغا جەم بولۇپ، تاماق يېگەچ، قانغۇچە ھال - مۇڭ بولۇشۇپ، بىر - بىرىنىڭ غەم - قايغۇسىغا ئورتاقلىشىدۇ، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ئورتاق كۈچ چىقىرىپ ياردەم بېرىش ھەققىدە

مەسلىھەتلىشىدۇ. داستىخان ئۈستىدە كۈلكە ـ چاقچاقـلار
ئەۋجىگە چىقىپ، قەلبلەر ئۈمىد بىلەن زىـننەتلـىنىدۇ. شـۇ
ئارقىلىق قېرىنداشلىق، تۇغقاندارچىلىق، قوشنىدارچىلىـق
ۋە دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ئائىلـ
لەردە سېلىنغان داستىخان ئاددىي رەخت بولماستىن، بـەل
كى ئائىلىنى ئىناق قىلىدىغان، ئۆزئارا ھېسسىيات ئالمـاش
تۇرىدىـغان خاسىيەتلىـك ئەڭگۈشـتەر بولۇپ، ئـۇ ئائىلـە
ئەزالىرىنىڭ قەلبىنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇپ، ئائىلە ئىللىق
لىقىنى كۈچەيتىسە، توي ـ تۆكۈن، نـەزىر ـ چىراغ، مـە
رىكە ـ مۇراسىم ئىشلىرىدا سېلىنغان داستىخان سانسىزلى
غان ناتونۇش كىشلەرنى بىر ـ بىرىگە ئـۇچراشتۇرىـدۇ،
تونۇشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئادەمگەرچىلىك،
ئىنسانىي مېھىر ـ مۇھەببەتنى، كىشىلىك قەدىر ـ قىممەت
نى چوڭقۇر تونۇتۇپ، ئۆزئارا مېھرىـبانلىـق، كۆيۈمچـان
لىق، كـەڭ قورساقلـىق، مەرد ـ سېخيلـىقتـەك گـۈزەل
خىسلەتلەرنى جارى قىلدۇرۇشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ. تۇر
مۇشىمىزدىكى تۈرلۈك دىل ئازازچىلىقـنى تۈگـىتىپ تـۇر
مۇشىمىزغا شاد ـ خۇراملىق، گۈزەللىك، ئىزگۈلۈك، ھـا
ياتى كۈچ بەخش ئېتىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقانـدا،
داستىخاننىڭ ئەڭ ئۇلۇغ خاسىيتى ــ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى
نازۇ نېـمەتلەردە بـولماسـتىن، بەلكـى ئۇنىڭ ئـەتراپىـغا
توپلاشقان كىشلەرنىڭ ئادەمىيلىكى، توغرا، دۇرۇس نـە
يەت ـ ئىقبالىدا. بىر ـ بىـرىگە قىـلىنغـان چوڭقۇر ھۆر
مەت، ئەقىدە ـ ئىشەنچ، دوستلۇق ۋە مېھىر ـ شەپقەتتىن
ئىبارەت گۈزەل خىسلەت مۇئامىلىسىدە ئۆز ئىپـادىسىنى
تاپىدۇ.

داستىخان ئۈستىدە يەنە پەرزەنت تەربىيەسى بېرى
لىدۇ. مەسىلەن، بـالىلار ئاتـا ـ ئانىلـىرى بىلـەن تاماققـا
ئولتۇرغاندا ئاتا ـ ئانىلار ئۇلارغا تاماق يېيىش قائىدە ـ
يوسۇنلىرىنى، يەنى تاماقنى قانداق يېيىش، مېھمانلار بـە
لەن تاماق يېگەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش، داستىخـان
ئۈستىدە مېھمانلار بىلەن قانداق پاراڭلىشىش قاتارلىقلار
نى ئۆگىتىشكە باشلايدۇ. شۇڭلاشقا، بىزنىڭ ئەجدادلىـرى
مىز ئەزەلدىن داستىخاننى ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشى
نى، ئىجتىمائىي ئالاقە، كىشىلىك مـۇناسىۋەت ئـەخلاقىنـى
مۇكەممەللەشتۈرۈش، تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، ئىنسانىي قـە
دىر ـ قىممەت ۋە ئادەمىيلىك خىسـلەتلىـرىنى نۇرلانـدۇ
رۇش، قىزغىن، قايناق، ئازادە تۇرمۇش مۇھىتى يارىتىش
تىكى رولىغا يۈكسەك نۇقتىدا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشقا ئا
دەتلەنگەن.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، داستىخان مەدەنىيىتى ــ
خەلقىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك قۇت ـ بەرىكەت سورۇنى، ئىت
تىپاقلىق ۋە ئىناقلىق روھىنىڭ بىرىنچى ئۇچىقى، مېھىر ـ
مۇھەببەتلىك قەلبلەرنىڭ راھەت ئارامگاھى. پەرزەنتلەرگە
مىللىي ئەنئەنە، ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئېستېتىك تەربىيە بې
رىـدىغان سەيـلىگاھ، ئـەنئەنـىۋى مىللـىي مەدەنىـيەتنىـڭ
يالدامىسى. شۇ سەۋەبتىن داستىخان مەدەنىيـىتى ئەجـداد
لىرىمىزنىڭ كۆپ ئەسىرلەردىن بۇيان ئىزچىل داۋاملىشىپ
كېلىۋاتقان مىللىي پىسخىك خاراكتېرى، ئەنئەنىۋى گۈزەل
ئەخلاقى، ئۇزاق تارىخى، ئۆزگىچە ئالاھىـدىلىككە ئىگـە
ئۆرپ ـ ئادەت خاسلىقى، پاكىزلىق قاراشلىرى ۋە كىشـ
لىك ئالاقە مۇناسىۋەتلىرى بىلەن بـىر گەۋدىلـىشىپ يۈك
سەك مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ ئـالتۇن سەمـە
رىسى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ سېھرىي قىممـىتىنى تـو
لۇق نامايان قىلىپ كەلمەكتە. شۇڭا بۇ تېما ئۈستىدە يـە
نىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىپ، ئەستايىدىل تەتقىقـات ئېلىـپ
بېرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

---

ئىزاھاتلار :

①② مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇلۇغـەتىت تۈرك» (ئۇيـ
غۇرچە) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ
نەشرى، 1 ـ توم، 124 ـ ۋە 64 ـ بەت.

③ يۈسۈپ خـاس ھاجىپ: «قـۇتادغۇبىـلىك»، مىـللەتلـەر
نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى، 4644 ـ ،4645 ـ ، 4660ـ
بېيتلار.

④ مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى: «مەسنەۋى خارابا
تى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى.

⑤ «ئۇيغـۇر تىلـىنىـڭ ئىـزاھلىق لـۇغىتى» (3 ـ تـوم)،
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى. 14 ـ بەت.


پايدىلانغان ماتېرىيالار :

1. شەرىپە ئابدۇغوپۇر: «ئۇيغۇرلارنىڭ داستىخان مەدەنى
يىتـى ۋە تەلىم ـ تـەربىيە»، «مـىراس» ژۇرنـىلـى، 2009 ـ
يىل 4 ـ سان.

2. ئەنۋەر سەمەد قورغان: «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»، شىنـ
جاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى.

3. ئەنۋەر تۇرسۇن: «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن ئۆرنەك
لەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى3 ـ
ئاي 1 ـ نەشرى.

4. ئەنۋەر ئابدۇرېھىم: «ئانا مەدەنىيەت ــ بىزنىـڭ يىلتىـ
زىمىز»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى
12 ـ ئاي نەشرى 71 ـ بەت.

3 قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى: «داستىخان ۋە داستىخـان
سېلىشتىكى يوسۇنلار»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»نىـڭ 2010 ـ
يىل 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى سانى.

6. بېلىقىز سادىق: «داستىخان ئەدەپ ئەخلاقى»، «شىنجاڭ
ئاياللىرى» ژۇرنىلى، 2005 ـ يىل 12 ـ سان.



ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنىـ
تىتۇتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2009 ـ يىللىـق 3 ـ
سىنىپ ئوقۇغۇچىسى



# پالتاخۇن ھەققىدە ھېكايە

ئابدۇرەئۇپ نىياز داموللام

بىر قىسىم دوست ـ يارەنلىرىم، مېنى كۇچادا ئۆتكەن ھەر ساھەدىكى مەشھۇر زاتلارنىڭ تېپىك ۋەكىللىرىنىڭ تەزكىرە تەرجىمىھاللىرىنى قەلەمگە ئېلىپ تونۇشتۇرۇشۇمنى ھەم بۇنىڭ كېيىنكىلەر ئۈچۈن يادنامە بولۇپ قېلىشىنى ئۆتۈندى. شۇنداقلا بۇ ئىشنى مېنىڭ روياپقا چىقىرىپ قىلالىشىمدىن ئۈمىد كۈتتى. دوستلارنىڭ سەممىي ئۈمىدىنى يەردە قويۇپ ئىرەن قىلماسلىق ياخشى پەزىلەت ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭدىن كۆرە بۇ قولنىڭ ئۈچىدا مۇنداقلا يېزىپ قويسا بولىدىغان ئۇنداق ئوڭاي ھەم ئاددىي ئىش ئەمەس، بەلكى تارىخىي شەخسلەرنىڭ ھاياتىدىكى پائالىيەتلىرىنى رېئاللىققا ئۇيغۇن ھالدا چىنلىق بىلەن بايان قىلىش مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك تولىمۇ زىل ـ ئىنچىكە ئىش ئىدى. شۇڭلاشقا مەن ئاما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىزدىنىپ دىيارىمىز كۇچادا 18 ـ ئەسىردىن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ياشاپ ئۆتكەن بىر قىسىم مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئېرىشتىم. قايتا ـ قايتا سېلىشتۇرۇپ پىششىقلاش ئارقىلىق 1987 ـ يىلى ئاتاقلىق ئىسلام دىنى ئۆلىماسى مۇسايىپ داموللا ھاجىمنىڭ تارىخىي تەرجىمىھالىنى يازغان ئىدىم. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ ئىككىنچى قەدەمدە پالتاخۇن باينىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىشنى نىشان قىلىپ، پالتاخۇن باينى ئەينى ۋاقىتتا كۆرگەن ۋە بىلىدىغان، تارىخ ۋە ئىلىم ـ مەرىپەتتىن خەۋەردار ئوقۇمۇشلۇق بىر قىسىم پېشقەدەملەرنى زىيارەت قىلىپ سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ھاسىل قىلغان چۈشەنچىلىرىمگە ئاساسەن پالتاخۇن باينى قەلەمگە ئالدىم.

پالتاخۇن باي 1894 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە ياشىغان بولۇپ، ئاتۇش سۇنتاغ يېزا باغلىق كەنتىدىن. پالتاخۇن ئاتىسىدىن كىچىك قالغان، ئۇ ئوغۇلنىڭ چوڭى بولغاچقا ئانىسىغا ياردەملىشىپ ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى زىممىسىگە ئالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا تېرىلغۇ يەر ئاز، سۇ كەمچىل بولغانلىقتىن ئازغىنە يەرگە تايىنىپ دېھقانچىلىق قىلىپ بىر ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش بەسى مۇشكۇل ئىش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پالتاخۇن ئانىسىنىڭ رىغبىتى ۋە ئۆزىنىڭ قىزىقىشى بىلەن مەھەللىدە بوياقچىلىق ھۈنىرىگە كىرىپ شاك، ماتا بوياشنى ئۆگەندى. بىراق پالتاخۇننىڭ يۇرتىدا بوياقچىلىقنىڭ بازىرى كاسات دېيىشكە بولمىسىمۇ ئانچە ئىتتىك ئەمەس ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ھەققەتەن بىر قىيىن مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. پالتاخۇن دېھقانچىلىقمۇ قىلدى. شاك، ماتا بوياپ بازاردا سودا ـ سېتىق قىلىپمۇ باقتى. ئەمما يەنىلا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا ئىمكانىيەت تاپالمىدى. قانداق قىلىپ ئىقتىسادىي تۇرمۇشنى ياخشىلاش ھەققىدە بىر مەھەل چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن پالتاخۇنمۇ ئاتۇشلۇقلارنىڭ بېكىنمىچىلىكتىن خالىي، سىرتقا دادىل يۈزلىنىپ، يول ئېچىپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، سودا ـ سېتىققا پىششىق، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىدايدىغان روھىنى ئۈلگە ئۆرنەك قىلىپ، شۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىش قارارىغا كەلدى. ئانىسىنىڭ رازىلىقى ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە يۇرتمۇ يۇرت ئاتلاپ كۇچاغا قەدەم قويدى. كۇچا پالتاخۇن ئۈچۈن ئىش ـ ئوقەت قىلىشقا ئەڭ مۇۋاپىق جاي

ئىدى. چۈنكى كوچادىن شالى ـ ماتا، قاق ـ ياڭاق، يۇڭ ـ تېرە، كۆرپە ـ ئەلتېرە، گىلەم، تاغار، خۇرجۇن، لۆڭگە قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلار كۆپ چىقىدىغان بولۇپ، بازار ئەھۋالىمۇ نىسبەتەن ياخشى ئىدى. مانا بۇ پايدىلىق ئامىللار پالتاخۇننىڭ كوچادا تىجارەت قىلىپ تۇرۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى. كوچاغا پالتاخۇندىن ئىلگىرى كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ سودا ـ سېتىق بىلەن تىجارەت قىلىپ بېيىغان ئاتۇشلۇقلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر ـ بىرىنى قوللايتتى. ئەمدىلا 20 ياشنىڭ قاردسىنى ئالغان پالتاخۇن كوچاغا كەلگەندىن كېيىن كونا شەھەر پاختا بازىرىدىكى مەتەك موللام دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىدە ئىككى يىلدەك بوياقچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ نىمكا (ياللانما ئىشچى) بولۇپ ئىشلىدى. ئاندىن بورا بازىرىدىكى پاختىچى ئابدۇللاخان ئۇستامغا نىمكا ئىشلەپ، سەگاز، چەكمەن بوياش بىلەن مەشغۇل بولدى. كېيىنرەك ئابدۇللاخان ئۇستامنىڭ بىر قېتىم نىكاھدىن ئاجراشقان قىزى ھەمراخاننى ئەمرىگە ئالدى. پالتاخۇن ئاق سېرىق، ئىلۋە، ئېگىز، كېلىشكەن، خۇشچاقچاق ئادەم بولۇپ، ئۇسسۇل ئويناشقا ئۇستا ئىدى. ئۇ، ئەنجۇمەنلەر، ئاممۋى سورۇنلاردا ئۇسسۇل ئويناپ كىشىلەرنى تاڭ قالدۇراتتى. ئۇ ئىشقا ماھىر، ھۈنەرگە پىششىق، تىرىشچان، قولى چاققان بولۇپ، بىر ئۆزى يالغۇز ئىككى ـ ئۈچ ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلاتتى. ئۇ قېيىنئاتىسى ئابدۇللاخان ئۇستامنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپلا قالماستىن، يەنە ھۈنەر ـ تىجارەتتە يول تېپىپ بېيىشقا يۈزلەندى.

پالتاخۇن ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تىجارەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ساۋاتسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلغاندا، مەمتىلى ئەپەندىدە ئوقۇپ تەربىيە كۆرگەن ئىنىسى قۇتلۇق ئاخۇن، ئاچىسىنىڭ ئوغلى سىدىق ئاخۇن، تەربىيە بالىسى مۇھەممەد قاتارلىقلارنى تىجارىتىگە ھەمكارلاشتۇرۇپ، ئۇلار بىلەن بىللە سىرتتىكى بازارلارنى ئايلىنىپ، تىجارەتنى جانلىق قانات يايدۇرۇپ، ئاز دەسمايە بىلەن كۆپ پايدىغا ئېرىشتى. پالتاخۇن ھاياتىدا بالا يۈزى كۆرمىگەن بولۇپ، بېقىۋالغان بالىسى مۇھەممەد جىمفۇر ئىدى. بىراق مۇھەممەدنىڭ ئايالى مەريەم ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدىن كېلىپ چىققان تەربىيە كۆرگەن زېرەك ئايال بولۇپ، قېيىنئاتىسى پالتاخۇننىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىپ ئەتىۋارلىنىشقا ئېرىشكەن ھەم پالتاخۇن مۇشۇ كېلىندىن بىر قانچە نەۋرە كۆرگەن ئىدى.

ھەر قايسى جايلارنى ئايلىنىپ، بازار ئەھۋالىنى ئىنچىكە كۆزەتكەن پالتاخۇن 1929 ـ يىلى يەنە ئازراق دەسمايە توپلاپ ماتا ئېلىپ ـ سېتىش بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ كوچادىن ماتا كۆپ چىقىدىغان بولسىمۇ، لېكىن سىدام ماتا بولغاچقا بازىرى تازا ئىتتىك بولماسلىقتەك ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ ماتالار ئۆزگىچە قىلىپ بويالسا، چوقۇم بازىرى چىقىدۇ، دەپ ئويلىدى ۋە بۇ ماتالارنى قارا، كۆك، قىزىل، يېشىل رەڭلەردە بوياپ بازارغا سالدى. دېگەندەك مۇنداق ماتالار ناھايىتى بەك بازار تاپتى. كېيىن ئۇ يەنە گۈل قېلىپى ئويدۇرۇپ ماتالارغا گۈل بېسىپ، شەھەر ـ يېزىلاردا سىناق تەرىقىسىدە سېتىپ كۆپ پايدا ئالدى.

1932 ـ يىلى «جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەقەسى» يۈز بەرگەندە كوچادىمۇ مالىمانچىلىق بولدى. پالتاخۇن بويالغان ماتالارنى ئون يەتتە ئېشەككە ئارتىپ لوپنۇرنىڭ تىكەنلىك دېگەن يېرىگە ئاپىرىپ، تۇرپان، قۇمۇلدىن كەلگەن سودىگەرلەر بىلەن سودىلاشتى. بۇ سەپەر ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئۇ، يەرلىك مەھسۇلات سودىسىنىڭ پايدىسىنىڭ كۆپلۈكىنى بىلىپ، بوياقچىلىق كەسپىنى تاشلاپ، نەچچە يىل توپلىغان مەبلىغىنى سەرپ قىلىپ، كوچانىڭ رەستە بازىرىدىكى خۇيزۇ باي شەنبە ھاجىمنىڭ ئىككى قەۋەت سودا سارىيى (ئەسلىدىكى گۈڭسىخەينىڭ ئورنى) نىڭ ئىككىنچى قەۋىتىنى تىجارەت قىلىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىپ، تىجارەتنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە جانلاندۇردى. چىنۋاغلىق ئابدۇرېھىم دېگەن كىشى ھەقلىق ھالدا پالتاخۇننىڭ تىجارەتتىكى كىرىم ـ چىقىم مالىيە ھېساباتىنى ئىدىتلىق قىلىپ بېرىشكە مەسئۇل ئىدى.

1933 ـ يىلى پالتاخۇن تۆت ئات تارتىدىغان، 1000 كىلوگىرام يۈك باسقىلى بولىدىغان تۆمۈر چاقلىق ھارۋىدىن ئوننى ياسىتىپ، كوچانىڭ ۋە قوشنا ناھىيەلەرنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدىكى بازارلاردىن ئۆرۈك قېقى، ياڭاق، قارائۆرۈك، ماتا، خۇرجۇن، گىلەم قاتارلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىپ، بۇ ماللارنى ھارۋىغا بېسىپ ئوغلىنىڭ باشچىلىقىدا ئۈرۈمچىگە ماڭدۇردى. ئاندىن ئۆلكە مەركىزىدىن ماشىنىدا توقۇلغان رەخت، بوياق قاتارلىق تۈرلۈك ماللارنى كوچاغا ئەكىلىپ ساتتى. پالتاخۇن ئەنە شۇنداق تىرىشىپ بىر نەچچە يىل تىجارەت قىلىش ئارقىلىق كاتتا باي سودىگەرگە ئايلاندى. ئايرىم كىشىلەرنىڭ ئاغزاكى پاراڭلىرىدا: «پالتاخۇن دەسلەپتە كوچاغا ئۆشنىسگە (مۇرىسىگە) بىر خۇرجۇننى ئارتىپلا غېرىپ يېتىمچى بولۇپ كەلگەن، لېكىن كېيىن ئۇ-

نىڭ مال ـ دۇنياسى ھېسابسىز ئېشىپ، ئۇنىڭ ئالتۇن، يامبۇ، ياچەنلىرى يولغا تىزسا كۇچادىن ئۇرۇمچىگە يەتكۇدەك بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ قەدەر باي بولۇپ كېتىشدە، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئولجا ئالغان نۇرغۇن شاڭلارنى پالتاخۇنغا بوياپ بېرىشكە بەرگەندە، بۇ شاڭلارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويۇلغان زور مىقداردىكى ئالتۇن يامبۇلار پالتاخۇنغا ئۇچراپ قالغان» دېگەندەك ئۆسەك گەپلەرمۇ بولۇنغان. ئەمما بۇ گەپلەرنىڭ ھېچقانداق دەلىل ئاساسى يوق بولۇپ، ئۇنچىۋالا كۆپ بايلىقنى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ بىلمەي شاڭ بىلەن پالتاخۇنغا تاشلاپ بېرىشى مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئەمەس. گەرچە پالتاخۇن دەسلەپتە قۇرۇق قول بىلەن ئىگىلىك تىكلەشكە يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، بازار ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە، پۇرسەتنى تۇتۇشقا، سىرتقا يۈزلىنىشكە ماھىر بولۇشتەك ئاجايىپ تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ ئاشۇنداق باي بولغانلىقى شەكسىزدۇر.

1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كۇچادا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قىسىملىرىدىكى ئەكسىيەتچىلەر تىنىچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن ھەربىي ئۆزگىرىش قىلىپ، تەرەپ ـ تەرەپتە ئوت قويۇپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ بۇلاڭچىلىق قىلدى. پالتاخۇن بايىنىڭ دۇكىنىمۇ بۇلاندى. زىيان ناھايىتى ئېغىر بولدى.

خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى سودىگەرلەر تېزدىن تىجارەت باشلاپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلىندى. پالتاخۇن باي چاقىرىققا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ شىيەنچېڭ (ھازىرقى خەلق تىلى بويىچە سۇيەنجىڭ) كوچىسى بىلەن بورا بازىرىدا بىردىن دۇكان ئاچتى. ئۇنىڭ ئوغلى كۇچا بىلەن شاڭخەي ئوتتۇرىسىدا قاتناپ، كۇچانىڭ گىلەم، يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى سىرتقا توشۇپ، شاڭخەينىڭ ئىلمە توقۇلمىلىرى ۋە كۈندىلىك لازىمەتلىك ماللىرىنى كىرگۈزۈپ تۇردى. بۇ ۋاقىتتا دولەت ئىگىلىكىدىكى تاشقى سودا تارماقلىرى كۇچادا كەسپىي ئىشلىرىدىنى تېخى قانات يايدۇرمىغاچقا، بەزى قول بىلەن توقۇلغان گىلەملەرنى پالتاخۇن باي سېتىۋالدى. ئوغلى ئۇنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ ساتتى. پالتاخۇننىڭ تيەنجىن شەھىرىدىمۇ تىجارەت قىلىدىغان دۇكىنى بار بولۇپ، 1935 ـ يىلى تيەنجىنگە بىر قېتىمدىلا 1000 پارچە گىلەم ئاپىرىپ، تاشقى سودا تارماقلىرىنىڭ ئېكسپورت قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. كۇچا ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەسلەپكى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىش، كېسەك، ياغاچ ـ تاش قاتارلىق نۇرغۇن قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ئۆزى خىراجەت چىقىرىپ تەييارلاپ بەردى.

1954 ـ يىلى پالتاخۇن باي ئۇرۇمچىدە «ئاممۇي مېھمان ساراي» سالدۇردى. ئۆزبېكىستان ئۇسلۇبىدا توت قەۋەتلىك قىلىپ سېلىنغان «پالتاخۇن باينىڭ سارىيى» ئۇرۇمچى شەھىرىدىكى ئەڭ كۆركەم، ئېسىل قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى ئىدى. 1956 ـ يىلى پالتاخۇن باي باشلامچىلىق بىلەن سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىپ، بارلىق سودىسىنى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىگە ئۆتكۈزدى. «مېھمانساراي»نىمۇ ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى بۇ مېھمانسارايىنىڭ بىر خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلىدى. 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا «چوڭ بۇرژۇئازىيە، يومبىشچىك ئۇنسۇر» دەپ تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىندى. ئۇنىڭ بارلىق ئىقتىسادىي تەئەللۇقاتى قايتا ـ قايتا ئاختۇرۇلۇپ پۈتۈنلەي مۇسادىرە قىلىنغانلىقتىن قولىدا ھېچ نەرسە قالمىغاچقا كېيىنكى ئۆمرى ئىنتايىن غۇربەتچىلىك، قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ قايغۇ ـ ھەسرەت ۋە ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ئىچىدە كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى. كۆرگەنلەرنىڭ دېيىشىچە: «پالتاخۇن باي ۋاپات بولغاندا ئائىلىسىدىن ھەتتا جەسىتىنى يۆگەپ، ئېڭىكىنى تاڭغۇدەكمۇ ماتا چىقمىغاچقا، ئۇرۇمچىدىكى كۇچالىقلار پۇل يىغىش قىلىپ، ماتا سېتىۋېلىپ كېپەنلەپ يەرلىككە قويغان». مەملىكەت ئىچىدە تونۇلغان شۇ قەدەر كاتتا باينىڭ پەلەكنىڭ تەتۈر قىسمىتىدە «غېرىب كېپەن» بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى كىشىلەرنى تولىمۇ تەئەججۈپكە سالغان.

مەن پالتاخۇن باينىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ باللىرى ۋە نەۋرىلىرىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى بىلدىم ۋە چەۋرىلىرىنىڭ دېرىكىنى ئېلىشقا مۇمكىن بولمىدى. بەلكىم مېنىڭ پالتاخۇن باي ھەققىدىكى بۇ ئىزدىنىشىم دەسلەپكى يىپ ئۇچى بولۇپ، پالتاخۇن باي ھەققىدە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن نىشان كۆرسىتىپ بېرەلىسە مەن بۇ ئەجرىمدىن خۇرسەن بولىمەن.

مەن يەنە مېنى پالتاخۇن باي ھەققىدىكى يىپ ئۇچى ۋە تارىخىي پاكىتلار بىلەن تەمىنلەپ بەرگەن پالتاخۇن باينىڭ يۇرتدىشى ـــ ھوشۇر ئەيساغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ئاپتور: كۇچا ناھىيە كوناشەھەر كۇچېبىرىق ئاھالە 8 ـ گورۇپپىدىن





# كوچىدىكى ئۈمىد

(نەسىرلەر)

ئابدۇغېنى سەيدىن

## كوچىدىكى ئۈمىد

بىر سەيياھ «ئوردا ئالدى يولى» دېگەن ۋىۋىسكا ئالدىدا ئۇزاق تۇرۇپ قالدى.

«ئوردا ئالدى يولى»دىن كىرىپ ـ چىقىۋاتقان نۇرغۇن ئادەملەر بۇ مەنزىرىگە ئانچە ئېرەنسىپ كەتمەدى. يول ئېغىزىدىكى چەرچىنچىلەر، باققاللار ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل ئىدى. شۇلار قاتارى ئىش كۈتۈپ ئولتۇرغان بىر ئىشلەمچى بۇ مەنزىرىگە سەل ـ پەل دىققەت قىلغاندەك قىلدىيۇ، لېكىن يەنىلا موخوركىسىنى يۆگىگەچ ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىك غەملىرىگە چۆكۈپ كەتتى.

ياشاش ئۈچۈن تىرىكچىلىك يولىدىن ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ. تىرىكچىلىك يولىنى تاپالمىغانلار موھتاجلىق كوچىسىدا ئازابنىڭ تەمىنى تېتىغۇچى سەپىرالاردىن بولۇپ قالىدۇ. «بۇ يولدا سەپىرالاردىن قانچىلىكى بار؟ داستىخان كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان چۈمبەللىك خېنىملارنىڭ داستىخىنىدا نېمە بار؟...» دېگەندەك سوئاللار بۇ يەردە سامانىدا سەككىز ...

سەيياھ بۇلارغا قىزىقمىسا كېرەك. ئۇ پەقەت كۆز ئالدىدىكى «ئوردا ئالدى يولى» دېگەن ۋىۋىسكىغا مەشغۇل بولۇشنى ئۆزىنىڭ تاللىشى، ئۆزىنىڭ خىيالىي دۇنياسىدىكى ئۆزگىچە ئەمەل دەپ قارىسا كېرەك.

ئۆتكەن تارىخنىڭ ئاخىرقى شاھىدى بولمىش «ئوردا ئالدى يولى» دېگەن بۇ ئۆزگىچە ئىسىم ھەققەتەنمۇ بۇ شەھەرنىڭ سېھىرلىكلىكىدىن ۋە جەلپ قىلارلىقلىقىدىن دالالەت بېرىپ تۇراتتى. ئەپسۇس، بۇنى بۇ كوچا ئېغىزىدىن ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەر ئېقىمىدىكىلەردىن قانچىلىكى خىيالىغا كەلتۈرەر؟ بۇمۇ «ئوردا ئالدى يولى» ناملىق ئىسىمدەك سىرلىق دېيىش رېئاللىقتىن قېچىش بولماس...



رېئاللىقتىن قاچقۇچىلار ئۆزىدىن باشقا ھەممىنى ئىنكار قىلغۇچىلار. كەلگۈسىگە ئۈمىد باغلاپ، ئۆتمۈشنى ئىنكار قىلىشتىن ئارتۇق ئېغىر جىنايەت، شەرمەندىچىلىك بولمىسا كېرەك. ئۆتمۈش دېگەن مەۋجۇت رېئاللىق، كەلگۈسى دېگەن رېئاللىقنى ئىزدەۋاتقان ئۈمىد. ئۈمىد سەيياھنىڭ قەلبىدىكىدەك سىرلىق، جەلپكار بولسىمۇ، موھتاجلىق كوچىسىدا بىر نان چاغلىق نەرسە ساتالمىغان تىجارەتچى ئۈچۈن بار بىلەن يوقنىڭ ئورنىدىكى ئالدامچى...

سەرسانلىق كوچىسىدا قالغان ئۈمىد مۇشۇنداق بولسا كېرەك؟!

## تەلەيلىك سەيياھ

بوسۇغا مۇقەددەس، بوسۇغا — ۋەتەننىڭ پاسلى، ۋەتەننىڭ قورغىنى، پاكلىق، ئېتىقادنىڭ چېگراسى...

كىم دەيدۇ، ئوردا ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسى يوق دەپ؟

كىم دەيدۇ، ئوردا ئىشىك كوچىسى بىر ئىسىملا، خالاس... دەپ.

ئىسىم مەنىلەر كانى. ئىسىمغا يوشۇرۇنغان ھېكمەت تارىخنىڭ سىرلىق جۇلاسى. ئىسىمغا مۇجەسسەملەنگەن كۈي تۈگىمەيدىغان كۈي.

ئەي، «ئوردا ئالدى يولى» دېگەن يول تاختىسى ئالدىدا تۇرغان سەيياھ، سەن ئۆز خىياللىرىڭنى رېئاللىققا ئايلاندۇرماقچى بولساڭ تولىمۇ گۆدەكلىك قىلغان بولىسەن. سېنىڭ بۇ خىيالىڭغا ئوردا ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىز دەرۋازىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئوسما سېتىۋاتقان قىز ـ چاقلا چىن پۈتمەي قالماستىن، ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن ئېشەك ھارۋىسىغا ئۇۋال قىلىپ لىق يۈك قاچىلاپ سۆرەپ كېتىۋاتقان ئادەممۇ چىن پۈتمەيدۇ. خىيالغا نان كەلمەيدۇ. خىيالغا پۇل كەلمەيدۇ. خىيالغا ئىمان كەلمەيدۇ. خىيالغا ھېچنېمە كەلمەيدۇ.

سېۋىتىدىكى گۈلدەك قورۇلۇپ، گۈلدەك پارقىراپ

تۇرغان مويسىپىت ساڭا ئەنە شۇنداق ھېكمەتلەرنى ھەدىيە قىلىدۇ.

سەن بۇ يەردە ئۇوردا ئىشكىنىڭ ئىزناسىنى سۇرەتكە تارتىشقا مۇيەسسەر بولالمىساڭمۇ، بىراق نۇرغۇن ھېكمەتلەرگە مۇيەسسەر بولالايسەن. بۇ بەلكىم، ئۇوردا ئىشكىدىكى سودىگەرلەر مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدىغان بايلىق بولسا كېرەك. لېكىن خىيالىڭدىن چىقىشنى ئۇيلاشتىڭمۇ ئەي تەلەيلىك سەييار؟!

## سۈكۈتتىكى شەيتان

ئۈمىدنىڭ يەنە بىر مەنىسى ئالدىنىش، ئالداش بولغىنىدەك ئۈمىدسىزلىكنىڭ يەنە بىر مەنىسى ئالدانماسلىق، ئالدىنىشنى رەت قىلىش دېيىشنىڭ ئۆزىنى سىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە مۇئەييەنلەشتۈرىدىغانلىقىڭنى بىلمەيمەن.

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ۋاقىتنىڭ سەگۈنچىكىدە ئۇخلاۋاتقان دانىشمەن ئۆز شاگىرتىغا تۇمۇردىن كەش كىيىپ، تاپىنى ئۇپراپ تېشىلگۈچە يول يۇرگەندە ئۆز بەختىگە ئېرىشىدىغانلىقنى ئېيتقانىكەن. شاگىرت دانىشمەننىڭ سۆزى بويىچە ئىش قىلىپتۇ، ئۇ بۇ جەرياندا نۇرغۇن كۈنلەرنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، ئازاب ۋە خۇشاللىقلارغا ئېرىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ «بۇ دۇنيا ئازاب باغچىسى، ئۇنىڭ ھەر بىر تال گۈلى ئادەمنى ئازابلاش ئۈچۈن ئېچىلىدۇ. ھەر بىر تال مېۋىسى ئازابنىڭ تەمىنى تېتىتقۇچى غورا. شۇڭا ياشاش بىلەن ئۆلۈشنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق...» دەپ ۋەزخانلىق قىلغانلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپتۇ.

بۇ چاغدا شەيتان ئۆز ھېكمىتىنىڭ كونىرىغىنىدىن ئۇھسىنىپتۇ.

«ئالداش بىلەن ئالدىنىش ھاياتنىڭ بەخت گۈلى دەپ قارىغۇچىلارنىڭ ھېكمىتى شەيتاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۆلكىسىگە خاتىمە بېرىپتۇ...» دەپ رىۋايەت قىلغۇچىلارنى «ھېكمەتكار» دەپ قارىساق ئۇلارنى قايسى دەرىجىدىكى دانىشمەن دەپ ئاتاشقا بولىدۇ؟

تەھقىقكى، بۇ دەقىقىدە شەيتان مەڭگۈلۈك سۈكۈتكە چۆمىدۇ. بەش كوچا ئېغىزىدا قايسى كوچىغا كىرىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالغاندىن كۆرە سۈكۈت باياۋىنىدا ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ئەڭ ئاقىلانىلىك بولسا كېرەك.

## يول ۋە خىيال

بۇ يولنىڭ قەيەردىن باشلىنىپ، قەيەردە ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. مېنىڭ بۇ يولدا قاچاندىن بېرى يولۇچى بولۇپ قالغانلىقىمنىمۇ ئەسلىيەلمەيمەن. سىنىڭ بۇ يولنىڭ قارشى تەرىپىنىڭ قايسى بۆلىكىدىن مەن تەرەپكە قاراپ يولغا چىققانلىقىڭنى تېخىمۇ بىلمەيمەن. بىز ئۇچراشقىلى ئۇزۇن زامان بولغان بولسىمۇ سەن بۇ ھەقتە ھېچنېمە دەپ باقمىدىڭ. بۇ ماڭا سىر بىلىنگەن بىلەن ساڭا سىر بىلىنمىسە كېرەك. بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى تاتلىق پىچىرلاشلار مانا مۇشۇنداق سىرلار ئۈستىگە قۇرۇلغان دېسەم، «سۆيگۈ قەسرى سىرلار ئۈستىگە قۇرۇلغان تىلسىماتلىق قەسىر»... دەپ چۈشەندۈرگۈچىلەردىن قاندىلىكى چىقار؟

سوئاللارغا تولغان يولدا شۇنداق تۇيۇقسىز، شۇنداق تەبىئىي ئۇچرىشىپ قالغىنىمىز چۈشتەك ئۇنتۇلماس نەقىش بولۇپ قەلبىمىزنىڭ قىيا تاشلىقلىرىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىقىمىز يەنىلا رېئاللىققا يۈزلىنەلمىگەنلىكىمىزنى ئىسپاتلاپ قويىدۇ...

ئازاب ئىسپاتسىز تەگلىمە. بۇنى يېشىشنىڭ ئۇسۇلىنى بىلىش بىزنىڭ يولىمىزنى بەخت گۈلى بىلەن پۈركەيدۇ. مەن بۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىمەن.

مەن بۇ چەكسىز يولنىڭ بىز ئۇچراشقان بۆلىكىدە مۇساپە بەلگىسىدەك كۆكلەپ چىققان يۇلغۇنغا قاراپ بۇ ئىشەنچىمنى پۇختىلايمەن. قىسمەت گۈلى دېگەن ئاشۇنداق دالىدا قىزارغان يۇلغۇن چېچىكى بولسا كېرەك.

بىزنىڭ كېيىنكى قىسمەتلىك مۇساپىمىز دەل شۇ نۇقتىدىن باشلانغانلىقىنى مەن تولىمۇ كېچىكىپ ھېس قىلدىم. ئۇچرىشىش شۇنچە تەبىئىي، شۇنچە تۇيۇقسىز، شۇنچە سىرلىق، شۇنچە شېرىن بولسا كېرەك. بۇنى بىز ھازىرقى مۇساپىمىزدە ھېس قىلىشقا باشلىدۇق دېسەم سېنىڭمۇ چىن پۈتۈشۈڭ شەكسىز. ئەسلىمىلەرلا بىزنىڭ بۇ يولدا ئۇزۇن مۇساپىلەرنى باسقانلىقىمىزنى ئەسلىتىپ تۇرىدىكەن. بىز يولنىڭ ئاخىرقى چېكىگە يېقىنلاشتۇقمۇ ـ يوق بىلمەيمەن. خۇددى سېنىڭ بۇ يولدا مەن بىلەن بىللە يۈرۈشۈڭنىڭ سەۋەبىنى چىن مەنىسىدىن بىلمىگىنىمدەك.

بەلكىم، سەنمۇ شۇنداق ئويلايدىغانسەن. ھايات دېگەن زور ئالدامچىلىق گۈلى. ئالداش، ئالدىنىش بىلەن بىز ئۆزىمىزنى بەزلەش ئارقىلىق يول ئازابى، گۆر ئازابى دېگەن ۋەھىمىدىن خالاس بولۇپ شادلىق گۈلستانى سايان يۈرۈيمىز. بىز قاچان ئۆز قەلبىمىزدىكى شادلىق گۈلىستانىغا يېتىپ بارالايمىز. ئالدىنىش ئازابى بىلەن ئالداش مەستخۇشلۇقىنىڭ قايسىسىنىڭ سالمىقىنىڭ ئېغىرلىقى ھەققىدە ھېچقانداق ۋەھىي ئاڭلاپ باقمىدىم. يوللارنىڭ پايانىنى ئالداش، ئالدىنىشلارنىڭ دەۋرىيلىك تۈپلىمى دەپ، ئۆزىنى پەيلاسوپسىمان كۆرسىتىدىغانلارنى ئارمىزدا يوق دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ؟ بىز يەنىلا يولىمىز ھەققىدە ئويلانغىنىمىز تۈزۈك. بۇ يولنىڭ ئاخىرى قەيەرگە تۇتىشىدۇ؟ مەن سەندىن ئايرىلىپ قالماسلىقىم ئۈچۈن بۇ ئالىجۇقا خىيالىمنى ساڭا دېيىشتىن يالتايدىم. يول دېگەن خىيال ئىستىقباللىرى بىلەن ئاۋۇسا كېرەك. شۇ دەم ئازابقا ھامى ئۈمىد سۆزلىمەك بولىدۇ. بەختنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېكىتى ھەققىدە ئازابقا چىلاشقان كەچمىش-



لەر تىزگىنسىز خىيال ئىلكىدە ۋىسالدىن بەخت قەسرى پۈتمەكچى بولىدۇ. بۇ ئازغۇن ھېسسىيات كوچىسىدىكى گۈزەل رومانتىكا دەيمەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە رېئاللىقمنى ئالدىماق بولۇپ. ئالداش ـ ئالدىنىش ھاياتنىڭ جىلۋىدار مەنىسى بولسا كېرەك. شەيتان پەيلاسوپ دەپ ئاتالمىسىلا.

ئاپتور: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە

# دۇملەنگەن ھېسلار

ئابدۇلئەھەت داۋۇت تۇركزات

(1)

دېڭىز سۈيى ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك دولقۇنى ئارقىلىق بېلىجاننى قىرغاققا سۈرگۈن قىلدى. بېلىجان بۇنى دەسلەپتە چاقچاق دەپ ھېس قىلدى. كېيىن بۇنىڭ چاقچاق ئەمەسلىكىنى بىلگەندە بولسا، دېڭىز سۈيىگە قاتتىق ئۆچمۈكى كېلىپ ئۇنسىز شىكايەت قىلدى. ھەتتا پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ئىسيانكارلىق ھالىتىگە ئۆتتى ۋە نامايىش ئېلىپ باردى...

ئەپسۇس، ئۇ ھالىدىن كېتىپ يىقىلغىنىدا بولسا، ئۆزى ئەڭ يىرگەنگەن بىر ئىسىمنى تەكرارلاپ جان ئۈزدى:

— سۇ! سۇ...!

(2)

ئەي ئازغۇن پەرىشتە، قەلب بوسۇغامدىن قايتىپ كەت. سەن مەڭگۈ ساقلىساڭمۇ پەقەت مېنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىم ۋە خەيرىخاھلىقىمغىلا ئېرىشەلەيسەن خالاس. چۈنكى مېنىڭ قەلب تەختىراۋانىمدىن ئاللىبۇرۇن بىرسى ئورۇن ئېلىپ بولغان. ئەگەر سەن زورلۇق بىلەن ئىگىلىمەكچى بولۇپ، تۈمەن ـ تۈمەنلەپ قوشۇن تارتىپ كەلسەڭمۇ پەقەت مېنىڭ جىسمىمنىلا ئىگىلىيەلەيسەن، خالاس...

(3)

ئالتۇن! سەن ئۆز جىسمىڭدىن ئۇنچە پەخىرلىنىپ كەتمە. سەن مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇنچە قىممەتلىك نەرسە ئەمەس. چۈنكى سېنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولىدۇ. تاۋارغا ئايلىنىپ قالغان نەرسىنىڭ قانچىلىك قىممىتى بولسۇن!؟

(4)

سېنىڭ ھەرقانداق يازماڭ سەن ئۇنى قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈشتىن ئىلگىرىكىدەك گۈزەل، پاساھەتلىك بولمايدۇ. ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە تەسىر يەتكۈزگىنى بەلكىم قەلىمىڭنىڭ سىياھى ئەمەستۇ...

(5)

ئاق قۇشقاچ ئاجايىپ نەرسە، ئۇچۇرما بولۇپ ئۇۋىسىدىن چىققان قۇشقاچ باللىرى بىر يازنى ئۆتكۈزۈپ ئېغىزىنىڭ چۆرىسىدىكى سېرىقى يېتىسىلا ئۇنى نەچچە يىل بۇرۇن ئۇۋا سالغىلى كەلگەن قۇشقاچمۇ ياكى بۇ يىل كەلگەن قۇشقاچمۇ بىلگىلى بولمايدۇ. بۇ بەلكىم ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى ھەم ياشاش ئۇسۇلىنىڭ باشقا قۇشقاچلار بىلەن تامامەن ئوخشاشلىقىدا بولسا كېرەك...

(6)

قولۇمدىكى توپنى يەرگە قانچە قاتتىق ئۇرسام شۇنچە ئۆرلىدى. يەڭگىل ئۇرۇۋىدىم بوشراق ئۆرلىدى. باغرى يۇمشاقلىق قىلىپ ئۇرۇشتىن قول تارتىۋىدىم، يېتىۋېلىپ كۆكلىمەي قويدى، مەن توپنى ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

(7)

سۈيى قۇرتلاپ كەتكەن تىنجىق كۆلدە ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىجاننى كۆرۈپ: «بۇ بېلىجان پاك ـ پاكىز دېڭىز سۈيىدە ئەمەس، بۇ سېسىق كۆلدە نېمە قىلىپ يۈرىدىغاندۇ؟!» دەپ ھەيران بولما. ئۇ كۆلدىكى زىيانلىق قۇرتلارنى تۈگىتىپ، كۆل سۈيىنى پاكلاش ئۈچۈن سۈيى پاكىز دېڭىزدا ئەمەس، بەلكى مۇشۇ سۈيى سېسىق كۆلدە ياشىشى كېرەك.

(8)

سەن مېنى «تۈگۈلگان كۈنىمىزنى خاتىرىلەيلى» دەپ قىستىما. راست گەپنى قىلسام مەن سەن بىلەن بىر كۈندە تۇغۇلغان ئەمەس. ئەسلىدە سېنىڭ ساختا نازلىرىڭغا ئالدىنىپ تۇغۇلغان كۈنۈمنى قەستەن سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭگە ئۇدۇللاپ سەن بىلەن بىر كۈندە تۇغۇلغان كۈنۈمنى ئۆتكۈزدۈم. ئاستا ـ ئاستا سېنىڭ شۇم نىيىتىڭ ئاشكارىلانغاندىن كېيىن ھەر قېتىم تۇغۇلغان كۈنۈمنى ئۆتكۈزگەندە خۇددى ئىچىدە ھازا ئېچىپ، تېشىدا توي ئوينىغان

كىشىدەك بىرخىل قىسمەتكە مۇپتىلا بولۇپ كەلگەن ئىدىم. ئەمدى ساختا تۇغۇلغان كۈنۈمنى ئۆتكۈزۈۋېرىشكە تاقىتىم قالمىدى. ھازىردىن باشلاپ سەنمۇ تۇغۇلغان كۈنۈڭنى ئۆزۈڭ خاتىرىلىۋال. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي تۇغۇلغان كۈنۈمنى ئۆزۈم خاتىرىلەيمەن!

(9)

ئادەمنىڭ قەلبى خۇددى مۇنبەت تۇپراققا ئوخشايدۇ. ھاياتنىڭ مەلۇم باسقۇچلىرىدا بۇ ئېتىزدا بىرخىل ئۆسۈملۈك باراقسانلىغان بولسا، يەنە مەلۇم باسقۇچقا كەلگەندە ئۇ ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قۇرۇپ تۈگەيدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن بىر بىخ باش كۆتۈرۈپ باراقسانلاشقا باشلايدۇ. ئۇ قەلب ئىگىسىگە نىسبەتەن شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكتەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما بۇ بىراۋنىڭ قىسمىتى، يەنە بىراۋنىڭ بەخت - تەلىيى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

(10)

ئانا بالىسىغا، ھاياتقا مۇستەقىل قەدەم بېسىپ ئۆز ئايىغى بىلەن مېڭىشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن بالىنىڭ قولىنى تۇتىدۇ.

سەن مەكتەپكە كىرگەن تۇنجى كۈنى ئۇستازىڭ ساڭا قەلەمنى قانداق تۇتۇشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن قولۇڭنى تۇتىدۇ.

ھىجران دەشتلىرىدە چاڭقىغان يۈرەكلەر ۋىسال بوستانىدا ئۇنىسىز شىۋىرلىشىش پۇرسىتىگە نائىل بولغىنىدا نىگار سېنىڭ قولۇڭنى تۇتىدۇ.

خەيرلىك سەپەرلەرگە ئاتلانغىنىڭدا؛ ئۆمۈر مۇساپەڭدىكى ھەر بىر داۋاندىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاشقىنىڭدا؛ ئارزۇ - مۇراد بېغىڭغا قويغان ھەر بىر كۆچەت مېۋىگە كىرگىنىدە ھاياتتىكى ئېغىر سىناقلار ئالدىدا سىنىلىپ ئالىمۇڭنىڭ ئۆڭمەس بەتلىرىدىن ئورۇن ئالغان دوستۇڭ قولۇڭنى تۇتىدۇ.

سەن ھاياتتا ئېغىر بىر سىناققا دۇچ كېلىپ نېمە قىلىشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغىنىڭدا قەلبى ئىنسانپەرۋەرلىك بۇلىقىنىڭ مېھىر - شەپقەت سۈيىدە سۇغۇرۇلغان بىرسى سەممىيلىك بىلەن سېنىڭ قولۇڭنى تۇتىدۇ.

سەن كېسەللىك ئاسارىتىدە ھايات - ماماتلىق بوسۇغىسىدا تۇرۇۋاتقىنىڭدا كېسەلنىڭ يىلتىزىنى تېپىپ چىقىپ، جېنىڭغا جان ئۇلاپ، سېنى ھايات گۈلزارىغا باشلاپ كەلگەن شەپقەت ھەمشىرىسى سېنىڭ قولۇڭنى تۇتىدۇ.

يەنە سەن دوستۇم دەپ ئىشىنىپ يۈرگەن بىرسى سېنى باشقىلارغا تۇتۇپ بېرىپ ئىنئام ئېلىش ئۈچۈن قولۇڭنى تۇتىدۇ.

بىرسى قولۇڭنى تۇتۇش ئۈچۈن كېلىۋاتىدۇ. ئۇ كىمدۇ؟..!

ئاپتور: گۇما ناھىيە كۆكتىبرەك يېزا 2 - باشلانغۇچ مەكتەپتە

# نەسىرلەر

## مېھربان مىجىت

### سېنى كۈتۈۋاتىمەن

بىلەمسەن جېنىم، كۆنگەن يامانكەن. يۈرىكىم ساڭا كۆنۈپ قاپتىكەن. ئىشەندىڭمۇ «سېنى ئۇنتۇيمەن» دېگەن سۆزۈمگە؟ مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزۈممۇ ئىشەنمەس بولدۇم. سېنى ئىزدىمەيمەن دەپ نەچچە رەت ئۆزۈمگە ۋەدە بەرگەن بولساممۇ، بىراق مېنىڭ بۇ ئاسىي قەدەملىرىم ئىختىيارسىز سەن تەرەپكە كېتىۋاتىدۇ. خائىن كۆڭلۈم يەنىلا ساڭا تەلپۈنۈۋاتىدۇ. ئاسىي كۆزلىرىم يەنىلا سېنى ئىزدەۋاتىدۇ. ساڭا تامامەن ئەسىر بولغان يۈرىكىم بىر سېنىڭ ئىسمىڭنى يادلاۋاتىدۇ. بەڭۋاش خىياللىرىم سېنىلا ئويلاۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى، ھەممىسى ماڭا ئاسىيلىق قىلىۋاتىدۇ. سېنى ئۇنتۇشۇمغا يول قويمايۋاتىدۇ.

قارىغاندا سەن قەلب قەسرىمنىڭ ئەڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان ئوخشايسەن. ساڭا ئاتالغان بۇ ئورۇن بوش قالدىغۇ ئەمدى!؟

مەن سېنى كۈتۈۋاتىمەن. ياق سېنى ئەمەس، ئوتلۇق مۇھەببىتىڭنى كۈتۈۋاتىمەن. بىلەمسەن جېنىم، تەنھالىقىمغا قايتقۇم يوق. ئۇ بەك زۇلمەتلىك. سەن يۈرىكىمنىڭ نىدالىرىنى ئاڭلىيالامسەن. شۇنداق تۇرۇپ يەنە نېمىشقا مېنى زۇلمەتتە قالدۇرىسەن؟!

بىلىمەن، سەن ھامان كېلىسەن. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەن. مۇڭ باسقان بىچارە قەلبىمنى «كەچۈر، گۈلۈم» دېگەن بىر ئېغىز سۆزۈڭ بىلەن مىسكىنلىك دېڭىزىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىسەن. مەن بۇنى چۈشۈمدە كۆرگەن. ئاشۇ چۈشۈم تېزرەك رېئاللىققا ئايلانسا يۈرىكىم خۇشاللىقتىن

يېرىلىپ كېتەرمۇ ـ ھە!
سەن مېنى تاشلاپ كەتسەڭمۇ مەن نېمە ئۈچۈن سې-
نى ئۇنۇتالمايمەن؟ يەنە نېمە ئۈچۈن سېنى سېغىنىمەن؟
تۇمەنلىگەن نېمە ئۈچۈنلەرگە جاۋاب بېرەلمەي، ئۆز-ئۆ-
زۈمدىن نەپرەتلىنىمەن. چۈشلىرىمدىن ئاغرىنىمەن.
بۇنىڭ جاۋابى پەقەت بىرلا: سەن ماڭا يۈرىكىڭنى
بەرگەن، مەنمۇ ھەم ساڭا يۈرىكىمنى بەرگەن.
مەن توختىماستىن سېنى ئىزدەۋاتىمەن. ياق، سېنى
ئەمەس مېھرىلىك سۆيۈشلىرىڭنى ئىزدەۋاتىمەن. مەن سې-
نى ئىزدەپ كونا جايغا باردىم. بىز تىزغان تاشلار قار
ئاستىغا كۆمۈلۈپ قاپتۇ. ئەجەبا بۇ بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز-
نىڭ دېرىكىمىدۇ؟ قارلار ئېرىسە قار ئاستىغا كۆمۈلۈپ
قالغان تاشلار تېخىمۇ جۇلالىنىدۇ، شۇنداققۇ؟ شۇڭا سەن-
دىن ئاداققىچە ئۈمىد ئۈزمەيمەن. چۈنكى ئۈمىد خورىماس
ئىكەن. تومۇرلىرىمدا ھېلىمۇ سېنىڭ سۆيگۈڭ يېلىنجاپ
تۇرۇپتۇ. چۈنكى مەن ۋەدىمىزنى ئۇنتۇمىدىم.
ئەجەبا سەن ۋەدىلىرىمىزنى ئۇنتۇدۇڭمۇ؟ «ئەمدى
سېنى سۆيەلمەيمەن» دېگىنىم يالغان ئىدى، سەن قارىچۇ-
قۇمنىڭ نىداسىنى بىلەلمىدىڭمۇ؟ نېمىشقا كەچۈرگىن دې-
مەيسەن. سەن ماڭا: «گۈلۈم، چېھرىڭدە زەررىچە ئازاب
تامچىسىنى كۆرگۈم يوق» دېگەن ئىدىڭ. ئەمدىلىكتە ئا-
شۇ گۈلۈڭ ھىجران ئازابىدا پۇچۇلىنىۋاتسا قاراپ تۇراله-
سەن؟ سېنىڭ يۈرىكىڭ شۇنچە قاتتىقمۇ؟ بىز ئۆستۈرگەن
سۆيگۈ گۈلى ئېسىڭدىمۇ؟ سەن سۆيگۈ گۈلىنىڭ خىتابىنى
ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ئۇ توختىماي پەرۋىش قىلىشقا موھتاج،
بىز ئۇنى قۇرۇتۇپ قويمايلى، ئۇ بىزنىڭ تېزرەك كېلىپ
بىرلىكتە پەرۋىش قىلىشىمىزنى كۈتۈۋاتىدۇ. كەل، قەلب
گۈلىستانىمغا كەل! سۆيگۈ سىمفونىيەسىنى بىللە ياڭرىتاي-
لى... ! قاردا خىيال سۈرۈپ تۇرۇۋېرىپ، قوللىرىم سو-
غۇقتىن توڭلاپ كەتتى. تېزرەك كېلىپ ئىسسىق ئالقانلى-
رىڭ بىلەن قوللىرىمنى، ئىللىق باغرىڭ بىلەن مۇزلاپ كې-
تىۋاتقان يۈرىكىمنى ئىسسىتقىن!...

## سەن مېنىڭ ئۆتمۈشۈم

كەچۈرگىن، ئەمدى سېنى سۆيەلمەيمەن. رازى ئە-
دىم ئوتلىرىڭدا كۆيۈشكە، سۇلىرىڭدا ئېقىشقا. ئەمدى
سەن ئۈچۈن گۈلخان بولۇپ كۆيەلمەيمەن، سۇيۇڭدە
ھەم ئاقالمايمەن. سەن ئۈچۈن خۇش بولۇپ، سەن ئۈ-
چۈن قايغۇرىدىغان كۈنلەر ئەمدى كەلمەسكە كەتتى. شۇ-
تاپ سېنىڭ جىسمىڭدىن ماڭا خۇشاللىق ۋە بەخت ئاتا
قىلالايدىغان ئالامەتلەرنى تېپىشقا ئامالسىزمەن.
قەلبىم سەن ئۈچۈن بېھىش ئىدى، تولىمۇ ئەپ-
سۇس، قەلبىمدە ھۆكۈم سۈرگەن ئىزگۈ تىلەكلىرىمنى سې-
نىڭ كۆرگۈدەك ئەقلىڭ كۆزۈڭ يوق. قارىغاندا مەن ساڭا
بولغان سۆيگۈمنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىپ، سېنى بە-
خۇدلاشتۇرۇپ قويغان ئوخشايمەن. «ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى
باشقا» دېدىڭ سەن ئەيمەنمەستىن. سەن ئاشۇنداق گۈل-
دىن گۈلگە قونۇپ، خۇشپۇراق گۈل ھىدىدىن مەستخۇش
بولۇپ يۈرىۋەرگىن. ئەمدى ساڭا كۆڭۈل بېرەلمەيمەن.
سەن گۈلزارلىقتا يۈرۈپ ئۆز گۈلۈڭنى تاپالمىدىڭ، رەڭ-
گارەڭ گۈللەر سېنىڭ كۆزۈڭنى خىرەلەشتۈرۈپتۇ.
ھەيرانمەن، ھەيران. مۇھەببەتتىن يۈز ئۆرۈش سەن ئۈ-
چۈن بەكمۇ ئاسان بولدى. يېرىم يولدا توختاپ قالغان
مۇھەببەت مۇساپىمىز كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى. شۇنىڭ بى-
لەن تەڭلا ئىككىمىز بىللە سۈرگەن خىياللىرىمىزمۇ كۆ-
پۈككە ئايلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن تېخى رويابقا چىقمىغان
ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىزنى پىنھانلىرىمغا بەند قىلدىم.
ۋەدىمىزنى شۇنچە تېز ئۇنتۇپسەن، يۈرىكىڭ مەن
ئۈچۈن سوقماس بوپتۇ، قەلبىڭنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدىكى
تۇيغۇلىرىڭ ماڭا تېۋىنماس بوپتۇ. ئۆزگە گۈلنىڭ ۋۇجۇ-
دىدا يالت قىلىپ كۆرۈنگەن ئازغىنە گۈزەللىككە قاراپ
ھاياجانلىنىپ كەتتىڭمىكىن، شۇنچە تېزلا مۇھەببەت مەھ-
بۇسىغا ئايلاندىڭ. يەنە «كەچۈرگىن» دېيىشلىرىڭنى ئاڭ-
لىغۇم يوق. ۋاپاسىزلىق سۇيىدە سۇغىرىلغان ساختا گۈل-
لىرىڭنى ئەمدى قوبۇل قىلالمايمەن. چۈنكى ئۆزگە گۈل-
لەرنىڭ ئالدىدا غۇرۇرۇمنى پايخان قىلىشنى خالىمايمەن.
غۇبارسىز كۆڭلۈمنى ئازار يېيىشتىن مۇستەسنا قىلىش ئۈ-
چۈن دادىللىق بىلەن ساڭا خوش دېيىشنى تاللىدىم. سەن-
دىن ئۆزگە يەنە بىر بۇلبۇلنىڭمۇ سەن ياتلاشقان گۈل
ئىشقىدا خەندان ئۇرۇپ سايرايدىغىنىغا ئىشىنىمەن.
خىياللىرىمنى مالىمان قىلما، چۈشلىرىمنى ئاۋارە
قىلما. يوللىرىمدىمۇ ئۇچراپ قالمىغىن، ئاشۇ تونۇش
گەۋدىنى قايتا كۆرگۈم يوق. ئەمدى مەن سېنىڭ گۈلۈڭ
ئەمەس. شۇڭا سېنى «ھاياتىم» دەپ ئاتىيالمايمەن، كونا
جايدا سېنى ئۇنسىز كۈتەلمەيمەن. ساڭا بەخت تىلىمەيمەن
ھەم سەندىن نەپرەتلەنمەيمەن. چۈنكى نەپرەت مۇھەب-
بەتتىن كېلىدۇ، ئەمەسمۇ؟
پەقەت ساڭا شۇنى ئەسكەرتىمەن: سەگەك بولغىن.
مېنى ئازابلانغانمىدۇ، دەپ غەم قىلىپمۇ يۈرمە، چۈنكى
ئازاب مەندىن يىراقتا.
قول تۇتۇشقان چاغدىكى ئىللىق ھارارەت قايتا
مەۋجۇت بولمايدۇ. لەۋلىرىمىز تېگىشكەن چاغدىكى ئوت-
لۇق نەپەسلەر ئەمدى قايتىلانمايدۇ. توغرا، ئۇلار ئەمدى
زىنھار قايتىلانمايدۇ. سېنىڭ ئىسمىڭنى يۈرىكىمدىن ئۆ-
چۈردۈم، ئۆتمۈشۈمنى پاك ـ پاكىز يۇيۇۋەتتىم. سېنى
سېغىنىشلىرىمنى دەشت ـ چۆللەرگە سۈرگۈن قىلدىم. سا-
ڭا بولغان ئىنتىلىشلىرىمنى كېپەنلەپ قويدۇم. ئاسىي قە-
دەملىرىمنى كىشەنلەپ قويدۇم. خەير، ۋاپاسىز يار!...

ئاپتور: كۇچا ناھىيە چىمەن بازىرىدا





# نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا ئۆچلۈك قىلىمىز

ئامانگۈل ئېلى

سەككىز ياشلىق ئوغلۇمنىڭ «موللا زەيدىن» فىلمىنى كۆرۈۋېتىپ: «ئاپا، بايلارنىڭ ھەممىسى ئەسكىمۇ؟» دېگەن سوئالى مېنى بايلار ھەققىدىكى چۆچەكلەر ساھىلىغا قايتۇرۇپ كەلدى. مەن ساھىللارنى ئاختۇرۇپ تاسقىدىم. باللىقىمدا مومامدىن ئاڭلىغان، كېيىن ئۆزۈم ئوقۇغان كۆپ قىسىم چۆچەكلەردە بايلار قامچىلىناتتى. ئاچكۆز باي، پىخسىق باي، ھاماقەت باي، نادان باي، ئاقىۋەتتە ئۆز بايلىقى سىرتماق بولۇپ ئۆلگەن باي... بايلار ھەققىدە يېزىلغان چۆچەكلەرنىڭ كۆپ قىسمىدا شۇنداق دېيىلەتتى. دەۋرىمىزدە ئىشلىنىۋاتقان تېلېۋىزىيە فىلىملىرى، ھەر خىل پىلاستىنكىلاردىمۇ بايلار يېڭىلگۈچى بولاتتى. بالامنىڭ سوئالىغا چۆچەكلىرىمىزنى باغلىغۇم كەلدى، ئەمما قايىل بولمىدىم. بۇ رازى بولغۇدەك جاۋاب ئەمەس ئىدى. چۈچۈك ھېسلار بىلەن تولغان ساپ قەلبنى ئاددىيلا چۈشەنچە بىلەن بېزەشنى خالىمىدىم. ئاشۇ بايلىرىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىنى كېزىپ چىقتىم. ئۇلار ئارىسىدىكى ھۆرمەت ساھىبلىرىنى ئەسلەپ، غايىۋانە سېغىندىم، ئاشۇ بايلىرىمىزنىڭ نۇرانە چېھرى، ساخاۋەت سۈيىدە يۇغۇرۇلغان پاكىز روھىي ئالىمى، مەرىپەت ئوتىنى يېلىنجاتقان ئاتەش يۈرىكى ئەقىل بوستانىمغا ئىلھام بۇلىقى بولۇپ قۇيۇلدى. خەلقىمىز نە سەۋەبتىن بايلىرىمىزغا ئۆچ بولۇپ قالغاندۇ؟ ئەجەبا ئۇلارنىڭ تۆھپىسى يوقمۇ؟... سوئالىمنىڭ دەۋىتى بىلەن تارىختىكى ھەم بۈگۈنىمىزدىكى بايلار بىلەن سىرداشقۇم ۋە ئۇلارنىڭ تارىخ بەتلىرىدىكى ئۆچمەس ئىزلىرىنى ۋاراقلىغۇم كەلدى.



تېرەك تۈۋىدىكى پاراڭلار

ئۆز تارىخىنى ئاجايىپ جەزبىدار سەلتەنەت بىلەن جۇلالاندۇرۇپ، ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق دۇنياسىنىڭ تىلسىم ئاچقۇچىنى تۇتالىغان ئەجدادلىرىمىز جاھالەت پىرلىرى ھامىلىق قىلغان يىللاردىن باشلاپ، ئېسىل مەنىۋى تۈۋرۈكتىن ئايرىلدى.

جاھالەت پىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ سۇلۇك - تەرغىباتىنى كۈچەيتىش، مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى ئۇزۇن مۇددەت ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن خىلمۇ خىل نەيرەڭلەرنى ئىشقا سېلىپ، تەتۈر قىسمەتنىڭ تېرىقلىرىنى ئانا زېمىنىمىزدا بىخ سۈرگۈزدى. ئەزەلدىن بىرلىك، ئىتتىپاقلىقنى جاندىن ئەزىز بىلىپ، ساپلىق، ھالاللىق بىلەن ئۆزلۈك ئالىمىدە گۈزەل خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپ كەلگەن مىللىتىمىز تارىخىدا شۇنداق بىر پاجىئە يۈز بەردىكى، ئەلمىساقتىن ھېچقاچان بولمىغان ئىختىلاپ، ياتلىشىش، ھۇرۇنلۇق، نادانلىق يۈز بەردى. مۇشۇ سەۋەبتىن ئەسلىدىكى سەرخىل مۆجىزىلەرنىڭ ھەممەتلىك ئىختىراچىلىرى زامانىنىڭ خەس - بىچارىلىرىگە ئايلاندى. نامراتلىقنى ئەۋزەل بىلىدىغان، ئۆزى ھېچ ئىش قىلماي ھەممە نېسىۋىنى ئاللادىن تىلەيدىغان بىمەنىلىك يىلتىزلىرى كىشىلەر قەلبىنى چىرمىدى. خەلقىمىز «گۆھەرگە دەسسەپ تۇرغان جۇلدۇر كېپەن كىشى» دەك ئەخمەق، خار، بىقۇۋۋەت ھالغا چۈشۈپ قالدى. سەركىسىدىن ئايرىلغان پادىدەك پىر - ئەۋلىياغا چوقۇنۇپ، ئىلىم - مەرىپەتنى ئۇلۇغلاش ئېڭىنى يوقاتتى. روھىي قۇللۇقنىڭ مېۋىلىرى باغجانلاپ، ئىقتىسادىي كاللا سوپى - ئىشانلارنىڭ سېھىر - جادۇلىرى ئاستىدا قەدىر - قىممىتىنى يوقاتتى. مەھكەم چاپلاشقان بۇ ۋابا تاكى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ساقايمىدى. خەلقىمىزدە تارىختىن بۇيان جۇغلانغان روھىي تىندۇرمىلار خۇددى سېرىق ئوتنىڭ يىلتىزىغا ئوخشاش چىرمىشىپ قېلىپ ئايىنىيالمىغان يۇمران مايسىدەك نىمجان ھالغا چۈشۈپ قال-

دى. بىر مەزگىللىك قاراڭغۇ قىسمەت خەلقىمىز روھىغا ئېچىنىشلىق تىراگېدىيەلەرنى بەخش ئەتكەن بولسىمۇ، ئەمما خەلقىمىزدە ئەزەلدىن بار بولغان يېڭىلىققا ئىنتىلىشتىن ئىبارەت ئېچكى گېننىڭ زەرەتلىنىشى بىلەن يېڭى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ بۇ مۇقەددەس ئانا دىياردا مەدەنىيەت كارۋانلىرىنىڭ ئالتۇن كولدۇرمىسى جاراڭلاشقا باشلىدى. ئەزەلدىن ئۆز قوۋمىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىشنى پەرھىز ھەم قەرز ھېسابلاپ كەلگەن ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئەقىدە - ئېتىقادىنىڭ يېڭى تۇغۇندىلىرىنى ئاپىرىدە قىلدى. ئوقۇمۇشلۇق، مەرىپەتپەرۋەر، ساخاۋەتچى بايلىرىمىزدىن ئاكا - ئۇكا مۇسابايوفلارغا ئوخشاش قەلبى ئۆز قوۋمى ئۈچۈن گۇپۇلدەپ سوقۇپ تۇرغان يولباشچىلىرىمىز ھالال ئەجرى، قان - تەرى بەدىلىگە كەلگەن ئىگىلىكىدىن پۇل ئاجرىتىپ، مەكتەپ سېلىپ يېڭىچە مائارىپنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. نەچچە ئەسىر جاھالەت، نادانلىق سىرتمىقىدا جان تالاشقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قەلبى خۇددى قاغجىراپ ياتقان چۆل باھار يامغۇرىغا قانغاندەك، يېڭى مەدەنىيەتنىڭ جۇلاسىدىن سىن ئېلىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ يىللاردىن باشلاپ ۋەتەنپەرۋەر بايلىرىمىزنىڭ، تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلىرىمىزنىڭ كۈچ ۋە ئەقىل قوشۇشى بىلەن ھەرقايسى جايلاردا بارلىققا كەلگەن يېتىم - يېسىرلار مەكتىپى، خەير - ساخاۋەت ئورۇنلىرىنىڭ ئۈمىدسىز، غېرىب ئىجتىمائىي كەيپىياتىغا باھار ئاپتىپى بەخش ئەتتى. 20 - يىللارغا كەلگەندە مۇنتىزىم مەكتەپ مائارىپى تېخىمۇ كېڭىيىپ، ئىلىم ئىشتىراكچىلىرى تېخىمۇ كۆپەيدى، ئىلىم ئىگىلىرى زورايدى. مەدەنىيەتكە يۈزلىنىش ئىجتىمائىي ھاۋانى تېخىمۇ ساپلاشتۇردى. بۇ خىل يۈكسىلىشلەرنى شۇ دەۋردىكى مەرىپەتپەرۋەر، ساخاۋەتچى بايلىرىمىزدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ئەمما، نادانلاشتۇرۇش سىياسىتى ئەۋج ئالغان قاباھەتلىك يىللاردا پەلەكنىڭ چاقى تەتۈر چۆرگىلەپ، زاماننىڭ دات باسقان تىغى ئالدى بىلەن ساخاۋەتچى بايلىرىمىز ۋە تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلىرىمىزغا ئۇرۇلدى. «خۇددى قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىدا ئېيتىلغاندەك ساندۇق - ساندۇق ئالتۇن - كۈمۈش ساقلىغانلار، بىردەمدىلا قاق سەنەم بوپ ۋەيران بولدى. ھەتتا ئۆز ھاياتىغىمۇ ئىگە بولالمىدى. ئالدىن كۆرەر، زاماننىڭ رەڭلىرىنى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرەلەيدىغانلىقى، ساخاۋەتچى بايلىرىمىزدىن كۆپلىرى قۇربانلىققا ئايلاندى. ۋەتەن، مىللەت ئىشقىدا يانغىن بولۇپ كۆيگەن يۈرەكلەرگە جاھالەتنىڭ زەھەرلىك تىغى سانچىلدى. ئەتىرگۈلنىڭمۇ تىكىنى بولغىنىدەك، ئاشۇنداق روھى ئويغاق، قەلبى نۇرانە بايلىرىمىزنىڭ ئەكسىچە بىر قىسىم تەبىئىتى قارا، مەنىۋىيتى پۇچەك بايلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. كېيىنكى تائىپىدىكىلەر دەرھال قارا چۈمپەردىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئەمەل - مەنسەپ، جان، ھەتتا بىر بۇردا نان ئۈچۈن قېرىنداشلىرىنى ساتتى. ئەنە شۇ يىللاردا خەلقىمىزنىڭ دىلىنى ئىلىم بىلەن يورۇتۇپ يېڭى بىر يورۇق دۇنيانى يارىتىش يولىدا جانىنى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ، كۈرەش قىلغان ۋەتەنپەرۋەر بايلىرىمىزنىڭ «جىنايەتچى» ئاتىلىپ، تۈرمىلەردە ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرۇشى ئەسلىدىنلا يۈرىكى مۇجۇلۇپ، ئەسلىدىن يىراقلىشىپ كەتكەن نامرات خەلقىمىزنى يەنە بىر قېتىم قاتتىق سەگىتتى. بايلىقتىن، باي بولۇشتىن قورقىدىغان بىنورمال پسىخىك ھالەتنى ھازىرلاپ، «قايناق سۇدا ئېغىزى كۆيگەن ئادەم، دوغنىمۇ پۈۋلەپ ئىچىپتۇ» دېگەندەك ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈردى. خەلقىمىزگە نىسبەتەن قارىغۇ قىسمەتنىڭ قۇربانى بولغان ئەلسۆيەر بايلىرىمىز قانداقتۇر چوڭ جىنايىتى بار لەنەتلىك ئادەملەر سانالدى. بىلسەك ئەسلى ئۇلارنىڭ ھاياتى نەپرەتلىك ھايات ئەمەس، پەخىرلىك ھايات ئىدى.

«زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ» بولغان ئاشۇ قارا يىللار رېئاللىق خەلقىمىز مەنىۋىيتىنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى.

بۇ ئاچچىق پاجىئەلەرگە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن خاتىمە بېرىلگەن بولسىمۇ، ئەمما 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى چەكتىن ئاشقان سىنىپىي كۈرەش سەۋەبىدىن ئىلگىرىكى بايلىرىمىز ئاق - قارىسى سۈرۈشتۈرۈلمەيلا كۈرەش سەھنىلىرىدە ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتكە دۇچار بولۇپ، جاپا - مۇشەققەتلىك ئەمگەك مەيدانلىرىدا ئىنسان بالىسى تارتىمىغان خورلۇقلارنى تارتىپ، ئىنسانىي ھوقۇقىدىن ئايرىلدى. پۇل تېپىشمۇ جىنايەت ھېسابلانغان ئاشۇ يىللاردا خەلقىمىز يالاڭتۆشلۈكنى، گادايلىقنى ئەۋزەل بىلىدىغان روھىي قۇللۇقنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلاندى. ئاشۇ يىللاردىكى سىنىپىي تەركىبنى ئايرىشتا كەمبەغەل دېھقان بولۇش شەرەپ ھېسابلىنىپ، خۇددى خەلق چۆچەكلىرىدىكى ئادەم گۆشىدىن مانتا ئېتىپ ساتىدىغان مانتىپەزنىڭ يەر ئاستى گۈندىخانىسىغا كىرىپ قالغان بىچارىلەر بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ، «مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز» دەپ تالىشىپ، ئۆز قېرىندىشىنى جەھەننەمگە يولغا سالغىنىدەك قاباھەتلىك كۆرۈنۈش ئايان بولدى. ھەتتا قان - قېرىنداشلارمۇ كەمبەغەللىك ئاتىقىنى تالىشىپ ياتلاشتى. روھىي ھەم ماددىي جەھەتتىن ئاۋاقلىشىپ كەتكەن خەلقىمىز سەركىسىدىن ئايرىلغان قوي پادىسىدەك ئاجىز ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

يۇقىرىقىدەك تارىخىي ھەم ئىجتىمائىي سەۋەبلەردىن

باشقا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىجاد قىلغۇچىلىرى نۇقتـ
سىدىن ئېيتقاندىمۇ ئەمگەكچى خەلق ئۇنىڭ بىردىنبىر
تۆھپىكارى ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرى تەلپۈنگەن ئەڭ گۈزەل
نەرسىلەرنىمۇ، نەپرەتلەنگەن يىرگىنچلىك نەرسىلەرنىمۇ
سەنئەت ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. سەنئەت ماددىي جەھەتتىن
نامراتلىقتا ياشىغان خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا شادلىق
ئاتا قىلالايدىغان بىردىنبىر ھەمراھىغا ئايلانغان. ئۇزۇن
تارىخىي مۇساپىلەر جەريانىدا ئاز سانلىق دىلى قارا
بايلارنىڭ ئوبرازى ئومۇمىيلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ،
«بىر تال چۆپنى بىر قاچا ئاشنى بۇلغايتۇ» دېگەندەك
بايلىرىمىزنىڭ ئومۇمىي ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋەتتى.
خەلقىمىز تەنقىدىي خاراكتېرگە ئىگە ئىجادىي مېھنەتلىرى
ئارقىلىق چىركىن روھىي دۇنياسى بىلەن كۆڭۈل بەتلىرىـ
دە قارا داغ قالدۇرۇپ كەتكەن ئەنە شۇنداق مۇناپىقلارـ
نى كەسكىنلىك بىلەن پاش قىلدى. ئەمما بۇ تەنقىد گېزى
كەلگەندە چەكتىن ئېشىپ بايلىرىمىزنىڭ ئومۇمىي ئوبراـ
زىنى يىرگىنچلىك ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى.

ئەمما ئەقلى سەگەك كىشىلىرىمىز نېمىنىڭ خەس،
نېمىنىڭ ئالتۇن ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي ئايرىغۇچىلاردۇر.
ئۇلار تارىخىمىزنىڭ خالىس تۆھپىكارلىرىغا ئادىل باھا
بېرەلەيدۇ. قەلب تۆرلىرىنىڭ ھۆرمەت ساھىبى بولمىش
قەدىردان روھ ئىگىلىرىنىڭ نۇرانە سىماسىنى ھەرقاچان،
ھەر زامان ئىپتىخار بىلەن سېغىنىپ تۇرىدۇ.

تارىخنى خەلق ياراتقان. بولۇپمۇ ئالدىن كۆرەر،
ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن يېتىلگەن شەخسلەرنىڭ روـ
لى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغان. ئاشۇ تۆھپىكارلىرىمىز
مىللەت، ۋەتەننىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى بەدەل
قىلىپ، ئاجايىپ ئۆتلۈق سەمەرىلەرنى ياراتقان. ئۇلارنىڭ
نۇرانە سىماسى قەلب تۆرىمىزدە ھېلىمۇ ئۆز قىممىتى بىـ
لەن ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ. بايلار ھەققىدىكى ئويلىرىمنى
داۋاملاشتۇرۇۋېتىپ، مەرھۇم يازغۇچىمىز ئابدۇرېھىم
ئۆتكۈرنىڭ «ئويغانغان زېمىن»، زوردۇن سابىرنىڭ «ئاـ
نا يۇرت»، ئەختەم ئۆمەرنىڭ «يېگانە ئارال» رومانلىـ
رىدىكى دىلى پاكىز بايلىرىمىزنى ئەسلەپ قالدىم. ئۆز
قەۋمىنىڭ تەقدىرىگە دىلداش بولالىغان ئاشۇ بايلىرىمىزـ
نىڭ ھەقىقىي ئەركەكلەرگە خاس مەردۇ ـ مەردانىلىقى
قەلىمىمگە قۇۋۋەت بولدى. تىپ سۈپىتىدە «يېگانە
ئارال» رومانىدىكى يۇرت ئاتىسى ھېزىبەگ ھاجىنىڭ
يۇرتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىككىلەنمەي ھاياتىنى دوغا
تىككەن كۆرۈنۈشنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يەنە بىر قېتىم
ئورتاقلاشماقچىمەن.

*« ـــ جانابى ھېزىبەگ ھاجى، سىز ئۆستەڭ ئالـ*
*سىز؟ ـــ ھاكىم مەسخىرە بىلەن دېدى. بىر ئالىم سۇ ئاقـ*
*تۇرالمىغان ئۆستەڭدىن سىز سۇ ئاقتۇرىسىز؟*

*ـــ ھەئە،.*

*ـــ ئەگەر سۇ ئاقماي قالسىچۇ؟*

*ھېزىبەگ ھاجىنىڭ كۆزىدىن ئوت چاچرىغاندەك*
*بولدى:*

*ـــ كاللامنى دو قويدۇم. خەلق دارغا ئاسامدۇ،*
*چالما كېسەك قىلامدۇ، مانا مەن ئەلھۆكمىللا دەيمەن.*

*ـــ ئەمىسە توختام قىلايلى.*

*ھاجىم يانپىشىدىكى ساغرا غىلاپتىن مۈڭگۈز دەستىـ*
*لىك يوغان پىچىقىنى ئېلىپ بىگىز بارمىقىنى چوڭقۇر تىلـ*
*دى. قان پىچاق بىسىدىن سىرغىپ ئاقتى. ھاكىم ئۆزى*
*توغرىسىدا ئۇزاق ئەگىتمە گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىن*
*مەقسىتىنى ئېيتتى:*

*ـــ يانتاقىنىڭ ئادەملىرى ئادەمگەرچىلىكى بار،*
*مېھماندوست، خوتۇن ـ قىزلىرى پاكىز كېلىدىكەن. يۇرتـ*
*لىرىدىن بىر كىچىك خوتۇنلۇق بولۇپ قېلىش خىيالىم*
*بار، سىلى يۇرت ئاتىسى مېنى كۈيئوغۇل قىلىۋالالارـ*
*مۇ؟*

*ھېزىبەگ ھاجى ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ھاكىمنىڭ*
*يۈرىكى ‹جىغ› قىلىپ بىر تىترەك كىرىپ ئاتىرىپ كەتتى.*

*ـــ جانابلىرى، بۇ خىياللىرىنى تەرك ئەتسىلە. ناۋادا*
*بۇ خىياللىرىنى تەرك ئەتمەي قالسىلا، مەقسەتلىرىگە يېـ*
*تىشلىرى بەرھەق. ئەمما، ئۆمۈرلىرى ئۇزاق بولماي بىـ*
*ئەجەل كېتىپ قېلىشلىرىمۇ ھەم بەرھەق...*

*ھاجىم گېپىنى تۈگىتىپ گۈرسۈلدەپ چىقىپ كەتتى،*
*ھاكىم دۇرۇت ئوقۇغاندەك ئاغزىنى قىمىرلىتىپ، ئۇنىڭ*
*ئارقىسىدىن ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى.»*

ھېزىبەگ ھاجى ئېغىر قۇرغاقچىلىق بولۇپ، يۇرت
خاراب بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغاندا ھاياتىنى يۇرتنىڭ
تەقدىرى ئۈچۈن ئايىمىغان ۋەتەنپەرۋەر زات. شۇ چاغدا
ئۇ قازغان ئۆستەڭدىن يانتاق خەلقى ھازىرغىچە سۇ ئىچىپ
كېلىۋاتىدۇ ھەم ئۆستەڭمۇ ھېزىبەگ ھاجى ئۆستىڭى دېگەن
ناملار بىلەن ئۇلۇغلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

بۈگۈنكى رېئاللىقىمىزدا پاكىز نىيەتلىك نۇرغۇن بايـ
لىرىمىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ تۈرتكىسىدە ھالال
ئەمگىكى بىلەن بېيىپ، ئاز بولمىغان ئەجىر ـ مېھنەتلەرنى
سىڭدۈرۈپ، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ غەمگۈزارى، ئاجىزلارـ
نىڭ باشپاناھى، سەبىي نوتىلارنىڭ مەدەتكارى بولۇپ
ئۇلارغا ئىللىقلىق ئاتا قىلماقتا. ئەمما ئاز بىر قىسىم پۇل
ئۈچۈن ۋاستە تاللىمايدىغان، ۋاقتى كەلگەندە ئاتا ـ ئاـ
نىسىنى سېتىۋېتىشتىن يانمايدىغان نانكورلار بىزدە ھېچـ
قانداق دەۋردە كۆرۈلۈپ باقمىغان مەنىۋى پۇچەكلىكنى

(داۋامى 119 ـ بەتتە)





# ئىجادكار دېھقان قىزى

پاشاگۈل ئىسمايىل تۇردى ھاجى قىزى

كۇسەن قەدىمكى مەشھۇر يۇرتلارنىڭ بىرى. بۇ
يۇرت ئۆز زامانىسىدا كۇماراجىۋادەك پۈتۈن دۇنياغا
داڭلىق بۇددا ئالىمنى، ئاقارى پاكتەك بىلىم ئىگىلىرىنى
قەدىرلەپ، «دۇمبە روھى»نى نامايان قىلغان ئىلىم سۆ-
يەر پادىشاھنى؛ سۇجۇپتەك دۇنياغا مەشھۇر مۇزىكانتنى
يېتىشتۈرگەن يۇرت. يەنە نۇرغۇن ئالىم، قوماندان، ئو-
قۇتقۇچى، دوختۇر، ئىنژېنېرلارنى تەربىيەلەپ قاتارغا
قوشماقتا. بۇ ئەمگەكچان قىز ـ ئوغۇللار ئۆزلىرىنىڭ
سۆيۈملۈك ئوبرازى بىلەن كۇچاغا ۋەكىللىك قىلىپ، ئۆ-
زىنى قېزىش، ئۆزىنى كۆرسىتىش يولىدا مىللەت، جەمئى-
يەت ۋە ئائىلە ئالدىدا بىر كىشىلىك مەسئۇلىيەت ۋە بۇر-
چىنى ئادا قىلىپ كەلمەكتە.

بۇ تىرىشچان قىز ـ ئوغۇللىرىمىز ھەردەم ئۆز كۆ-
چىگە، ئەقىل ـ پاراستىگە تايىنىپ، ھالال ياشاپ ئىگىلىك
تىكلەپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ ئىزدەنگەندىلا
جەمئىيەتتە بىر كىشىلىك ئورۇن تىكلىگىلى بولىدىغانلىقنى
نامايان قىلىپ، بىر تۈركۈم قىز ـ ئاياللىرىمىز مەيدانغا
كەلمەكتە. مەن بۇ قېتىم شۇلار ئىچىدىن غەيرەتلىك ھەم




جىگەرلىك دېھقان قىزى پاتىگۈل ئايۇپنى زىيارەت
قىلدىم.

پاتىگۈل ئايۇپ ئىككى يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ،
سالامەتلىكنى ئاسرايدىغان ۋە ھەر خىل كېسەللەرگە داۋا
بولالايدىغان شور كارىۋات، شور كۆرپىنى كەشىپ قىلىپ،
«پاتىگۈل» ماركىسى بىلەن ئەنگە ئالدۇرۇپ، 2012 ـ
يىلى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كەشپىيات پاتېنت ھوقۇقىغا
ئېرىشتى.

پاتىگۈل ئايۇپ 1976 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ
كۈنى كۇچا ناھىيەسىنىڭ ئوچا بازىرىغا قاراشلىق پىلاڭ
كەنت 3 ـ گۇرۇپپىدا ئايۇپ تۇردى ئائىلىسىدە تۇغۇل-
غان. ئەينى چاغدا ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسىدا
تۇرغان ئاتا يەنە بىر قىز بوۋاقنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن
كۆڭلى سەل يېرىم بولدى. بىراق ھايال ئۆتمەيلا كۆيۈمـ-
چان ئاتا قىزنى باغرىغا بېسىپ «پاتىگۈل» دەپ ئىسىم
قويدى. 30 يىلدىن كېيىن بۇ قىزنىڭ نى ـ نى ئەركەك-
لەرنى بېسىپ چۈشكۈدەك كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە كەشپى-
ياتچى بولىدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيىدىمكىن، ئالتە قىزنى
ئىككى قولىغا تايىنىپ باقىدىغان بۇ ئاتا ـ ئانا قىيىنچىلىق
تۈپەيلىدىن پاتىگۈلنى باشلانغۇچتىن ئۆرلەپ ئوقۇتالماي
سەيپۇڭلۇققا بەردى. كىچىكىدىنلا زېرەك پاتىگۈل ئۈچ
يىلدا ناھايىتى ئۇستا سەيپۇڭ بولۇپ قالدى. ئىشىلا يې-

زىسى بىجاق كەنتىدىكى ئەلى بىلەن تىوي قىلىپ ئىككى بالىغا ئانا بولغانىدا، 2006 ـ يىلى پاتىگۇل ئاياللار كېسەلىگە گىرىپتار بولۇپ بىر يىلدىن كۆپرەك ئورنىدىن تۇرالماي يېتىپ قالىدۇ. ئۇزاق داۋالىنىپمۇ ئەسلىگە كېلەلمىگەن پاتىگۇل، ئاخىرى «ئاياللارنى قۇتقۇزغىلى بولماسمۇ؟ ئاياللار كېسىلى جاھىل خاراكتېرلىك، ئالدىراپ ئاشكارىلانمايدىغان، ئاشكارىلانسا يىقىتىپ قويىدىغان كېسەلكەن. زىيالىي ئاياللارغۇ ئالدىنى ئېلىشنى بىلىدىكەن، دېھقان ئاياللىرى ئىچىدە بۇ كېسەللىك ئازابىدا قىينىلىپ ئۆتىدىغانلار كۆرمىلىك، مۇشۇ كېسەل تۈپەيلىدىن نىكاھ بۇزۇلىدىغان ئىشلارمۇ بەك كۆپ...» دەپ ئويلايدۇ. ئاخىرى پاتىگۇل ئاپىسىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن ئويغۇر خەلقى ئارىسىدىكى يەرلىك شور ئارقىلىق كېسەل داۋالاش ئۇسۇلى بىلەن ئۆز كېسىلىنى داۋالاپ كۆردى. بىر مەزگىلدىن كېيىن زور ياخشىلىنىش بولدى. بۇ پاتىگۇلگە تەڭداشسىز ئىلھام بولدى. كۆڭلىدە ئۆتكەنسىرى بۇ ئىش پاتىگۇلنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالدى. «ئاياللار كېسىلىنى ھەقىقىي داۋالايدىغان ھەم ئالدىنى ئالىدىغان، شۇنداقلا بەل ئومۇرتقا كېسەللىكىمۇ شىپا بولىدىغان شور كارىۋات ئىجاد قىلسامچۇ؟!»

پاتىگۇل ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى. بۇ ئوينى كاللىسىدا پۇشۇرۇپ، كارىۋاتنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىنى ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن بۇ ئوينى ئاپىسى بىلەن ئۆمۈرلۈك جۆپتىگە ئېيتتى. ئۇلار پاتىگۇلنىڭ بىر ئىشنى قىلىشنى ئويلىسا ۋۇجۇدقا چىقارماي قويمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە كېرەكلىك ماتېرىياللارنى تەل قىلىشىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن پاتىگۇل يەرلىك شورنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن شورنى كارىۋات ئىچىگە قاچىلاپ، ئۇنى توك ئارقىلىق قىزىتتى. شۇنىڭدىن كېيىن يەرلىك شورنى كارىۋاتقا قاچىلاش تەجرىبىسىنى ئىشلىدى. ئۇ ياغاچچىنى چاقىرىپ كېلىپ، كارىۋات جاھازىسى ياساتتى. يەنە كەسپىي توكچىنى چاقىرىپ كېلىپ، كارىۋات ئىچىگە توك سىمى ئورناتتى. كارىۋات ئىچىگە ئالدىن تەڭشىۋالغان يەرلىك شور ۋە جۇڭيى دورىلىرىنى تۆكتى. مۇۋەپپەقىيەت ھەمىشە مەغلۇبىيەتتىن كېلىدۇ دېگەندەك، ئۈچ قېتىملىق مەغلۇبىيەت پاتىگۇلنىڭ ئىرادىسىنى قىلچەمۇ بوشاشتۇرالمىدى. ئۇ يەنە بىر قېتىم سىناق قىلىپ 4 ـ قېتىملىق سىناق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، 2008 ـ يىلى كېسەل داۋالاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە شور كارىۋاتنى ياساپ چىقتى.

دەسلەپتە پاتىگۇل شور كارىۋاتنى ئاياللار ساغلاملىق بۇيۇملىرى دۇكىنى ئېچىپ، ئىچىدىكى ئۆيگە سالدى. شۇ ۋاقىتتا شايار ناھىيەسىدىن بالىياتقۇسى ئالدىغا چىقىپ كېتىپ، ئاغرىق ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان ئامىنەم دوختۇرخانىدا يېتىپ ساقىيالماي، كۇچاغا كېلىپ پاتىگۇلنىڭ دۇكىنىغا كىرىدۇ. بۇ يەردە بىر ھەپتە داۋالانغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز بىر كۈنى بۇ ئايال يىغلىغىنىچە پاتىگۇلنى قۇچاقلىۋالىدۇ ۋە يىغلاپ تۇرۇپ: «سىلىگە قانداق رەھمەت ئېيتسام بولار، مەن بۇ ئازاب ئىچىدە قىينىلىپ ئۆتتۈۋاتقانلى ئۇزۇن بولغان... مانا ئەمدى سەللىمازا ساقىيىپ كېتىپتىمەن.» دەپ ھاياجانلىق ياشلىرىنى تۆكىدۇ ۋە شور كارىۋاتتىن بىرنى سېتىۋېلىپ، « مەن شاياردا دۇكان ئېچىپ، ماڭا ئوخشاش كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئاياللارنى داۋالاپ، بۇ ئازابتىن قۇتقۇزاي...» دەيدۇ. بۇ خەۋەر ناھايىتى تېزلا شايار ناھىيەسىگە تارقاپ، پاتىگۇلنىڭ كەچىككىنە دۇكىنى ئادەملەر بىلەن توشۇپ كېتىدۇ. خانىقەتام يېزىسىدىن كەلگەن خەلچەم ئىسىملىك ئايال ئاياللار كېسىلى ھەم بەل ئۇستىخان ئۆسۈۋېلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، پاتىگۇلنىڭ شور كارىۋىتىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، داۋالىنىپ خېلىلا ساقىيىپ قالىدۇ. بۇ بىمارلارنىڭ تەشۋىقاتى پاتىگۇلنى تېزلا جەمئىيەتكە تونۇتىدۇ.

پاتىگۇل دەسلەپتە ئاياللار «ساغلاملىق لاتىسى»نى ئىجاد قىلىدۇ، كېيىن بۇنىڭغىمۇ ماركا ئالىدۇ. پاتىگۇلنىڭ ئاياللار ئۈچۈن ئىزدىنىپ ئىجاد قىلىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن شوركاڭ، شور كارىۋات تېزلا غۇلجا، ئاقسۇ، شايار، قارامايلارغا زاكاس قىلىنىپ دۇكانغا سېلىنىدۇ.

2009 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى غۇلجىغا بىراقلا 20 دانە شور كارىۋاتنى ئاپىرىپ 10 نى سىڭلىسىنىڭ دۇكىنىغا سالىدۇ. 10 نى خېرىدارلارغا ساتىدۇ. توققۇز ياشلىق قىز قۇندۇزئاي مەكتەپكىمۇ بارالماي يېتىپ قالغان، پاتىگۇل ياسىغان شور كارىۋاتقا چۈشۈپ 12 ـ كۈنى مېڭىپ كېتىدۇ، ئاپىسى ھاياجان بىلەن پاتىگۇلگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت ئېيتىدۇ.

بۇ خەۋەر غۇلجىغا ناھايىتى تېزلا تارقىلىپ، پاتىگۇلگە زاكاس قىلدۇرغانلار كۆپىيىدۇ. پاتىگۇل زاكاس تالونلىرىنى كۆتۈرۈپ دەرھال كۇچاغا قايتىپ كېلىپ ئېرى بىلەن بىرلىكتە يەنە 30 كارىۋات ياساپ، غۇلجىغا ئېلىپ ماڭىدۇ. پاتىگۇلنىڭ شور كارىۋىتى پايدىلىنىش ۋە داۋالىنىش ئۈنۈمى يۇقىرى، تەننەرخى مۇۋاپىق بولغاچقا بۇ كارىۋاتلارمۇ ناھايىتى تېزلا قولدىن چىقىدۇ.

يەنە نۇرغۇن زاكاس تالونلىرىنى ئېلىپ كۇچاغا قايتاي دەپ تۇرغاندا غۇلجىدىكى باشقا شور كاڭچىلار پاتى-

گۈلگە ھۇجۇم قىلىپ «پاتېنت ھوقۇقى ئالمىغان، سۈپەت تەكشۈرۈش ئىجازەتنامىسىمۇ يوق شوركالىڭ ياساپ بازارغا سېلىپسىز، ئۈستىڭىزدىن سوتقا ئەرز قىلىمىز» دەيدۇ. كۆپ ئوقۇيالمىغان دېھقان قىزى پاتىگۈل قورقۇپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە زاكاسلارنى قايتۇرۇۋېتىپ، بۇنىڭدىن كېيىن غۇلجىغا شوركالىڭ ئەكەلمەيمەن دەپ ھۆججەت يېزىپ بېرىپ قايتىپ كېلىدۇ.

پاتىگۈل كۇچا ۋە باشقا شەھەرلەرگە شوركالىڭ ياساپ خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلەۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تۇيۇقسىز كۇچادىكى دۇكىنىغا بىرقانچەيلەن كىرىپ «بىز ئاپتونوم رايونلۇق سوتتا ئىشلەيمىز، سىز ئىجازەتسىز شوركالىڭ ياساپ بازارغا سېلىپسىز، سىز 100 مىڭ يۈەن جەرىمانە تۆلەڭ» دەيدۇ. پاتىگۈل نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي يىغلاپ كېتىدۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىن قەتئىي ياسىماسلىققا ۋەدە بېرىپ ئۇلارغا يېلىنىدۇ. ئۇلار: «ئۇنداق بولسا بۇ شور كارىۋاتنى ياساش لايىھەڭىزنىمۇ تەپسىلىي يېزىڭ ھەم تىلخەت يېزىپ بېرىڭ...» دەيدۇ. پاتىگۈل ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پاتىگۈل شور كارىۋات ياساشتىن توختايدۇ. پاتىگۈل ئەسلىي بەكمۇ تەستە روياپقا چىقارغان بۇ ئىشنىڭ مۇشۇنداقلا ئاخىرلىشىپ قېلىشىنى ئويلىمىغان بولغاچقا ئېغىر غەمگە چۆكىدۇ. پاتىگۈلنىڭ ئاخىرى چىقماس غەم ـ ئەندىشە بىلەن نەچچە كۈن ئىچىدىلا ئورۇقلاپ قالغانلىقىنى كۆرگەن يولدىشى پاتىگۈلگە تەسەللى بېرىپ، «بولدى، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، دۇكاننى تاقاپ باللارغا قاراپ ئۆيدە ئولتۇرۇڭ، مەن ئەر بولغاندىن كېيىن سىلەرنى باقىمەن» دەيدۇ.

بىر ئۇبدان باشلانغان ئىشنىڭ تۇيۇقسىز توختاپ قېلىشى پاتىگۈلنى ئازابلايدۇ، لېكىن قانداق قىلىپ ئىجازەت ئېلىشنى، يول تېپىشنى بىلمەي، دۇكىنىدىكى ئىككى شور كارىۋاتتا خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ. «مەنمۇ بىر ئايال، ئوخشاشلا گۈزەللىكنى سۆيىمەن، چىرايلىق ئۆيلۈم بولسا، باللىرىمنى ھېچنېمىگە موھتاج قىلماي ياخشى تەربىيەلەپ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتسام دەپ ئويلايتتىم. مەن ھەرگىز دېھقاننىڭ بالىسى دېھقان بولىدۇ دېگەن گەپكە ئىشەنمەيمەن. مەن چوقۇم تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىمەن، غۇربەتچىلىكتە ئۆتمەيمەن، مەنمۇ ئوخشاشلا بىر ئادەمغۇ!؟ باشقىلار قىلغاننى مەن نېمىشقا قىلالمايمەن، بۇ يولنى قانداق ئاچسام بولار؟! ماڭا يول كۆرسىتىدىغان بىلىملىك ئادەمدىن بىرى بولغان بولسا ـ ھە!» دېگەندەك ئاخىرى چىقماس خىياللار بىلەن كۈننى تۈنگە ئۇلاپ ئۆتىدۇ.

دەل شۇ كۈنلەردە، 2009 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قىشلىق تەتىل مەزگىلى خىزمەتدىشىم ھەم دوستۇم گۆھەر شور كارىۋاتقا چۈشۈپ، ھوردىنىپ كېلەيلى دەپ مۇشۇ دۇكانغا باشلاپ باردى. پاتىگۈل بىزنىڭ ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ، ناھايىتى قىزغىن كۈتۈپ ئەلا مۇلازىمەت قىلدى. پاتىگۈل ئايۇپنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى ئاڭلاپ بەكمۇ ھېسداشلىق قىلدىم، شۇنداقلا جاسارىتىگە ئاپىرىن ئېيتتىم. مەن پاتىگۈلگە پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسەتلىرىنى چۈشەندۈرگەچ، قانۇندىن چۈشەنچە بەردىم، دەرھال كۇچا ناھىيەلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى تۇرسۇنئاي خانىمغا تېلېفون قىلدىم. تۇرسۇنئاي مۇدىر دەرھال كېلىپ، دۇكاننى كۆردى ۋە پاتىگۈلدىن بۇ شور كارىۋاتنى ياساش ۋە سېتىش جەريانىدىكى قىسمەت ۋە توسالغۇلار ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ، دەرھال ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئاياللار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورنىغا بېرىپ، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى ئىزدەپ، پاتېنت ھوقۇقى ئېلىش ھەققىدە يول كۆرسەتتى.

مەن يەنە كۇچا ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، تونۇلغان يازغۇچى، ئەلسۆيەر مائارىپچى ئەخمەت كېبىر ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ باردىم. ئەخمەت كېبىر نۇرغۇن يوللارنى كۆرسەتتى، مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرگە تېلېفون قىلىپ تونۇشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن پاتىگۈل ئايۇپ دەرھال پاتېنت ھوقۇقى ئېلىشقا ئىلتىماس قىلىش ئىشىنى باشلىۋەتتى. بۇ جەرياندا مەنمۇ پاتىگۈل قاچان ئىزدىسە شۇ زامان قولۇمدىن كېلىدىغان ياردىمىمنى ئايىمىدىم. 2011 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى پاتىگۈلنىڭ كىچىك دۇكىنىدا مۇخبىر ئۇ كەشىپ قىلغان شور كارىۋاتنى كۆردى ۋە كارىۋاتتىكى كۆرپىنى قايرىپ ئاستىغا قۇم توپا قاچىلانغانلىقىنى كۆردى. پاتىگۈل ئۇنىڭ ئىچىدىكىسىنىڭ يەرلىك شور بىلەن ئىسسىقلىق دورىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، ئوتتۇرىسىدا يەنە توك سىملىرى بار ئىدى. كارىۋاتنىڭ توك مەنبەسىنى چاتسا كارىۋاتتىكى شور بىلەن تەكشى ئارىلاشتۇرۇلغان ئىسسىقلىق دورا ئاستا ـ ئاستا قىزىپ، كارىۋاتتا ياتقان ئادەمنىڭ تېنىدىكى سوغۇقلۇقنى تارتىپ، بەدەندىن تەر ئاقاتتى. شۇ ئارقىلىق بەدەندىكى سوغۇق، ھۆللۈكنى يوقىتىپ، زەھەرنى چىقىرىپ تاشلاش ئۈنۈمىگە يەتكىلى بولىدۇ. ئۇزاق مۇددەت ئىشلەتكەندە بەل ئۇمۇرتقا كېسىلى ۋە بىر قىسىم ئاياللار كېسەللىرىنى داۋالاش ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

كۇچا ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى جۇڭيىچە داۋالاش بۆلۈمىنىڭ مۇتەخەسسىسى چېن جىيەنگو: «قىزدىتىلغاندىن كېيىنكى شور تۇز ياكى يېمەكلىك تۇزى بەدەننىڭ ھەر قايسى جايلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، قان ـ تومۇرنى راۋانلاشتۇرۇپ، بوغۇملارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بەدەندىكى سوغۇقنى ھەيدەش ئۈنۈمى بار. بولۇپمۇ بوغۇم ياللۇغىنى داۋالاشتا، بەل ئومۇرتقا كېسەللىكىنى داۋالاشتا داۋالاش ئۈنۈمى ئىنتايىن ياخشى. پاتىگۈل ئايۇپ شور كارىۋات، شور كۆرپىسى شور تۇزنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىدىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلانغان، بۇ ئەقىل ھەتتا مېنىڭمۇ كاللامغا كەلمەپتۇ. بۇ كارىۋات بىزنىڭ بۆلۈمگە بەك ماس كېلىدۇ، بۇ ئۇيغۇر قىزنىڭ كەشپىياتى قالتىس كەشپىيات بوپتۇ» دەپ ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى.



پاتىگۈلنىڭ ئېرىشكەن پاتېنت ھوقۇقى كىنىشكىسى

پاتىگۈل ئايۇپنىڭ «پاتىگۈل شور كارىۋات، شور كۆرپە» پاتېنت ھوقۇقى چىقتى. «پاتىگۈل شوركالى، شور كۆرپە خانىم ـ قىزلار ھورداقخانىسى»نىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئالدىن ئىشلىنىپ بولغاچقا ئىشقا كىرىشتى. ئالىبۇرۇن ئىشلىتىپ پايدىسىنى كۆرگەن خېرىدارلار تەرەپ ـ تەرەپتىن زاكاس قىلدۇردى. قازاقىستاندىن «پاتېنت ھوقۇقىڭىز كەلگەن ھامان 500 كارىۋاتنى زاكاس قىلدۇرىمەن» دېگەن خوجايىن مانا ئەمدى ئالدىراتقىلى تۇردى. غۇلجا، قاراماي، تۇرپان، پوسكام، ئۈرۈمچىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن تېلېفون كېلىپ مال زاكاس قىلدۇردى. توردا مەخسۇس سېتىش دۇكىنى ئاچتى.

غەم ـ قايغۇلىرى خۇشلۇققا ئايلىنىپ دادىل يول ئېچىپ مۇشكۈللەرنى يەڭگەن پاتىگۈلنىڭ كۆزلىرىدىن مەمنۇنىيەت ۋە غەلىبە ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى.

مەن پاتىگۈلنىڭ يېقىندىن بۇيانقى غەم ـ ئەندىشىسىنىمۇ، خۇشلۇقىنى بىلىپ كەلگەچكە ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىغا قايىل بولغان ھالدا:

— پاتىگۈل، بىر دېھقان قىزى تۇرۇپ زور كەشپىيات ياراتتىڭىز، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانداق ئارزۇيىڭىز بار؟ — دەپ سورىدىم.

— ئىلگىرى تۇرمۇشۇم غۇربەتچىلىكتە ناھايىتى جاپالىق ئۆتكەن ئىدى. مۇشۇ يېشىمغىچە تارتقان جاپالىرىم بەك كۆپ، ئەمدى يول تاپتىم. بولۇپمۇ بىزدەك ئاياللارغا سىياسەت كەڭرىكەن. ماڭا نۇرغۇن كىشىلەر ياردەم قىلدى. سىلىمۇ ماڭا جىق مەسلىھەت بەردىلە ۋە يول كۆرسەتتىلە، سىلىگىمۇ تەشەككۈرۈم بەكمۇ چوڭقۇر، مەن بۇندىن كېيىن دۇكاننى ياخشى باشقۇرۇپ شىركەتكە ئايلاندۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ شور كارىۋاتتا داۋالىنىش ئىمكانىيىتى ھازىرلىسام؛ يۇرتىمىزدا ئوقۇش پۈتكۈزۈپ خىزمەت كۈتۈۋاتقان قىزلار بەك كۆپ، ئەگەر ئۇلار خالىسىلا شۇلارنى كۆپلەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەش يولىغا يېتەكلىسەم دەيمەن. يەنە مەن كۆپ ئوقۇيالمىغان، شۇڭا بىر تەرەپتىن ئۆزۈم خەنزۇتىلى ۋە كومپيۇتېر بىلىملىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە بالامنى ياخشى ئوقۇتسام ھەمدە ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇشسىز قالغان ياشلارنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشىغا ياردەم بەرسەم دەيمەن؛ يېزىلاردىكى خىلمۇ خىل ئاياللار كېسىلى تۈپەيلىدىن داۋالىنالماي ئىڭراپ ياتقان بىمارلارغا قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلسام؛ مۇشۇ ئىشىمنى رەتكە سېلىۋالغاندىن كېيىن ئۇۋۇلاپ داۋالاش كەسپى بويىچە سىستېمىلىق مەكتەپكە بېرىپ بىلىم ئېلىش ئارزۇيۇم بار، يولدىشىممۇ مېنى بەك قوللايدۇ، بۇ ھاياتىمدا ئالىي مەكتەپتە بىلىم ئېلىش ئارزۇيۇمغا يەتمەي تۇرۇپ بۇ كۆڭلۈم تىنچىمايدىغان ئوخشايدۇ.

پاتىگۈلگە قاراپ قايىللىقىمدا بېشىمنى لىڭشىتتىم، پاتىگۈل ھەقىقەتەن سەممىي ۋە تىنىم تاپماس ئايال ئىدى. ئىشىنىمەنكى ئەتراپىمىزدا پاتىگۈلدەك ئەنە شۇنداق قولى گۈل ئاياللار ئىنتايىن كۆپ. پەقەت ئىرادە ۋە ئازراق تەۋەككۈلچىلىك روھى بولسىلا تېخىمۇ كۆپ ئاياللار ئۆزى ۋە ئەتراپىدىكىلەر ئۈچۈن نۇرلۇق يوللارنى ھازىرلاپ بېرەلەيدۇ.

ئاپتور: كۇچا ناھىيە ئوچا ئوتتۇرا مەكتەپتە



# نەسىرلەر





ۋاڭ گوجىن

رېھىم يۇسۇپ تەرجىمىسى

## ئانامنى سۆيىمەن

مەن يېشىل يوپۇرماقنى سۆيىمەن، مەن قىزىل گۈلنى سۆيىمەن، مەن يېشىل يوپۇرماق بىلەن قىزىل گۈلدىنمۇ گۈزەل بولغان ئانامنى تېخىمۇ سۆيىمەن.

مەن كېپىنەكنى سۆيىمەن، مەن ھەسەل ھەرىسىنى سۆيىمەن، مەن كېپىنەك بىلەن ھەسەل ھەرىسىدىنمۇ ئىشچان بولغان ئانامنى سۆيىمەن.

مەن باھار شامىلىنى سۆيىمەن، مەن رەڭدار شەپەقنى سۆيىمەن، مەن باھار شاملى بىلەن رەڭدار شەپەقتىنمۇ سۆيۈملۈك بولغان ئانامنى سۆيىمەن.

## ئىجتىمائىي كەيپىيات توغرىسىدا

ھەشەمەتچىلىك ئەۋج ئالغاندا، تېجەشچانلىق مەسخىرىگە ئۇچرايدۇ. مۇبالىغە قىلىش ئەۋج ئالغاندا، ئەمەلىي ئىشلەش مەسخىرىگە ئۇچرايدۇ. ئۆزىنى كۆزلەش ئەۋج ئالغاندا، باشقىلار ئۈچۈن ئىشلەش مەسخىرىگە ئۇچرايدۇ. نورمالسىزلىق ــ نورمال ئىش ھېسابلانسا، ئۇ چاغدا، نورمال ئىش نورمالسىز ئىش بولۇپ قالىدۇ. تۇرمۇشنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئەڭ ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي كەيپىياتنى توغرىلاش كېرەك. قالغان ئىشلار ئىككىنچى ئورۇندىكى ئىشلاردۇر. ئىجتىمائىي كەيپىيات ياخشى بولمىسا، گەرچە كىيىدىغانغا كىيىم، يەيدىغانغا ئېسىل نازۇ نېمەتلەر بولغان تەقدىردىمۇ، ئادەم ھامان دائىم ئەنسىزلىك ئىچىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئەگەر ئىجتىمائىي كەيپىيات ياخشى بولسا، يېگەن ـ ئىچكەنلىرىمىز غورىگىل بولغان تەقدىردىمۇ، تەبىئىي، خاتىرجەم ياشىيالايمىز.

باياشاتلىقتا ئادەم راھەت ياشايدۇ، ئەمما، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئىچىدە ياخشى ياشىشى ناتايىن. بىر ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات بولغاندا، كىشىلەر ئاندىن خۇشال، بەھۇزۇر ئىشلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ.

ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن قانۇنچىلىقنى ئەستايىدىل يولغا قويۇش كېرەك.

ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بەرپا قىلىشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش كېرەك. بۇ خىل تەشەببۇس قىلىشتا بىردەملىك قىزغىنلىق بىلەن توختاپ قالماستىن، بەلكى، بوشاشماستىن، ئۈزۈلدۈرمەي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك.

ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ بەرپا قىلىنىشى ــ يەنە مائارىپنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە باغلىق. شۇنداق قىلغاندىلا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدىغان ئادەملەر ئاز بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي كەيپىياتمۇ زور دەرىجىدە ياخشىلىنىدۇ.

ئىجتىمائىي كەيپىيات ياخشى بولمىسا، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت سوغوق ۋە جىددىي بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتقا چىن كۆڭلىدىن تەشنا بولىدۇ.



## مېنى سۆيىمەن دېمە

ئېچىلىپ پۇشۇپ زېرىككەندە، سەن مېنى يادىڭغا ئالامسەن؟

تەنھا بولۇپ قالغىنىڭدا، سەن ماڭا يېقىنلىشامسەن؟

ئەگەر راستىنلا مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا، مەن نېمىگە ئايلىنىپ قالغان بولىمەن؟

مەندىن مەھرۇم بولغاندا، سەن مېنى قەدىرلەمسەن؟

ئازاب ـ ئوقۇبەت چەككەندە، سەن مېنى ئەسلەمسەن؟

ئەگەر راستىنلا مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا، مەن نېمىگە ئايلىنىپ قالغان بولىمەن؟

مېنى سۆيىمەن دېمە، ئەمەلىيەتتە سەن مۇھەببەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايسەن.

## كىشىلىك تۇرمۇش توغرىسىدا

كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ يۈكى يەڭگىل ئەمەس. كىشىلىك تۇرمۇش ناھايىتى ئېغىر بىر يۈك. بىز كۆڭلۈك بىلەن بېشىمىزغا تاراسلاپ چۈشۈۋاتقان يامغۇرنى توسۇشىمىز كېرەك. بىز يەنە كۆزىمىز بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرغان ئاسماننى كۆرۈشىمىز كېرەك.

بىز ھامان ئالدىراپ ـ سالدىراپلا يولغا چىقىمىز، يەنە تېخى ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان مۇھەببەتنى ئۆشنىمىزگە ئارتىمىز.

كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ تۆت پەسلى دائىم باھار بولمايدۇ.

كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەممە يېرى گۈل ـ چېچەككە پۈركەنگەن بولمايدۇ، بۇ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەسرەت ـ نادامىتى ئەمەس، بەلكى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ سېھرىي كۈچىدۇر.

مەن كىشىلىك تۇرمۇشنى سۆيىمەن، چۈنكى، ئۇنىڭدا باھار، ياز، كۈز ۋە قىشتىن ئىبارەت تۆت پەسىل بولىدۇ.

## ئەتە بولسىلا

ياشلىق باھارىم بولسىلا، مەن ھەسرەت چەكمەيمەن. قاراڭغۇ تۈن ھەممە نەرسەمنى يۇتۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، قۇياش يەنىلا يېڭىباشتىن چىقىۋېرىدۇ.

ھاياتىم بولسىلا، مەن ھەسرەت چەكمەيمەن. كۆز يەتكۈسىز قۇم بارخانلىرى ئىچىگە پېتىپ قالغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئۈمىد بوستانلىقىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

ئەتە بولسىلا، مەن ھەسرەت چەكمەيمەن، قىلىن

قارلار ئاستا ـ ئاستا ئېرىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا باھار گۈلدۈرمامىسى ھەيۋەت بىلەن يېتىپ كېلىدۇ.

## ئۆزگىرىش توغرىسىدا

كەمبەغەل ئۆز قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشنىڭ كويىدا بولسا، بىر كەمبەغەل دۆلەتتە ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزگىرىشنى ھىمايە قىلىشى كۆپ ھاللاردا ئانچە قىيىنغا چۈشمەيدۇ. ھەتتا كىشىلەر قەلبىگە ياقىدۇ. ھېچ نەرسىسى يوق ئادەم ھېچ نەرسىدىن قورقمايدۇ، ئاز ـ تولا بىر نەرسىسى بار كىشىلەردىمۇ تەپتارتىش، ئەيمىنىش پسىخىكىسى ئانچە كۈچلۈك بولمايدۇ. ئۆزگىرىشتىكى توسالغۇ كۈچى ئاساسلىقى ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىگۈچىلەر بىلەن كونا ئەنئەنىگە ئېسىلۇۋالغۇچىلاردىن كېلىدۇ. مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ئۆزگىرىش كۆپ سانلىق كىشىلەرنى تېخىمۇ ياخشى كۈنگە ئىگە قىلىدۇ. ئەمما، ئۆزگىرىش قىسمەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشنى ئىلگىرىكىگە يەتمەيدىغان، ھېچ بولمىغاندا، ئىلگىرىكىدەك ئەركىن، ئىختىيارىي ياشىيالمايدىغان قىلىپ قويۇشى مۇمكىن.

تارىخى قانچە ئۇزۇن بولغان دۆلەت ئۆزگىرىشكە شۇنچە موھتاج. چۈنكى ئۇنىڭدا كونا نەرسىلەر بەك كۆپ بولىدۇ، تارىخى قانچە ئۇزۇن بولغان دۆلەتنىڭ ئۆزگىرىشى شۇنچە قىيىن بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا ئادەت كۈچلىرى ناھايىتى كۈچلۈك. بۇنداق بولغاندا، ئۆزگىرىش ياسىمىغان دۆلەتتە يېڭى بىر ھاياتىي كۈچ كەم بولغاچقا، ئۇنداق دۆلەت ئاجىزلاپ كېتىدۇ. ھالبۇكى، بەك كۈچلۈك ئۆزگىرىش قىلغاندا، ئاسانلا ئادەت كۈچلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، ئۆزگىرىشنىڭ ئىستىقبالى تۈيۈق يولغا كىرىپ قالىدۇ. بۇ ئىگىلەش قىيىن بولغان بىر سەنئەت. ئۇ بۈيۈك سەنئەتكارغا موھتاج. كۈچلۈك شەخسلەرنىڭ ئۆزگىرىشنى قوللىشى، ئۆزگىرىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا نىسبەتەن ناھايىتى پايدىلىق بولغان شارائىتتۇر. بۇنداق شارائىتتا ئۆزگىرىش ساغلام تەرەققىي قىلالايدۇ. بەزى خاتالىقلار سادىر بولغان تەقدىردىمۇ، ۋەزىيەت تىزگىنلىگىلى بولمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالمايدۇ. ئۆزگىرىشتە ۋەزىيەتنى تىزگىنلىگىلى بولمايدىغان ئەھۋال يۈز بەرگەن ھامان، جەمئىيەتكە ئۇنىڭ خەۋپى يېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۈچلۈك نوپۇزلۇقلارنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولغاندا، ئۆزگىرىشنىڭ قەدىمى بىر ئاز چوڭراق ئېلىنىشى مۇمكىن. بولمىسا، ئۆزگىرىشنىڭ قەدىمىنى تېز ئەمەس، بەلكى تەمكىنلىك بىلەن ئېلىش كېرەك. تەمكىنلىك، ئۆزگىرىشنى ئۈزلۈكسىز ۋە چوڭقۇر ئېلىپ بېرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، تارىخ ئېقى

مغا ماسلاشقان ئۆزگىرىش بىرخىل مۇقەررەرلىكتۇر. بۇ نۇقتا توغرىسىدا بېكون (ئەنگلىيەلىك پەيلاسوپ — تەرجىماندىن) مۇنداق مېغىزلىق بىر جۈملە سۆزنى دېگەنىدى: «ئەگەر — ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرمەي، جاھىللىق بىلەن كونىلىققا ئېسىلىۋېلىشنىڭ ئۆزى مالىمانچىلىقنىڭ مەنبەسىدۇر.»

مۇتلەق كۆپ ساندىكى يۇقىرىلارنىڭ ئۆزگىرىشنى قوللىشىدىكى سەۋەب — ئۇلار ئۆزگىرىش ئىچىدىن نەپكە ئىگە بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەگەر ئۆزگىرىش ئۇزۇن مۇددەت ئۇلارغا نەپ ئەمەس، بەلكى زىيان ئېلىپ كېلىدىكەن، ئۇ چاغدا، ئۆزگىرىشنىڭ قوللىغۇچىلىرى كېيىنچە ئۆزگىرىشنىڭ كۈزەتكۈچىسى ياكى قارشى تۇرغۇچىلىرىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ دېگىنىمىز — ئۆزگىرىشتە خاتالىق كۆرۈلمەيدۇ ئەمەس، بەلكى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈزلۈكسىز خاتالىق ئۆتكۈزمەسلىك، بولۇپمۇ چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزمەسلىك كېرەك دېگەنلىكتۇر. يۇقىرىلارنىڭ ئۆزگىرىشكە تۇتقان پوزىتسىيەسىگە قاراپ، ئۆزگىرىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ـ بولمىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر پادىشاھ ئالېكساندىر(ئىسكەندەر) جان ئۈزۈش ئالدىدا قول ئاستىدىكىلەر ئۇنىڭدىن: — ئورنىڭىزغا كىم ۋارىسلىق قىلسا بولىدۇ، — دەپ سورىغاندا، ئۇ «ئەڭ قابىللار» دەپ جىڭدا توختايدىغان ناھايىتى قىسقا بىر جۈملە سۆزنى قىلغان. ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان دەۋر — قەھرىمان، سەركەردىلەر كۆپلەپ مەيدانغا چىقىدىغان دەۋر. مۇشۇ دەۋرنىڭ ھەر قايسى سەپلىرىدە ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىپ، نى ـ نى ئىشلارنى تەۋرىتىۋاتقانلار مۇقەررەركى، «ئەڭ قابىللار» دۇر.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2011 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ۋاڭ گوجېن ئەسەرلىرى توپلىمى»دىن تەرجىمە قىلىندى.

ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتىدا

(بېشى 112 ـ بەتتە)

يۇقتۇرۇپ كىشى يىرگەنگۈدەك ئىپلاسلىق بەدىلىگە باي بولۇشتىن ئىبارەت شېرىن چۈشنى رېئاللىققا ئايلاندۇرماقتا. نەزەرىمىزدىن چەتتە قالمىغىنىدا بىز ئاڭلاۋاتقان نارەسىدە باللارنى، سەبىي قىزلىرىمىزنى ئالداپ سېتىش قىلمىشلىرى، لەنىتى ئاق ئالۋاستىنى تارقىتىپ، تالاي نەۋقىران يىگىت، ھۆر قىزلىرىمىزنىڭ جېنىغا زامىن بولۇش ھېسابىغا چۆنتىكىنى تولدۇرۇۋاتقان مەلئۇنلار ھەققىدىكى ھېكايىلەر سەبىي باللىرىمىزنىڭ قەلبىدە ئۆچمەنلىكنىڭ يالقۇنلىرىنى كۆچەيتىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇلار ناھايىتى ئاز نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا نوقۇل پۇل تېپىشنىلا كۆزلەپ ياكى ئېستېتىك زوق بېرىشنىلا ئاساس قىلىپ ھەر خىل فىلىملەرنى ياكى پىلاستىنكا، كىتابلارنى نەشر قىلغاندا باللىرىمىزنىڭ گۆدەك قەلبىگە ئۆچمەنلىك بىخلىرىنى ئۆستۈرۈپ قويۇشىمىز، ھەتتا ھەممە نەرسىدىن گۇمانلىنىدىغان بىنورمال پسىخىكىنى شەكىللەندۈرۈپ قويۇشىمىز مۇمكىن. بۇ ھەقتە كىچىككىنە بىر مىسالنى قىستۇرۇپ قويۇشنى لايىق تاپتىم. بىر ئوقۇغۇچۇم مۇنداق بىر سوئالنى سوراپ قالدى: «مۇئەللىم، بىز ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقى يوق مىللەتمۇ؟ نۇرغۇن ماقالىلەرنى ئوقۇسام ساپلا ئىللەتلىرىمىز توغرىسىدىكى تەنقىدلەر بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ». مۇشۇ سوئالدىنلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بىزدە ھەقىقەتەن تەنقىد خاھىشى ئېغىر. چۈنكى بىزنىڭ ھازىرقى خاراكتېرىمىزدە ياخشى ئىشلارغا قارىغاندا ناچار ئىشلارغا نىسبەتەن مايىللىق كۈچلۈك ھەم قوبۇل قىلىشىمۇ شۇنچە تېز. رېئاللىقىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ھەممىمىزدە تېپىلىدىغان ئورتاق خاراكتېر بىر ئىشقا ئۇچاي ھاياجانلىنىپ، ئاق ـ قارىنى سۈرۈشتە قىلمايلا باھا بېرىۋېتىمىز، ھەم ئورتاق ھالدا شۇ نەرسىنى ياكى ئادەمنى يوققا چىقىرىمىز. شۇ سەۋەبتىن بىز كۆرگەن، ياكى بىلگەن كىچىككىنە سەۋەنلىكمۇ يوغىناپ، ئاممىۋى سورۇنلاردا غەيۋەت تېمىسى، ئەدەبىي ئەسەرلەردە پاش قىلىش ماتېرىيالى بولۇپ قالىدۇ. ئاخىرى بىر پۈتۈن مىللەت مىقياسىدا ئومۇمىي ئۆچمەنلىكنى پەيدا قىلىدۇ. نۆۋەتتە كەلگەندە ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسى يوق قەلبدە ھەرقانداق جىنايەتنىڭ بىخلىرى ئۆسۈپ يېتىلىشى مۇمكىن. شۇڭا باللىرىمىزدا ئۆز تارىخىدىن، مىللىتىدىن ئىپتىخارلىنىدىغان، كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئۈمىد بىلەن قارىيالايدىغان ساغلام پسىخىك ھالەتنى يېتىلدۈرۈشكە ئۇل سېلىش بىز ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ بۇرچى. بۇ بۇرچنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئىنكارچىلىقتىن ساقلىنىپ، تارىخىمىزنىڭ نۇرانە تەرەپلىرىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمايلى. مەردلىك، سېخىلىق، كەڭ قوللۇقتەك كەم تېپىلىدىغان ئېسىل خىسلەتلىرى بىلەن تارىختا ئۆز قىممىتىنى كۆككە كۆتۈرەلىگەن بايلىرىمىزنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرمەيلى.

ئاپتور: ئونسۇ ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە




**龟兹文化**

综合性期刊

2012年第4期(共第31期)

# 目录

## 龟兹学研究

德国人红石窟研究现状综述……………………晁华山 著；台来提·乌布力 译 4
浅谈古龟兹国发行的铜钱……………………买买提·达吾提 译 64

## 龟兹词典

关于历史学家、诗人——买买提明·巴依孜……………………卡哈尔·尼亚孜 17
浅谈比西巴格乡有些地名……………………凯赛尔·克比尔 19
浅谈龟兹老过渡搭建的几座大桥……………………图尼亚孜·伊明 95

## 历史之言

突厥诸民族史诗中的远征母题探析……………………米热班·尼亚孜 22
维吾尔族桌布文化……………………曼苏尔江·图尔逊 97
有关帕里塔洪老爷的故事……………………阿卜杜热依甫·尼亚孜 102

## 小说之窗

橘叶……………………图尔逊·阿卜杜拉 27
做客……………………阿布力克木·萨比尔 32
爱情，你有什么答复……………………艾则孜·依米尔 69

## 花 束

男人，世世代代流淌着……………………艾合买提江·图热甫 34
格则勒……………………穆罕默德·克尤木 36
宁静街头归我一人……………………艾则孜·纳曼 36
也许流在我眼里……………………阿拉依丁·阿布都热西提 37
凯麦尔之声……………………阿提凯姆·斯迪克 39
光芒沐浴清晨的唇……………………艾克热木·阿布都米吉提 40
一个人的孤独……………………阿巴拜克热·托合提 79
月亮照下的夜晚里……………………阿尔祖古丽·买买提 81
诗是我的飞翔……………………艾克拜尔·伊玛木 82
我心中的千年河……………………阿里木江·卡斯木 84

## 文人茶馆

乡土与维吾尔乡土小说……………………努尔买买提·艾买尔 42
维吾尔网络文学的主体与客体……………………阿不都艾海提·阿不都热西提 56

## 碑 铭

恩师，一路走好，我们不会忘记您的……………………热依汗古丽·达格 76

## 窗 口

女文人聚会留下的美丽回忆……………………阿尼克孜·艾则孜 85

## 微 风

街上的愿望……………………阿卜杜艾尼·赛丁 105
被埋没的感觉……………………阿卜杜艾海提·达吾提 107
散文……………………米热班·米吉提 108

## 我们的星星

献身于食品安全研究的青春……………………94

## 杨树下的话题

我们为何恨他们……………………阿曼古丽·艾力 110

## 岁月与故事

富有创造力的农民之女……………………帕夏古丽·斯马依力 113

## 桥 梁

散文……………………汪国真 著；热依木·玉素甫 译 117

封面：热烈祝贺民间艺人、妙手琴师克比尔·帖木儿先生诞生80周年

克尤木·卡德尔 摄

**主管单位：**
中共库车县委宣传部

**主办单位：**
库车县文学艺术界联合会
库车县文体局

**编辑出版：**
《龟兹文化》杂志编辑部

**顾 问：**
库尔班·马木提、卡哈尔·尼亚孜、台来提·乌布力、艾尔肯·努尔、阿力木·哈力丁

**编委会主任：**
玉素甫江·买买提

**编委会副主任：**
阿达来提·阿布都热西提
张文远
努尔阿里木·买买提

**编 委：**
阿布力克木·艾拜都拉、阿布都拉·穆罕默德·尔坦、阿尼瓦尔·阿不都热扎克、艾合买提·克比尔、艾海提·达吾提、艾合买提·穆罕默德、帕提古丽·尼亚孜、台来提·乌布力、茹克亚·阿布都拉、克尤木·卡德尔、库尔班·达吾提·夏合迪、穆罕默德·艾合买提、穆罕默德·达吾提、尼亚孜·依明、纳斯尔丁·阿皮孜、吾斯曼·吾休尔

**主 编：**
阿达来提·阿布都热西提

**副主编：**
阿尼瓦尔·阿不都热扎克
克尤木·卡德尔
艾合买提·克比尔
艾海提·达吾提

**责任编辑：**
克尤木·卡德尔
阿尼瓦尔·阿不都热扎克

**编 辑：**
茹克亚·阿布都拉
帕提古丽·尼亚孜

**装帧设计：**
努尔买买提·艾买尔

**校 对：**
阿丽亚·热克普

新疆维吾尔自治区内部资料
(报刊型)准印证 0298/W 号

地址：库车县解放路工会大楼三楼
邮编：842000
电话：0997——7151109
电邮：zarina973@sohu.com

# يېڭى يىللىق سالام!






ئادالەت ئابدۇرېشىت



ئەنۋەر ئابدۇرازاق



قېيۇم قادىر



ئەخمەت كېبىر



ئەھەد داۋۇت



پاتىگۈل نىياز



رۇقىيە ئابدۇللا

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، سۆيۈملۈك ئوقۇرمەنلەر ۋە قەلبى ئاتەش ئاپتورلار! ھەممىڭلارغا يېڭى يىللىق سالام!

سۆيۈملۈك ھەمنەپەسلەر، بىز ئەڭ ئىزگۈ دەقىقىلەرنى سىلەر بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈشنى، ئەڭ ئەھمىيەتلىك مىنۇتلارنى سىلەرگە ئاتاشنى خالايمىز. قولۇڭلاردىكى ژۇرنالنىڭ ھەربىر بەت، ھەر بىر قۇرلىرىدا بىز سىلەر بىلەن ھەمسۆھبەتتىمىز. ياخشى ئەسەرلىرىڭلار پۈتكەندە بىزنى — «كۇسەن مەدەنىيەتى»نى ياد ئېتىڭلار. ياخشى ئەسەرلەرنى ئوقۇغۇڭلار كەلگەندە، «كۇسەن مەدەنىيتى»نى قولۇڭلارغا ئېلىڭلار. بىز ژۇرنال بەتلىرى ئارقىلىق سىلەرنىڭ مۇڭلانغان، شادلانغان دەملىرىڭلارغا سىڭىپ كەتسەك دەپ ئويلايمىز. بىز يەنە سىلەر بىلەن سىرداش، دىلداشلاردىن بولۇپ، ئەدەبىيات ئاشىنىلىقىدىن ھايات ئېقىنلىرىغا بىللە كىرىشنى ئىستەيمىز؛ ھاياتنىڭ جىمجىت سۈكۈتلىرىنى، قىرتاق ئاچچىقلىرىنى، تۈيدۇرماي كەلگەن تەقدىر كەچمىشلىرىنى جۇشقۇن روھىمىز، شاد كۆلكىلىرىمىز، غالىب ئىزلىرىمىز، ئۆتكۈر قەلىمىمىز بىلەن مەنىلەرگە ئىگە قىلىشنى ئارزۇ قىلىمىز. بۇ قىسقىغىنە ھاياتتا قەدىمىمىزدىن ئىز، قېنىمىزدىن روھ، جىسمىمىزدىن رەڭ قالسۇن! يېڭى بىر يىلدا ھەممەيلەننىڭ تېنىگە سالامەتلىك، تۇرمۇشىغا خاتىرجەملىك، قەلبىگە شادلىق تىلەيمىز!

— «كۇسەن مەدەنىيتى» ژۇرنىلى تەھرىراتىدىن



يۇرتىمىزنىڭ پەخرى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى يېزا ئىگىلىك سۈپەت
ئۆلچىمى ۋە تەكشۈرۈش تېخنىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى پەرھات قېيۇم


ش ئۇ ئا ر ئىچكى ماتېرىياللارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش ئىجازەت نومۇرى: (0298/W) ھەقسىز ئالماشتۇرۇلىدۇ
新疆维吾尔自治区内部资料（报刊型）准印证 0298/W 号　　免费交流